ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى

## (3- قىسىم)

الفرائد اللؤلوئية فى القواعد النحوية

كافية مع الشرح

(عربي أيغوري)

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى (3- قىسىم)
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى
(3- قىسىم)
الفرائد اللؤلوئية فى القواعد النحوية
كافية مع الشرح
(عربي أيغوري)
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

يەككە باھاسى: 21.00 يۇەن

ISBN 7-5372-3814-6
9 787537 238144

ISBN 7-5372-3814-6
(维文)定价(三套):69.00 元

# تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كافية لإبن حاجب مع الشرح

(عربي أيغوري)

# الفرائد اللؤ لوئية فى القواعد النحوية

## لسيد علوى ابن طاهر

(عربي أيغوري)

تأليف: عبد الأحد ابن امر قتلغ
أنور ابن على

حقوق الطبع محفوظة

دار النشر الشعبية الصحية بشنجيانغ

ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق
ئەنۋەر ئەلى

# ئەرەب تىلى گراماتىكىسى
## (3- قىسىم)

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目（CIP）数据**
阿拉伯语语法·下/阿不来提· 艾米尔等编著。
—乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2006.1
ISBN 7-5372-3814-6

Ⅰ.阿… Ⅱ.阿… Ⅲ. 阿拉伯语—语法
Ⅳ.H374

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 007449 号

责任编辑：哈斯亚提·伊不拉音
封面设计：玉苏甫江· 达吾提

# 阿拉伯语法（下）

（维吾尔文）

阿不来提·艾米尔
安尼瓦尔·艾力
编著

---

新 疆 人 民 出 卫 生 版 社 出 版
（乌鲁木齐市龙泉街 66 号 邮政编码：830001）
乌鲁木齐光彩印刷厂印刷
新疆新华书店发行
同心电脑服务中心排版
850×1168 毫米 32 开本 13 印张
2006 年 1 月第 1 版 2006 年 5 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000

---

ISBN7－5372－3814－6 定价（三套）:69.00 元

# كىرىش سۆز

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن. قولىڭىزدىكى ئۇشبۇ كىتاب بىر يۈرۈش ئالتە كىتابنىڭ بەشىنچىسى بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002- يىلى نەشر قىلىنغان «ئەرەب تىلى گىراماتىكا يېتەكچىسى» ناملىق كىتابقا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان «ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى <3> (شـــرح كافيـــة ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)»، «ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىدىكى يىگانە گۆھەر» (الفرائد اللؤلئية فى القواعد النحوية ئەرەبچە — ئۇيغۇرچە سوئال - جاۋاب) لىق كىتاب بولۇپ، ئۇ ئىسىمنىڭ تۈرلىرى، ئىسىمنىڭ رفـــع، نصـــب، جـــر لىنىڭ ھالەتلىرىدە كېلىشى؛ پېئىلنىڭ ھەرخىل شەكىللىرى، پېئىلنىڭ مرفوع، منصـــوب، مجـــزوم قاتارلىق ھالەتلىرىدە كېلىشى؛ ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرى قاتارلىق گىراماتىكىلىق مەزمۇنلار ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلگەن.

يۇقارقى كىتابلارنىڭ بىرىنچىسى «ئەرەب يېزىقىنى ئۆلچەملىك ئوقۇش قائىدىسى — تەجۋىد» (قاعدة بغدايـــة و جزء عم) بولۇپ، بۇ كىتابتا ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى، تاۋۇش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەلگىلىرى، تەجۋىد قاتارلىقلار تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ كىتاب ئەرەب يېزىقىنى ئۆلچەملىك ئوقۇش، تەلەپپۇز قىلىش ئارزۇيىڭىزنى رۇياپقا چىقىرىشتا ئاساسلىق رول ئوينىغۇسى.

ئىككىنچىسى «ئەرەب تىلى دەرسلىكى (دروس اللغة العربية لغير الناطقين بها)» ناملىق ئۈچ قىسىملىق مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى ئالىي مەكتەپ «Islamic university» نىڭ دەرسلىك كىتابى بولۇپ، ئۇ رەسىمگە قاراپ خەت تونۇش، تېكىست، جۈملە تۈزۈش مەشىقى، ئوقۇش - يېزىش مەشىقى، سۆزلۈك، گراماتىكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سىزنىڭ ئەرەبچە سۆزلىشىش ۋە ئەسەر تەرجىمە قىلىش قابىلىيىتىڭىزنى يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۈچىنچىسى «ئەرەب تىلى گراماتىكىسى <1>بولۇپ، مەزكۇر كىتاب 2001- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قىسقىچە ئەرەب تىلى گراماتىكىسى» ناملىق كىتابقا ئاساسەن، نەشرگە تەييارلانغان. ئۇ سۆزلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى (صرف ئەرەبچە — ئۇيغۇرچە سىلىشتۇرما)، پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى (معزى ئەرەبچە — ئۇيغۇرچە سىلىشتۇرما)، تاۋۇش بەلگىلىرى (حركات ئەرەبچە — ئۇيغۇرچە سىلىشتۇرما)، ئەرەب تىلى گراماتىكىسىدىكى ئاساسىي ئامىللار (تركيب عوامل

ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)، ئەرەب تىلى گراماتىكىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان (ضريرى ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)ۋە ئۇيغۇر تىلى گراماتىكا ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

تۆتىنچىسى بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002- يىلى نەشر قىلىنغان «ئەرەب تىلى گىراماتىكا يېتەكچىسى» نامىلىق كىتابقا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان«ئەرەب تىلى گراماتىكىسى <2> (شرح هداية النحو ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)»، ئەرەب تىلى گراماتىكىسىنىڭ قىسقارتىلمىسى (متن الأجرومي و شرح متن الأجرومي)، بىر قىسىم ئىسىمنى زېر قىلغۇچى ئامىللار (بقية حروف الجر) قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان كىتاب بولۇپ، ئۇ ئىسىمنىڭ تۈرلىرى، ئىسىمنىڭ رفع، نصب، جر لىك ھالەتلەردە كېلىشى: پېئىلنىڭ ھەرخىل شەكىللىرى، پېئىلنىڭ مرفوع، منصوب، مجزوم قاتارلىق ھالەتلەردە كېلىشى قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن بىرگە شۇنىڭدەك مەشىق، سوئال، بوش ئورۇن تولدۇرۇش، مۇلاھىزە، خۇلاسە قاتارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي شەرھلەنگەن.

ئالتىنچى: «قىسقىچە ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسى» (تلخيص) نامىلىق كىتاب بولۇپ، ئۇ علم المعانِي، علم البيانِ، علم البديعِ قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ بىر يۈرۈش كىتابلار ھازىرقى زامان ئەرەب تىلى ۋە كلاسسىك ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ياخشى دەرسلىك ماتېرىيالى بولالايدۇ. ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ يۇقىرىقى كىتابلارنىڭ ياردىمىدە ئەرەب تىلى ئاساسىي بىلىملىرىنى تېز سۈرئەتتە پىششىق ئۆگىنىۋېلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن ھەمدە كىتابتا سەۋەنلىك بايقالسا، تەنقىدىي تەكلىپ بېرىشلىرىنى قارشى ئالىمەن.

ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق

2006- يىلى 5 - ئاي

# مۆندەرجە


المقدمة ........................................ 1

1. الكلمة ........................................ 1

2. الكلام........................................ 4

3. الإعراب........................................ 10

4. جمع المؤنث السالم ........................................ 12

5. المثنى ........................................ 14

6. جَمع المذكرالسالم ........................................ 15

7. غيرُ المنصرف ........................................ 18

الباب الأول فى المرفوعات ........................................ 35

1. الفاعل ........................................ 35

1) تنازع الفعلين........................................ 39

2. مفعول ما لم يسم فاعله ........................................ 43

3، 4. المبتدأ والخبر........................................ 44

5. خبر إنّ واخواهما ........................................ 54

6. خبر لا التى لنفى الجنس ........................................ 54

7. إسم ما ولا المشبهتين بليس........................................ 55

الباب الثانى فى المنصوبات........................................ 56

1. المفعول المطلق........................................ 57

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1. المفعول المطلق ........................ 288
2. المفعول به ........................ 289
1) توابع المنادى........................ 289
2) ترخيم المنادى........................ 290
3) ما أضمر عامله........................ 290
4) التحذير ........................ 291
3. المفعول فيه ........................ 291
4. المفعول له ........................ 291
5. المفعول معه........................ 292
6. الحال........................ 292
7. التمييز........................ 292
8. المستثنى........................ 293
9. خبر كان واخواتها........................ 294
10. إسم إن وأخواتها........................ 294
11. المنصوب بلا التى لنفى الجنس........................ 294
12. خبرما ولا المشبهتين بليس........................ 295
الباب الثالث فى المجرورات........................ 296
الباب الرابع فى التوابع........................ 298
1. النعت ........................ 298
2. العطف بالحروف........................ 299
3. التاكيد ........................ 299
4. البدل........................ 300

5. عطف البيان ........................ 300
الباب الخامس فى المبنى ........................ 301
1. المضمر ........................ 301
2. أسماء الإشارة ........................ 302
3. الموصول ........................ 303
4. أسماء الأفعال ........................ 303
5. الأصوات ........................ 304
6. المركبات ........................ 304
7. الكنايات ........................ 304
8. الظروف ........................ 304
الباب السادس فى انوا ع الإسم ........................ 306
1. المعرفة والنكرة ........................ 306
2. العلم ........................ 306
3. النكرة ........................ 306
4. اسماء العدد ........................ 306
5،6. المذكر والمؤنث ........................ 307
7. المثنى ........................ 307
8. المجموع ........................ 308
9. المصدر ........................ 308
10. اسم الفاعل ........................ 309
11. اسم المفعول ........................ 309
12. الصفة المشبهة ........................ 309

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


الباب السابع فى الفعل ........................ 149

1. الماضى ........................ 149

2. المضارع ........................ 150

3. الأمر ........................ 156

4. فعل مالم يسم فاعله ........................ 156

5،6. الفعل على ضربين ........................ 157

7. أفعال القلوب ........................ 158

8. الأفعال الناقصة ........................ 159

9. أفعال المقاربة ........................ 161

10. فعل التعجب ........................ 161

11. أفعال المدح والذم ........................ 162

الباب الثامن فى الحروف ........................ 164

1. حروف الجر ........................ 164

2. الحر وف المشبهة بالفعل ........................ 166

3. الحروف العاطفة ........................ 169

4. حروف التنبيه ........................ 170

5. حروف النداء ........................ 170

6. حروف الإيجاب ........................ 170

7. حروف الزيادة ........................ 170

8. حرفا التفسير ........................ 171

9. حروف المصدر ........................ 171

10. حروف التحضيض ........................ 171

11. حرف التوقع........................................ 171
12. حرفا الإستفهام.................................... 171
13. حروف الشرط........................................ 172
14. حرف الردع......................................... 173
15. تاء التأنيث الساكنة................................ 173
16. التنوين............................................ 173
17. نون التاكيد........................................ 173
ئەزەلدىن مۇئەننەس ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئىسىملار........... 175
ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىدىكى يېگانە گۆھەر............ 179
الإعراب (بەلگە قوبۇل قىلىدىغان) ۋە البناء (بەلگە قوبۇل قىلمايدىغان ) سۆزلەر........................... 181
إعراب بەلگىلىرى ............................... 182
ئىسىملارنىڭ ھۆكۈملىرى ............................ 188
ئىش ـ ھەرىكەت پەيدا قىلغۇچى ئىسىم.................. 188
پائىلىنىڭ ئورنىغا دەسسىگۈچى ئىسىم................... 189
ئىگە ۋە خەۋەر..................................... 190
كان ۋە ئۇنىڭ تۇرىدىكىلەر.......................... 192
«إِنَّ» تىپىدىكى ھەرپلەر.......................... 193
ئىسىملارنىڭ نصب ئوقۇلۇشى .......................... 195
تولدۇرغۇچى .................................... 195
مۇتلەق تولدۇرغۇچى ............................... 197

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىت ۋە ئورۇن رەۋىشى ................................ 198
سەۋەب ـ مەقسەت تولدۇرغۇچىسى ........................ 199
بىللە كېلىش تولدۇرغۇچىسى ............................ 200
ھالەت ................................................... 200
پەرقلەندۈرگۈچى ......................................... 201
ئايرىغۇچى ................................................ 202
چاقىرىلغۇچى ............................................. 204
ظننت ۋە ئۇنىڭ تۈرىدىكىلەر ............................. 205
ئىسىملارنىڭ زىر ئوقۇلۇشى ............................. 207
ھەرپ بىلەن زىر قىلىنىدىغانلار ......................... 207
ئەلمۇزافۇ ئىلەيھى ....................................... 209
سۈپەت ................................................... 210
ئەتفە ھەرپلىرى .......................................... 210
تەكىت ................................................... 212
بەدەل .................................................... 213
بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ھۆكۈملىرى ..................... 214
پېئىللار ................................................. 217
پېئىللاردىن إعراب بېرىلگەن كېلىدىغان زامان
پېئىلى ................................................... 220
نصب قىلغۇچى ئامىللار ................................. 220
ساكىن قىلغۇچى ئامىللار ................................ 222
پېئىلنىڭ ئەمەلىنى قىلىدىغان ئىسىملار ................ 224

سۆز تومۇرى ........................................ 224
مصدرنىڭ ئىسمى ........................................ 226
ئىش ـ ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ ئىسمى ........................ 226
ئىش ـ ھەرىكەت قىلىنغۇچىنىڭ ئىسمى ...................... 228
مۇبالىغە ئىسىملار ........................................ 229
ئوخشاتما سۈپەت ........................................ 229
ئىسىم پېئىل ........................................ 230
رەۋىش، زىر قىلغۇچى ۋە زىر قىلىنغۇچى ........................ 231
ئاشۇرما سۈپەت ........................................ 232
ماختاش ۋە سۆكۈش پېئىللىرى ........................ 233
ئۆتۈملۈك، ئۆتۈمسىز ۋە ۋاستە پېئىللار ........................ 234
تۇرلىنىدىغان پېئىللار ۋە تۇرغۇن پېئىللار ........................ 236
جۇملە ۋە يېرىم جۇملە ........................................ 237
ھەرپىنىڭ مەنىلىرى ........................................ 240
ئەلىف ھەرپىنىڭ 29 شەكلى ........................ 240
«ب» ھەرپىنىڭ ئون خىل شەكلى ........................ 245
«ت» ھەرپىنىڭ ئىككى خىل شەكلى ........................ 246
«ث» ھەرپىنىڭ ئىككى خىل شەكلى ........................ 246
«ج» ھەرپىنىڭ ئىككى خىل شەكلى ........................ 246
«ح» ھەرپىنىڭ ئالتە خىل شەكلى ........................ 247
«خ» ھەرپىنىڭ بىر خىل شەكلى ........................ 248
«د» ھەرپىنىڭ بىر خىل شەكلى ........................ 248

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«ذ» ھەرپىنىڭ ئىككى خىل شەكلى ........................ 249
«ر» ھەرپىنىڭ ئىككى خىل شەكلى ........................ 249
«س» ھەرپىنىڭ بەش خىل شەكلى ........................ 249
«ع» ھەرپىنىڭ سەككىز خىل شەكلى ........................ 251
«غ» ھەرپىنىڭ بىر خىل شەكلى ........................ 252
«ف» ھەرپىنىڭ ئۈچ خىل شەكلى ........................ 253
«ق» ھەرپىنىڭ ئىككى خىل شەكلى ........................ 255
«ك» ھەرپىنىڭ ئون ئىككى خىل شەكلى ........................ 256
«ل» ھەرپىنىڭ ئون توققۇز خىل شەكلى ........................ 261
«م» ھەرپىنىڭ سەككىز خىل شەكلى ........................ 268
«ن» ھەرپىنىڭ تۆت خىل شەكلى ........................ 273
«ھ» ھەرپىنىڭ ئون ئىككى خىل شەكلى ........................ 274
«واو» ھەرپىنىڭ ئۈچ خىل شەكلى ........................ 277
«ا» ھەرپىنىڭ بىر خىل شەكلى ........................ 279
«ي» ھەرپىنىڭ بىر خىل شەكلى ........................ 279

# مضامين

المقدمة ........................ 281
1. الكلمة ........................ 281
2. الكلام........................ 281
3. الإعراب........................ 282
4. جمع المؤنث السالم ........................ 282
5. المثنى ........................ 282
6. جَمع المذكرالسالم ........................ 282
7. غيرُ المنصرف ........................ 282
الباب الأول فى المرفوعات ........................ 285
1. الفاعل ........................ 285
تنازع الفعلين........................ 285
2. مفعول ما لم يسم فاعله ........................ 286
3.، 4. المبتدأ والخبر........................ 286
5. خبر إنّ واخواتها ........................ 287
6. خبر لا التى لنفى الجنس ........................ 287
7. إسم ما ولا المشبهتين بليس ........................ 287
الباب الثانى فى المنصوبات........................ 288

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

2. المفعول به ........ 62
1) توابع المنادى ........ 65
2) ترخيم المنادى ........ 69
3) ما أضمر عامله ........ 73
4) التحذير ........ 77
3. المفعول فيه ........ 78
4. المفعول له ........ 79
5. المفعول معه ........ 80
6. الحال ........ 81
7. التمييز ........ 84
8. المستثنى ........ 87
9. خبركان واخواتها ........ 91
10. إسم إن وأخواتها ........ 93
11. المنصوب بلا التي لنفي الجنس ........ 93
12. خبرما ولا المشبهتين بليس ........ 96
الباب الثالث في المجرورات ........ 98
الباب الرابع في التوابع ........ 103
1. النعت ........ 103
2. العطف بالحروف ........ 106
3. التاكيد ........ 108
4. البدل ........ 109
5. عطف البيان ........ 111

الباب الخامس فى المبنى........................ 112
1. المضمر ........................ 113
2. أسماء الإشارة ........................ 118
3. الموصول........................ 119
4. أسماء الأفعال........................ 123
5. الأصوات........................ 124
6. المركبات ........................ 124
7. الكنايات ........................ 125
8. الظروف........................ 126
الباب السادس فى انوا ع الإسم ........................ 129
1. المعرفة والنكرة........................ 129
2. العلم ........................ 129
3. النكرة........................ 129
4. اسماء العدد ........................ 130
5،.6. المذكر والمؤنث ........................ 132
7. المثنى ........................ 134
8. المجموع........................ 135
9. المصدر ........................ 138
10. اسم الفاعل ........................ 139
11. اسم المفعول........................ 142
12. الصفة المشبهة ........................ 142
13. إسم التفضيل........................ 144

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

13. إسم التفضيل ........................................ 310
الباب السابع فى الفعل ........................................ 312
1. الماضى ........................................ 312
2. المضارع ........................................ 312
3. الأمر ........................................ 314
4. فعل مالم يسم فاعله ........................................ 314
5،6. الفعل على ضربين ........................................ 314
7. أفعال القلوب ........................................ 315
8. الأفعال الناقصة ........................................ 315
9. أفعال المقاربة ........................................ 316
10. فعل التعجب ........................................ 316
11. أفعال المدح والذم ........................................ 317
الباب الثامن فى الحروف ........................................ 318
1. حروف الجر ........................................ 318
2. الحر وف المشبهة بالفعل ........................................ 319
3. الحروف العاطفة ........................................ 320
4. حروف التنبه ........................................ 320
5. حروف النداء ........................................ 320
6. حروف الإيجاب ........................................ 320
7. حروف الزيادة ........................................ 320
8. حرفا التفسير ........................................ 321
9. حروف المصدر ........................................ 321

10. حروف التحضيض ........................ 321
11. حرف التوقع........................ 321
12. حرفا الإستفهام........................ 321
13. حروف الشرط........................ 321
14. حرف الردع........................ 322
15. تاء التأنيث الساكنة........................ 322
16. التنوين........................ 322
17. نون التاكيد ........................ 322
**الفرائد اللؤلؤية فى القواعد النحوية ........................ 325**
باب الإعراب والبناء ........................ 327
باب علامات الإعراب........................ 328
باب احكام الأسماء........................ 331
باب الفاعل ........................ 332
باب نائب الفاعل........................ 332
باب المبتدأ والخبر ........................ 333
باب كان وأخواتها ........................ 334
باب إنّ وأخواتها ........................ 335
باب منصوبات الأسماء........................ 335
باب المفعول به........................ 336
باب المفعول المطلق ........................ 337
باب ظرف الزمان وظرف المكان........................ 337
باب المفعول لأجله........................ 338

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باب المفعول معه ........................................ 339
باب الحال................................................. 339
باب التمييز ............................................. 340
باب المستثنى ........................................... 340
باب المنادى ............................................. 342
باب ظننت وأخواتها ................................... 342
باب مخفوضات الأسماء................................ 343
باب المخفوض بالحرف .............................. 344
باب المضاف إليه........................................ 345
باب النعت................................................. 346
باب العطف................................................ 346
باب التوكيد .............................................. 347
باب البدل ................................................. 348
بابٌ في بقيةٍ من أحكام الأسماء.................... 348
باب الأفعال............................................... 350
باب المعرب من الأفعال وهو الفعل المضارع........ 352
باب النواصب ............................................ 352
باب الجوازم.............................................. 353
باب الأسماء التي تعملُ عمل الفعل .................. 354
باب المصدر ............................................. 354

باب إسم المصدر........................................ 355
باب إسم الفاعل........................................ 356
باب إسم المفعول ........................................ 357
باب أسماء المبالغة........................................ 358
باب الصفة المشبهة........................................ 358
باب إسم الفعل ........................................ 359
باب الظرف والجار والمجرور ........................................ 359
باب أفعل التفضيل........................................ 360
باب أفعال المدح والذم ........................................ 361
باب الفعل المتعدي واللازم والواسطة ........................................ 361
باب الفعل المتصرف والجامد ........................................ 363
باب أحكام الجمل وشبهها ........................................ 363
باب الأدوات والحروف ونحوها ........................................ 365
حرف الألف و فيه تسع و عشرون كلمة........................................ 365
حرف الباء وفيه عشر كلمات........................................ 368
حرف التاء وفيه كلمتان........................................ 369
حرف الثاء وفيه كلمتان........................................ 369
حرف الجيم وفيه كلمتان........................................ 370
حرف الحاء وفيه ست كلمات ........................................ 370
حرف الخاء وفيه كلمة........................................ 371

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

حرف الدال وفيه كلمة ........................................ 371
حرف الذال وفيه كلمتان ........................................ 371
حرف الراء وفيه كلمتان ........................................ 372
حرف السين وفيه خمس كلمات ........................................ 372
حرف العين وفيه ثمان كلمات ........................................ 373
حرف الغين وفيه كلمة واحدة ........................................ 374
حرف الفاء وفيه ثلاث كلمات ........................................ 374
حرف القاف وفيه كلمتان ........................................ 375
حرف الكاف وفيه اثنا عشر كلمة ........................................ 376
حرف اللام وفيه تسعة عشر كلمة ........................................ 379
حرف الميم وفيه ثمان كلمات ........................................ 383
حرف النون وفيه أربع كلمات ........................................ 385
حرف الهاء وفيه اثنا عشر كلمة ........................................ 386
حرف الواو وفيه ثلاث كلمات ........................................ 387
حرف الألف وفيه كلمة واحدة ........................................ 388
حرف الياء وفيه كلمة واحدة ........................................ 389

# مۇقەددىمە

اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ

## 1. الكلمة

[الكلمة يەنى: سۆز — يالغۇز بىر مەنا ئۈچۈن بەلگىلەنگەن تەلەپپۇزدۇر]

ئىزاھات:

الكلمة ۋە الكلام ئىككىسىنىڭ يىلتىزى بىر بولۇپ، ك، ل، م ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن، لۇغەتتە: ‹جاراھەتلەندۈرمەك› دېگەن مەنىدە. الكلمة ۋە الكلام نىڭ ئىستىلاھ مەنىسى بولسا ئايرىم — ئايرىم ھالدا ‹سۆز› ۋە ‹جۈملە› دېگەن مەنىلەردەبولۇپ، ئۇلارنىڭ لۇغەت ۋە ئىستىلاھ مەنىلىرىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى قويۇقتۇر. چۈنكى، جراحات السنان لهاالتايام * ولايلتام ماجرح اللسان ‹تىغ يارىسى ساقىيار، دىل يارىسى ساقايماس› دېگەندەك، دىلنى تىغ ئەمەس، تىل يارا قىلىدۇ (جاراھەتلەندۈرىدۇ)، تىل دىلنى يالاپ ئەمەس - ‹سۆز›لەپ، زەھەردەك ‹جۈملىلەر› بىلەن ھاقارەتلەپ جاراھەتلەندۈرىدۇ... شۇ سەۋەبتىن، لۇغەت مەنىسى ‹جاراھەتلەندۈرمەك› دېگەن الكلمة ۋە الكلام نى ‹سۆز› ۋە ‹جۈملە› دېگەن گرامماتىكىلىق مەنىدە ئىستېمال قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



الكلمة دىكى (اَلْ) جىنس ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنى (ال)نىڭ باشقا تۈرلىرىدىن دېيىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ بۇ يەردە تونجى قېتىم تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. باشقا (ال) لەر ئىلگىرى تىلغا ئېلىنىش ئەھۋالىغا قارىتا ھەر خىل تەقسىملىنىدۇ. «(ال) جىنس ئۈچۈن» دېگەنلىك: الكلمة نىڭ ماھىيىتى (ھەقىقىتى) ئۈچۈن، دېگەنلىكتۇر، (يەنى گىراماتىكاشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشىدىكى ‹الكلمة› ئۆلچىمىگە توشىدىغان بارلىق ‹سۆز›لەر دېگەنلىكتۇر).

الكلمة دىكى ة بىرلىك ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ‹بىر دانە سۆز› دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئېھتىمال ئوقۇرمەن «بۇ قانداق گەپ؟» (ال)نى جىنس ئۈچۈن دېيىلىۋاتسا، بۇ (ة ) بىرلىك ئۈچۈن كەلسە ‹جىنس› ۋە ‹بىرلىك› قارىمۇ قارشى بولۇپ قالامدۇ؟ دېيىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ‹بىرلىك› بىلەن ‹جىنس› قارىمۇ قارشى ئەمەس، چۈنكى ‹جىنس› مەلۇم مىقدارغا قارىتىلمىغان بولۇپ، مەيلى بىر دانە بولسۇن، مەيلى نۇرغۇنلىغان بولسۇن، شۇ خىل نەرسىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ... شۇنداق ئىكەن، ئوقۇرمەن بۇ يەردە بىر دانە ‹سۆز›نى ياخشى بىلسە، قالغان بارلىق سۆزلەرنى مۇشۇ ئۆلچەمگە قىياس قىلىپ كېتەلەيدۇ.

**لفظ**: بۇ لۇغەتتە «تەلەپپۇز قىلىش يەنى ئېغىزدىن مەلۇم بىر خىل سۆزنى چىقىرىش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىستىلاھ ۋە لۇغەت مەنىلىرى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ بىر دانە سۆز بىلەن يېزىلمىش خەتلەر، ھەر خىل بەلگە ـ ئالامەتلەر ۋە ئىشارەتلەر... ‹سۆز› شەرتلىرىگە توشماي قالىدۇ، چۈنكى بۇلار تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ.

وضــــع لمعـــنى: بۇنىڭ بىلـەن مەنىسىز تەلەپپۇزلار «سۆز» دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

مفرد: بۇنىڭ بىلـەن المركب الامتزاجـــي دىن باشقا بارلىق مۇرەككەپ سۆزلەر چىقىپ كېتىدۇ.

مۇرەككەپ جۇملە بەش خىل بولىدۇ:

1. المركب الإسنادي
2. المركب الإمتزاجي
3 . المركب التعدادي
4 . المركب الإضافي
5. المركب التوصيفي

[بـۇلارنىڭ تەپسىلاتى المركبــــات ‹مۇرەككەپلەر› بابىدا كېلىدۇ].

[ئۇ كلمة ئىسىم، پېئىل ۋە ھەرپ دەپ ئۈچ قىسىم بولىدۇ].

ئىزاھات:

بـۇ يـەردىكى ‹ھـــەرپ› ئېلىپـــبە ھەرپـلىرى ( ا ب ت ...) ئەمەستۇر، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹قوشۇمچە› مەناسىدادۇر.

[چۈنكـى ئـۇ «سۆز» يـا ئۆزى مۇستەقىل بىـر مەنىگە ئىگە بولىدۇ ياكى بولمايدۇ، ئىككىنچىسى (مۇستەقىل مەنىگە ئىگە بولمايدىغىنى) «ھەرپ»تۇر، ئاۋۋالقىسى (مۇستەقىل مەنىگە ئىگە بولغىنى) يا ئۈچ زاماننىڭ بىرىگە يېقىن بولىدۇ ياكى بولمايدۇ، ئىككىنچىسى (ئـۈچ زامانىنىــڭ بىرىگــە يـېقىن كەلمەيدىغىنى) «ئىسىم»، بىرىنچىسى (ئۈچ زاماننىڭ بىرىگە يېقىن كېلىدىغىنى) «پېئىل» دۇر].

ئىزاھات. ئـۈچ زامـان: ئۆتكـەن زامـان، ھـازىرقى زامـان، كېلىدىغان زاماندىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



[بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ (ئىسىم، پېئىل، ھەرپلەرنىڭ) دائىرىسى (چەك ـ چېگرىسى) ئېنىق بىلىندى].

ئىزاھات:

ئاپتور يۇقىرىدا «الكلمة»نىڭ نېمە ئۈچۈن پەقەت ئۈچ قىسىم بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتىپ، مەزكۇر ئۈچ قىسىمنىڭ ھەر بىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرۇپمۇ بولدى، بۇ ئاپتورنىڭ ئىپادىلەشتىكى يۇقىرى ماھارىتى بولۇپ، تەقسىم بىلەن **تعريف** (تونۇشتۇرۇش) نى ئۆزئارا يۇغۇرۇۋەتكەن، بۇ يەردە بولسا ئەنە شۇ نۇقتىغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكتە.

## 2. الكلام

[الكلام (جۈملە) ـ ئىككى كلمەنى ۋىسناد بىلەن ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىدۇر، ئۇ پەقەت ئىككى ئىسىم ياكى بىر ئىسىم ۋە بىر پېئىلدىنلا ھاسىل بولىدۇ].

ئىزاھات:

بۇ يەردىكى (ال) نىڭ ـ جىنس ئۈچۈن بولغىنى ناھايىتى مۇۋاپىق بولىدۇ، ئۇ ھالدا مەنا: «ئەرەب تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ھەرقانداق بىر جۈملە ياكى ھەر قانداق بىر جۈملىنىڭ ماھىيىتى...» دېگەن بولىدۇ.

«ئىككى سۆزنى ... ئۆز ئىچىگە ئېلىش» دېگەنلىك: جۈملە ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپىدۇ دېگەنلىكتۇر، يالغۇز بىر دانە سۆز جۈملە (كلام) بولالمايدۇ.

«إسناد بىلەن...» دېگىنى: ئىككىنچى شەخس (**مخاطب**) (قارشى تەرەپ) سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىدىن تولۇق بولغان مەلۇم بىر مەنىنى چۈشىنىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن سۆزلىگۈچى گەپنى يېرىم قىلماي، بىر پۈتۈن مەنىنى ئىپادىلەشكە ئېھتىياجلىق سۆزلەرنى

تولۇقى بىلەن سۆزلىشى لازىم... دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: اذا حضر الأستاذ (ئەگەر ئۇستاز كەلسە) دېيىلسە، قارشى تەرەپ تولۇق بىر مەنىنى چۈشىنەلمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا انصت الطلاب (ئوقۇغۇچىلار شۈك تۇرىدۇ) دېگەن سۆزلەر قوشۇلسا (يەنى اذا حضر الأستاذ انصت الطلاب ئەگەر ئۇستاز كەلسە ئوقۇغۇچىلار شۈك تۇرىدۇ دېيىلسە) بۇ تولۇق بىر جۈملە بولىدۇ.

«إسناد بىلەن...» دېگەن سۆز بىلەن المركب الإسنادي دىن باشقا مۇرەككەپلەرنىڭ ھەممىسى «الكلام» دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتەن مۇرەككەپ «سۆز» بولسىمۇ، بىراق ئىككى سۆز ئارىسىدا «إسناد» يوق.

ئەگەر بۇ تەبىرگە «إسناد بىلەن» دېگەن سۆز قوشۇلمىسا، بىر «ھەرپ» ۋە بىر «پېئىل» دىنمۇ جۈملە ھاسىل بولىدۇ دېگەنلىك كېلىپ چىقىدۇ...

مۇئەللىپنىڭ استثناء بىلەن «پەقەت» دەپ كەلتۈرۈشى بولسا شۇنىڭغا ئىشارەتكى، «ئىككى سۆز بىلەن» دېگەن ئىبارە ئىسىم، پېئىل، ھەرپلەرنىڭ ھەر قانداق ئىككىسى بىرلەشسىلا جۈملە بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئىككى خىل شەكىللا جۈملە بولالايدۇ دېمەكچى... چۈنكى ئەسلىدە ئىسىم، پېئىل، ھەرپلەردىكى «ئىككىسىنىڭ بىر بولۇشىنىڭ» ئومۇمىي شەكلى مۇنداق بولىدۇ:

[ئىسىم — مۇستەقىل مەناغا دالالەت قىلىدىغان، ئۈچ زامانىڭ بىرىگىمۇ يېقىن كەلمەيدىغان سۆزدۇر].

ئىزاھات:

«الإسم»دىكى (ال) عهد خارجي ئۈچۈندۇر. عهد خارجي دېگىنىمىز: ئىلگىرى مەيلى ئوچۇق — ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



هالدا تىلغا ئېلىنغان مەلۇم بىر سۆزنىڭ قايتا تىلغا ئېلىنىشى، ئۇ سۆزنىڭ ئالدىدا (ال) نىڭ كېلىشىدۇر. ‹إسم› سۆزى ئىلگىرى بىر قېتىم تىلغا ئېلىنغاچقا، بۇ يەردە (ال) عهد خارجي ئۈچۈن بولىدۇ.

‹إسم› نىڭ ‹پېئىل› ۋە ‹ھەرپ›نىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى - ‹إسم› ئۆزى مۇستەقىل ھالدا جۈملە بولۇش... دېگەندەك بىر قانچە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ‹پېئىل› ۋە ‹ھەرپ›تىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ‹إسم›نىڭ جۈملىدە چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، قائىدە – قانۇنىيەتلىرى كۆپ بولغاچقا ئۇ ئىككى ھەمراسىنىڭ ئالدىدا بايانغا لايىقتۇر... شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ‹إسم› نىڭ لۇغەت مەنىسى ‹ئالىي بولۇش، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش...› دېگەندەك مەنالاردا بولۇپ، ئۇ ئىسمى – جىسمىغا لايىق ‹إسم› دۇر...

غير نىڭ إعراب ى نى ئۈچ خىل ئوقۇشقا بولىدۇ: فتحة ئوقۇلسا ‹حال› ياكى ‹ظرف› بولىدۇ. كسرة ئوقۇلسا معنى نىڭ سۈپىتى بولىدۇ. ضمة ئوقۇلسا ‹ما›نىڭ صلة سى ياكى سۈپىتى بولىدۇ.

ئىسىمنىڭ تەبىرىدىكى ‹ما› سۆزى بارلىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ما دل على معنى في نفسه دېگەن ئىبارە بىلەن ‹ھەرپ› چىقىپ كېتىدۇ، غير مقترن بأحد الأزمنة الثلاثة دېگەن ئىبارە بىلەن بولسا ‹پېئىل› چىقىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ تەبىر ‹سىرتتىكىنى قوشىۋالمىغان، ئىچىدىكىنى چىقىرىۋەتمىگەن› تولۇق تەبىر بولىدۇ.

[ (ال) نىڭ داخىل بولۇشى، جَرّ بولۇش، تەنۋىن بولۇش، مۇزاف بولۇش، مۇسنەد ئىلەيھى بولۇش... لارئىسىمنىڭ خاس ئالامەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر]

ئىزاھات:

باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان ئايرىم ئالامەت ـ بەلگىنى «خاسلىق»، ياكى «خۇسۇسىيەت»، دېيىلىدۇ. ئاپتور: بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئالامەت ـ خۇسۇسىيەتلەر پەقەت ئىسىمدىلا تېپىلىپ، پېئىل ۋە ھەرپ (قوشۇمچە) لەردە تېپىلمايدۇ دېمەكچى. تەبىردىن كېيىن خاسلىقنى بايان قىلىش تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

(ال)دىكى «لام» ھەرپى ئېنىقلىغۇچى «لام» بولۇپ، أ بولسا «لام» ھەرپىنى باشقا «لام» لاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور بۇ يەردە أنى بىرگە تىلغا ئالماي، «لامنىڭ داخىل بولۇشى» دېگەن.

**تنوين:** ئىسىمنىڭ ئاخىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا پەيدا بولىدىغان ئارتۇقچە ساكىنلىق نۇن بولۇپ، ھەرپ ھالەتتە يېزىلمايدۇ، شۇ ئىسىمدا توختاشقا توغرا كەلسە ئوقۇلمايدۇ. ئۇ ئىككى خىل: بىرى «ئەسلى تنوين»، يەنە بىرى «ئەسلى ئەمەس تنوين».

«ئەسلى ئەمەس تنوين» ئىسىمنىڭ ئالامەتلىرى قاتارىغا كىرمەيدۇ، ئۇ شېئىردا ياكى غەزەللەردە قاپىيە ياكى ئاھاڭ تولۇقلاش ئۈچۈن كېلىدۇ. قاپىيە تولۇقلاش ئۈچۈن كەلگەن تەنۋىننى «شېئىري زۆرۈرىيەت ئۈچۈن كەلگەن تەنۋىن» دەيمىز، ئاھاڭ تولۇقلاش ئۈچۈن كەلگەن تەنۋىننى «تەنۋىنى تەرەننۇم» دەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



‹ئەسلى تەنۋىن› تۆت خىل بولىدۇ:

1. تَنْوِينُ التَّمَكُّنِ
2. تَنْوِينُ التَّنْكِيرِ
3. تَنْوِينُ الْعِوَضِ
4. تَنْوِينُ الْمُقَابَلَةِ

بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىسىمنىڭ ئالامەتلىرى بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

ئىزافەتلىك بىرىكمىنىڭ ئاز دېگەندىمۇ ئىككى ئەزاسى بولۇپ، ئالدىنقىسى ‹مۇزاف›، كېيىنكىسى ‹مۇزافۇن ئىلەيھى› دېيىلىدۇ. ‹مۇزاف› (ئىزافەتنىڭ بىرىنچى ئەزاسى) ئىسىمنىڭ خاس ئالامەتلىرىدىندۇر.

‹مۇسنەدۇن ئىلەيھى› جۈملىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى بولۇپ، ئۇنىڭسىز جۈملىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ گاھىدا ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى (فاعل) بولسا، گاھىدا ئورۇنباسار ئىگىسى (نائب فاعل)، گاھىدا ‹ليس، ان، منصوب لا ...›لارنىڭ ئىسمى بولىدۇ.

[ ئۇ (ھەرىكەت قوبۇل قىلىش جەھەتتە) معرب (تۈراقسىز) ۋە مبنى (تۇراقلىق) ئىسىم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ].

[‹ئەسلىدىنلا تۇراقلىق ئىسىم› (المبني الأصلي) غا ئوخشىمايدىغان مۇرەككەپ ئىسىم المعرب (تۇراقسىز) ئىسىم دېيىلىدۇ].

ئىزاھات:

اعرب يُعرب إعرابا سۆز يىلتىزى: ئاشكارا قىلماق، ئوچۇقلاشتۇرماق دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، الإسم العرب (تۇراقسىز ئىسىم) نىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە قويۇلغان إعراب (ھەرىكەت ـ

فونېمالار) شۇ ئىسىمنىڭ قايسى گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر بىلەن كەلگەنلىكىنى ئۇچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ الإسم المعرب بولسا الإسم المبني دېن ئىلگىرى كېلىدۇ... يەنە بىر تەرەپتىن الإسم المعرب نىڭ چېتىلىش دائىرىسى الإسم المبني نىڭ چېتىلىش دائىرىسىدىن كۆپتۇر.

ئىزاھات:

فالمعرب دىكى «ف» ھەرپى تەپسىر قىلىش ئۈچۈن كەلگەن «ف»دۇر، يەنى: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان المعـــرب تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭدىكى «ال» بولسا «عهد خارجي» ئۈچۈن كەلگەن «ال»دۇر.

المركـــــب دېگەن سۆزدىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، باشقۇرغۇچىسى يوق يالغۇز ئىسىملارنى المعرب دېيىشكە بولمايدۇ.

مبني الأصل ئۈچتۇر: 1. حرف 2. ماضي 3. أمر بالام

مبني الأصل گە ئوخشاپ قالغان ھەر قانداق ئىسىمنى المعرب دېگىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى المـــبني دەيمىز. ئوخشاپ قېلىش تۆت خىل بولىدۇ:

1 .سۆز ياسىلىشتىلا ئوخشاپ قېلىش. مەسىلەن: ضَـــرِبتُ دېسەك، ئۇنىڭدىكى «ت» ئىسىم، چۈنكى ئۇ پېئىلنىڭ ئىگىسى، ئۇ ياسىلىشتىلا بىر دانە ھەرپكە ئوخشاپ قالغان، شۇڭا ئۇ مـــبني دېيىلىدۇ.

2 . مەنادا ئوخشاپ قېلىش. مەسىلەن: «مَتَي» دېسەك، ئۇنىڭدا سوراق مەنىسى بار، ئۇ سوراق مەنىسىدىكى «هَـــلْ» گە ئوخشاپ قالغان، شۇڭا «مَتَي»نى مبني دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



3 . نائب فاعل (ئورۇنباسار)لىقتا ئوخشاپ قېلىش. مەسىلەن: ‹دراك زيدا› دېسەك، ‹دراك› مبني دۇر، چۈنكى ئۇ ئۆزى باشقۇرىدۇ، ئەمما باشقۇرۇلمايدۇ، بۇ تەرىپى ھەرىكە ئوخشاپ قالغان.

4 . باشقا سۆزلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇشتا ئوخشاپ قېلىش. مەسىلەن: الذى دەك سۆزلەر داۋاملىق صلة گە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، بۇ تەرىپى ھەرپ باشقا سۆزلەرگە ئېھتىياجلىق بولغىنىغا ئوخشاپ قالغان، شۇڭا ئۇ مبني دېيىلىدۇ.

وحكمه: أن يختلف آخره باختلاف العوامل لفظا أو تقديرا [المعرب نىڭ ھۆكمى: ئۇنىڭ (المعرب نىڭ)ئاخىرى باشقۇرغۇچىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، شەكلەن ياكى تەقدىرەن ئۆزگىرىدۇ].

ئىزاھات:

باشقۇرغۇچى (عامل) سەۋەبىدىن شەكلەن ئۆزگەرگەن المعرب نىڭ مىسالى: جَاءَنِي زَيْدٌ (زەيد يېنىمغا كەلدى)، رَأَيْتُ زَيْدًا (زەيدنى كۆردۈم)، مَرَرْتُ بِزَيْدٍ (زەيدنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم).

باشقۇرغۇچى (عامل) سەۋەبىدىن تەقدىرەن ئۆزگەرگەن المعرب نىڭ مىسالى: جَاءَنِي موسى (مۇسا يېنىمغا كەلدى)، رَأَيْتُ موسى (مۇسانى كۆردۈم)، مَرَرْتُ بموسى (مۇسانىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم).

## 3. الإعراب

[الإعراب: الإسم المعرب نىڭ ئارقىمۇئارقا، ئۇنىۋېرسال مەنىلەرگە دالالەت قىلغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپ ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. إعراب نىڭ تۈرلىرى ئۈچ خىلدۇر: رفع، نصب ۋە جرّ]

ئىزاھات:

رفع نىڭ لۇغەت مەنىسى: كۆتۈرۈش دېگەن بولۇپ، ئەرەب تىلىنى يېشىدىن ئۆگەنگۈچىلەر رفى نى ئاساسەن ‹يالغۇز ياكى

قوش پەش» دەپلا چۈشىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە زىنى نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرىسى يۇقىرىقى ئىككى خىل پىچىكىلا قارىتىلمايدۇ، بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

نصب بولسا لۇغەتتە: تىكلىمەك دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ «يالغۇز ياكى قوش زەممە» نىلا كۆرسەتمەيدۇ.

جَـرّنىڭ لۇغەت مەنىسى بولسا: سۆرىمەك دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇمۇ پەقەت «يالغۇز ياكى قوش كەسىر»نىلا بىلدۈرمەيدۇ، ھەر بىرىنىڭ تەپسىلاتى ئۆز نۆۋىتىدە ئەتراپلىق بايان قىلىنىدۇ.

فالرفع علم الفاعلية والنصب علم المفعولية والجر علــم الاضــافة [رفع - فاعل (ئىگە) بولغانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر، نصب- منصــوب (چۈشۈم كېلىش) بولغانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر، جــر -ئىزافەتلىك بىرىكمىنىڭ بەلگىسىدۇر].

ئىزاھات:

الفاعلية، المفعولية دىكى «ي» مصدرنىڭ «ي»سى بولۇپ، الفاعل، المفعول ئۇ «ي»سىز مصدر بولالمايدۇ، الاضافة بولسا ئۆزىلا مصــدر بولۇپ، «ي» غا ئېھتىياجى يوق، شۇڭا ئۇ «ي» سىز كەلتۈرۈلدى.

[العامل (باشقۇرغۇچى): إعراب تەقەززا قىلغان مەنا ئۇنىڭ بىلەن كۈچلىنىدىغان نەرسىدۇر، المفرد المنصرف ۋە الجمع المكســر المنصرف لەر رفع ھالەتتە ضمة بىلەن، نصب ھالەتتە فتحة بىلەن، جرّ ھالەتتە كسرة بىلەن ئوقۇلىدۇ]

ئىزاھات:

تۆۋەنــدە بايــان قىلىنىــدىغىنى «هدايـــــــةالنحو» دە تىلغا ئېلىنغان«9 ئەقسام»نىڭ تەپسىلاتىدۇر. بۇلارنى بايان قىلىش تەرتىپى «ئاۋۋال ئاساس، ئاندىن تارماقنى بايان قىلىش» ئۇسۇلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بويىچە بولغان، يەنى ئاۋۋال ھەرىكەت بىلەن، ئاندىن ھەرپ بىلەن إعراب بېرىش بايان قىلىنغان…

بۇ يەردىكى المفرد دېگىنى: «تثنية» ياكى «جمع» ئەمەس دېگەن مەنىدىكى «يەككە»دۇر.

المنصرف دېگىنى بولسا لۇغەتتە: مايىل بولغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، باشقۇرغۇچى قايسى خىل تەرەپكە باشقۇرسا شۇ تەرەپكە مايىل بولىدۇ دېگەنلىكتۇر، بۇ يەردە غير المنصرف دىن باشقىسى دېمەكچىدۇر.

المكسر دېگىنى السالم دىن باشقىسى دېگەنلىكتۇر. بۇلارغا مۇنداق مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن:

جاءني رجلٌ وطلبةٌ ، رأيت رجلاً و طلبةً ، مررت برجلٍ و طلبةٍ

## 4. جمع المؤنث السالم

[ جمع المؤنث السالم رفع ھالەتتە ضمة بىلەن، نصب ۋە جر ھالەتتە كسرة بىلەن ئوقۇلىدۇ]

ئىزاھات:

جمع المؤنث السالم دېگىنىمىز: بىرلىكنىڭ تەرتىپى بۇزۇلمىغان المؤنث نىڭ كۆپلۈكىدۇر. ئەسلىدە ئۇ نصب ھالەتتە فتحة بىلەن ئوقۇلۇشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ جمع المذكر السالم غا بويسۇندۇرۇلۇپ، نصب ھالەتتە كسرة بىلەن ئوقۇلغان، چۈنكى مذكر ئاساس، مؤنث تارماق بولىدۇ. مانا قارىمامسىز: جمع المذكر السالم نىڭ رفع ھالىتى «و» بىلەن، نصب ۋە جرّ ھالىتى «ي» بىلەن بولىدىغۇ!

جاءني مسلمون، رأيت مسلمين، مررت بمسلمين

جاءني مسلمات، رأيت مسلمات، مررت بمسلمات.

[ غير المنصرف رفع ھالەتتە ضمة بىلەن، نصب ۋە جر ھالەتتە فتحة بىلەن ئوقۇلىدۇ]

ئىزاھات:

غير المنصرف نىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ خىل إعراب بېرىلىش ھەرىكەت بىلەن إعراب بېرىلىش بولۇپ، تۆۋەندە ھەرپ بىلەن إعراب بېرىلىشنىڭ تۈرلىرى بايان قىلىنىدۇ:

[ أبوك، أخوك، حموك، ھنوك، فوك، ذومال قاتارلىق بۇ ئالتە ئىسىم المتكلم نىڭ «ي»سىدىن باشقا سۆزلەرگە مۇزاف بولغاندا رفع ھالەتتە «و» بىلەن، نصب ھالەتتە «أ» بىلەن، جرّ ھالەتتە «ي» بىلەن ئوقۇلىدۇ].

ئىزاھات:

بۇ ئالتە ئىسىم ئەرەب تىلى گراماتىكىلىرى ئارىسىدا مەشھۇر بولغان ئالتە ئىسىمدۇر، بۇ ئەرەبچە: الإسماء الستة دېيىلىدۇ، يېڭى دەۋر كىتابلىرىدا بەش ئىسىم (الإسماء الخمسة) دېيىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھنوك نى مەنىدىكى قوپاللىقى سەۋەبىدىن بۇ ئالتە ئىسىم قاتارىغا قوشمايدۇ، مېنىڭچە بۇ توغرا ئەمەس، چۈنكى شۇ سۆز ئەرەب تىلىدىلا بولىدىكەن، چوقۇم ئۇنىڭ گراماتىكىلىق ئورنى بەلگىلىنىشى كېرەك. بۇ ئالتە ئىسىمنىڭ لۇغەت مەنىلىرى مۇنداق: أبوك: داداڭ، أخوك: قېرىندىشىڭ، حموك: ئېرىڭىزنىڭ تۇغقانلىرى (ئاياللارغا قارىتا)، ھنوك: جىنسىي ئەزايىڭ (ئەرلەرگە قارىتا)، فوك: ئېغىزىڭ، ذومال: مال ئىگىسى، (ذو نىڭ يالغۇز مەنىسى «ئىگىسى» دېگەن بولۇپ، مضاف اليھسى نېمە بولسا شۇنىڭ «ئىگىسى» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇلار يۇقىرىقىدەك ھەرپ بىلەن ھەرىكەت بېرىلىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تۆت شەرتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، مەزكۇر كىتابتا بۇ تۆت شەرتنىڭ پەقەت ئىككىسىلا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، قالغان ئىككىسى ئوقۇغۇچىنىڭ زېھنىگە ھاۋالە قىلىنغان، بۇ تۆت شەرت:

1. يەككە بولۇش. يەنى يۇقىرىقى ئالتە ئىسىم ئىككىلىك ياكى كۆپلۈك بولماسلىقى كېرەك.

2. كىچىكلىتىلمىگەن بولۇش. يەنى ئەرەب تىلىدىكى ئۆزگىچە قائىدە بىلەن مەزكۇر ئالتە ئىسىم كىچىكلىتىلمىگەن بولۇشى كېرەك ( مصغر بولماسلىقى كېرەك).

3. مۇزاف بولۇش. يەنى ئىزافەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولۇش، ئىككىنچى ئەزاسى (مۇزافۇن ئىلەيھى) بولماسلىقى كېرەك.

4. المتكلم نىڭ «ي» سىدىن باشقا سۆزلەرگە مۇزاف بولسۇن.

### 5. المثنى

[ئىككىلىك ئىسىملار، ئالماشقا مۇزاف بولغان «كلا» ۋە اثنان، اثنتان لارنىڭ رفع لىك ھالىتى «أ» بىلەن، نصب ۋە جرّ لىك ھالىتى «ي» بىلەن بولىدۇ].

ئىزاھات:

بۇ يەردىكى ئىككىلىك ئىسىم ھەقىقىي ئىككىلىك ئىسىم بولۇپ، بۇ ھەرگىز «كلا»غا ئوخشاش ئىككىلىك قاتارىغا ئۆتتۈۋالغان ئىككىلىك ئىسىملارغا ئەگەشكۈچىلەر ئەمەستۇر، يەنى ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا بىرلىكى بار بولغان ئىسىملاردۇر.

كلا نىڭ مۇئەننىثى كلتا دۇر، ئۇنىڭ ئىئرابىمۇ «كلا»غا ئوخشاشتۇر. بۇلار ۋە تۆۋەندىكى ئىككى ئىسىم ھەقىقىي

ئىككىلىك ئىسىم بولمىغاچقا ‹و› بىلەن ئايرىپ تۇرۇپ، ئايرىم تىلغا ئېلىنىدى، ئۇ ھەقىقىي ئىككىلىك بولغاندا ئىدى ئالاھىدە تىلغا ئالمىسىمۇ ‹ئىككىلىك ئىسىملار› دېگەن ئىبارە كۇپايە قىلار ئىدى، ئۇلار پەقەت شەكىل جەھەتتىن ھەقىقىي ئىككىلىك ئىسىملارغا ئوخشىغاچقىلا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنىدى. كلا ۋە كلتا نى ئالماشقا مۇزاف بولسۇن دېيىش شۇنىڭ ئۈچۈنكى ئەگەر ئۇ ئالماشتىن باشقا سۆزلەرگە مۇزاف بولسا ئۇنىڭ إعـرابى ‹تەقدىرى إعـراب› بولۇپ قالىدۇ. (‹تەقدىرى إعـراب› ھەققىدە يېقىن كەلگۈسىدە تەپسىلىي توختىلىمىز).

## 6. جمع المذكر السالم

[جمع المذكر السالم ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەر بولغان ألـو، عشرون، ثلاثون، أربعـون ... الخ لارنىڭ رفـع لىك ھالىتى ‹و› بىلەن، نصب ۋە جر لىك ھالىتى ‹ي› بىلەن ئوقۇلىدۇ].

ئىزاھات: ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك ئىسىملارنىڭ نصب ۋە جر لىك ھالىتى شەكىل جەھەتتىن ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىككىلىك ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى ‹ي›نىڭ ئالدى ‹فەتھە› بولىدۇ، كۆپلۈكتىكى ‹ي›نىڭ ئالدى ‹كەسرە› بولىدۇ.

[ إعراب نى تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولغاندا ياكى تەلەپپۇز قىلىش تىلغا ئېغىر كەلگەندە تەقدىرەن إعـراب بېرىلىدۇ. ئالدىنقىسىنىڭ مىسالى: عصـا ، غلامـي... غا ئوخشاش مۇتلەق ھالدا، كېيىنكىسىنىڭ مىسالى: قاض غا ئوخشاش رفع ۋە جـرّلىك ھالەتتە. مسـلميّ گە ئوخشاش رفـع لىك ھالەتتە. بۇلاردىن باشقىسىنىڭ إعراب ى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ].

ئىزاھات:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەقدىرەن إعــراب بېرىش ئەمەلىيەتتە شۇ إعــراب نى شۇ سۆزنىڭ ئاخىرىغا كۆڭۈلدە پۈكۈش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: جاءنى عصا دېسەك بۇ يەردە پېئىلنىڭ ئىگىسى بولۇپ، رفـــع ئوقۇلۇشى كېرەك، بىراق ئۇنى قانداق رفـــع ئوقۇيمىز؟ مانا بۇ يەردىن ‹تەلەپپۇز قىلىش قىيىن› ھالەت شەكىللەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ رفع لىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى كۆڭلىمىزگە پۈكتۈقيۇ يەنىلا عصا دەپ ئوقۇدۇق... يەنە بىر مىسال: جـــاءنى غلامـــي بۇ يەردىمۇ غلامي پېئىلنىڭ ئىگىسى بولغاچقا رفع ئوقۇلۇشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ المتكلم نىڭ ‹ي›سىغا مۇزاف بولغان سەۋەبتىن (بۇ ‹ي› ئالدىدىكى ھەرپنىڭ داۋاملىق كەسرە بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ) چوقۇم كەسرە ئوقۇلۇشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭغىمۇ رفع نى تەقدىر قىلدۇق (كۆڭلىمىزگە پۈكتۇق)...

‹مۇتلەق ھالدا› دېگەنلىك ئۇچلا خىل ھالەتتە دېگەنلىكتۇر.

عصا ئاخىرى قىسقا ‹ا› بىلەن كەلگەن بارلىق ئىسىملارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. غلامـــي بولسا المـــتكلم نىڭ ‹ي›سىغا مۇزاف بولغان بارلىق ئىسىملارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. قاض بولسا ئاخىرى ‹ي›، ئۇنىڭ ئالدى كەسرە بولغان ئىسىملارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. قاض نىڭ نصب لىك ھالىتى فەتھە بىلەن بولىدۇ.

يۇقىرىقى 9 تۈرلۈك إعــراب نى مۇنداق جەدۋەللەشتۈرۈش مۇمكىن:

ئىسىملاردىكى ئەسلى ۋە تارماق إعرابلارنىڭ ئالامەتلىرى

| اعراب هالىتى | العامل | الاسم ذو علامات الإعراب الأصلية | جمع المؤنث السالم | المثنى | جمع المذكرالسالم | المَمْنوع من الصّرف | الأسْماء الخمسَة |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| رفع لىك | جَاء | الأبناءُ | والبنات | والوالدان | والأقربون | وابراهيم | وأخوه |
| رفع بەلگىسى | | الضمّة | الضمّة | الألف | الواو | الضمة | الواو |
| نصب لىك | رَأيتُ | الأبناءَ | والبنات | والوالدين | والأقربين | وابراهيم | وأخاه |
| نصب بەلگىسى | | الفتحة | الكسرة | الياء | اليَاء | الفتحة | الألف |
| جرُ لىك | سلمت على | الأبناءِ | والبنات | والوالدين | والأقربين | وابراهيم | وأخيه |
| جرّ بەلگىسى | | الكسرة | الكسرة | اليَاء | اليَاء | الفتحة | اليَاء |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەقدىرى إعراب لار:

| إعراب ھالىتى | العامل | المضاف الى ياء المتكلم | المنقوص ئىسىم | المنقوص ئىسىم |
|---|---|---|---|---|
| رفع لىك | جَاءَ | الأبناءُ | والبنات | والوالدان |
| رفع نىڭ بەلگىسى | | الضمّة | الضمّة | الألف |
| نصب لىك | رَأيتُ | الأبناءَ | والبنَات | والوالدين |
| نصب بەلگىسى | | الفتحة | الكسرة | الياء |
| جرُّ لىك | سلمت على | الأبناءِ | والبنات | والوالدين |
| جرّ بەلگىسى | | الكسرة | الكسرة | اليَاء |

**7. غير المنصرف ( إعراب نى قسمەن قوبۇل قىلمايدىغان ئىسىملار)**

[غير المنصرف: توققۇز ئىللەت (سەۋەب) تىن ئىككى ئىللەت، ياكى ئىككى ئىللەت ئورنىدىكى بىر ئىللەت تېپىلىدىغان مۆئرەب ئىسىمدۇر].

ئىزاھات:

تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان توققۇز ئىللەت ئىچىدە تەسىرى چوڭراق بولسا بىر ئىللەت، كىچىكرەك بولسا ئىككى ئىللەت سەۋەبىدىن ئىسىملار قىسمەن إعرابنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر بىر معرب ئىسىمدا بۇ توققۇز ئىللەتتىن ھېچقاندىقى تېپىلمىسا ئۇ ئىسىم إعرابنى تولۇق قوبۇل قىلىدۇ، شۇڭا مۇئەللىپ إعرابنى تولۇق قوبۇل قىلىدىغان ئىسىملار ھەققىدە زادىلا توختالمايدۇ ھەم يۇقىرىدا تەقدىرى إعرابنىڭ بايانىدىن كېيىن ئۇچۇق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان إعرابنى تىلغا ئالغانچىلىكمۇ تىلغا ئېلىپ قويمايدۇ... دېمەك غير المنصرف ئىسىملاردىن باشقا معرب ئىسىملارنىڭ ھەممىسلا ئەلۋەتتە إعراب نى تولۇق قوبۇل قىلىدۇ.

[بۇ توققۇز ئىللەت: عدل (ئەسلى ياسالما شەكلىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىسىم)، وصف (ئەسلىدىنلا سۈپەت مەنىسىدىكى ئىسىم)، تأنيث (ئايال جىنس تۈرىدىكى ئىسىم)، معرفة [بۇنىڭ ئىچىدىن پەقەت علمية (خاس ئىسىم)لا ئىللەت بولالايدۇ]، عجمة (باشقا تىللاردىن ئەرەب تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئىسىم)، جمع منتهى الجموع (چېكىگە يەتكۈزۈپ تۈرلەنگەن كۆپلۈك ئىسىم)، تركيب (مۇرەككەب (قوشما) ئىسىم)، ألف و نون الزائدتان (ئاخىرىغا ئارتۇق «ا» ۋە «ن» قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسىم)، وزن الفعل(پېئىل شەكلىدىكى ئىسىم). بۇ سۆز ئەڭ يېقىندۇر. مەسىلەن: عمر، أحمر، طلحة، زينب، ابراهيم، مساجد، معديكرب، عمران، أحمد... لەرگە ئوخشاش].

ئىزاھات:

مۇئەللىپنىڭ بۇ توققۇز ئىللەتنى شېئىر شەكلىدە كەلتۈرۈشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى نەسرىي مەزمۇنلارغا قارىغاندا شېئىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


مەزمۇنلار ئادەم زېھنىدە ياخشى ساقلىنىپ قالىدۇ، شۇڭا شېئىرنىڭ ئاخىرىدا وهذا القول تقريب (بۇ سۆز ئەڭ يېقىندۇر) دەيدۇ. وهذا القول تقريب نىڭ يېقىنلىق مەنىسىنى ئالىملار مۇنداق ئۈچ خىل ئىزاھلايدۇ:

1. يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك زېھىنگە (ئەستە ساقلاشقا) يېقىن.

2. سان جەھەتتىن توغرا تەرىپىگە يېقىن. چۈنكى بۇ ئىللەتلەر سانى ھەققىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بولۇپ، بەزىلەر ئون بىر دېسە، بەزىلەر ئون ئىككى دەيدۇ.

3. بۇ توققۇز ئىللەتنىڭ ھەر بىرىنى ئايرىم — ئايرىم بىر ئىللەت دەپ قاراش مۇتلەق ئەمەس تەخمىن قاراشتۇر. («تقريب» نىڭ يەنە بىر مەنىسى: تەخمىنەن).

واو العطف دىن كېيىن ثم بىلەن سۆزلەرنى بىر — بىرىگە باغلاش شېئىري ۋەزنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە باشقا مەنىلەرنى ئىپتىپ كېتىش ھاجەتسىز.

مۇئەللىپ بۇ يەردە ھەر بىر ئىللەتكە بىردىن مىسال كەلتۈرىدۇ، ئەمما ئۇ مىساللارنىڭ تەپسىلاتىنى بۇ يەردىمۇ، كېيىنكى تەپسىلاتىمۇ تىلغا ئالمايدۇ، بۇ بولسا مۇئەللىپنىڭ ئوقۇرمەنگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە بۇ كىتابتىكى يېزىق ئۇسلۇبىنىڭ تەقەززاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى زېرەك ئوقۇرمەن توققۇز ئىللەتنىڭ تەرتىپىنى سىلىشتۇرسىمۇ، تۆۋەندىكى تەپسىلاتلارنى ياخشى چۈشەنسىمۇ ئوخشاشلا ھەر بىر مىسالنىڭ ئىللەتلىرىنى بايقىيالايدۇ... يەنە بىر تەرەپتىن مۇئەللىپ كىتابىنى ناھايىتى ئىخچاملاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ھەر بىر سۆزنى چوڭقۇر ئويلىنىپ، بىر

ياكى بىرقانچە مەنا ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن، مانا بۇ ھەقىقىي يازغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەت...

مەزكۇر مىساللارنىڭ ئىللەتلىرى مانا مۇنداق:

1. عمر: بۇنىڭ بىرىنچى ئىللىتى (إعراب‌نى قىسمەن قوبۇل قىلماسلىقىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى): عدل ئىككىنچى ئىللىتى: علمية

2. أحمر: بۇنىڭ بىرىنچى ئىللىتى: وزن الفعل ، ئىككىنچى ئىللىتى: وصف.

3. طلحة: بۇنىڭ بىرىنچى ئىللىتى: تأنيث، ئىككىنچى ئىللىتى: علمية.

4. زينب: بۇنىڭ بىرىنچى ئىللىتى: تأنيث، ئىككىنچى ئىللىتى: علمية.

5. ابراهيم: بۇنىڭ بىرىنچى ئىللىتى: عجمة ئىككىنچى ئىللىتى: علمية.

6. مساجد: بۇ ئىككى ئىللەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان بىر ئىللەتلىك ئىسىمنىڭ مىسالى.

7. معديكرب: بۇنىڭ بىرىنچى ئىللىتى: تركيب، ئىككىنچى ئىللىتى: علمية

8. عمران: بۇنىڭ بىرىنچى ئىللىتى: ألف و نون الزائدتان، ئىككىنچى ئىللىتى: علمية

9. أحمد: بۇنىڭ بىرىنچى ئىللىتى: وزن الفعل، ئىككىنچى ئىللىتى: علمية

[ئۇنىڭ ھۆكمى. كەسرىسىز ۋە تەنۋىنسىز ئوقۇلىدۇ، زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا ياكى (باشقا سۆزلەر بىلەن) ماس ھالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغاندا إعرابنى تولۇق قوبۇل قىلىشمۇ بولىدۇ. ئىككىنچىسىنىڭ مىسالى:سلاسلا و أغلالا دۇر].

ئىزاھات:

«سلاسلا» جمع منتهى الجموع نىڭ ۋەزنىسىدە كەلگەن سۆز بولۇپ، ئەسلىدە تەنۋىنسىز ئوقۇلۇشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ «اغلالا» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا قاپىيداش كەلگەچكە ئۇنىمۇ تەنۋىن بىلەن ئوقۇدۇق.

[ئىككى ئىللەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان بىر ئىللەتلىك ئىسىملار جمع منتهى الجموع ۋە تأنيث نىڭ ئىككى ئەلىفىدۇر].

ئىزاھات:

تأنيث نىڭ ئىككى ئەلىفىنىڭ بىرى: الألف المقصورة (قىسقا ئەلىف)، بۇنىڭ مىسالى: حبلۇ، يەنە بىرى الألف الممدودة (ئۇزۇن ئەلىف)، بۇنىڭ مىسالى: حمراء.

1) العدل

[عدل ـ ھەقىقىي ياكى تەقدىرى ھالدا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى شەكلىدىن چىقىپ كەتكەن ئىسىمدۇر. ثلاث، مثلث، أخر، جمع ياكى عمر دېگەنلەرگە ئوخشاش. بەنى تەمىم لۇغىتىدە قطام نىڭ بابىمۇ عدل ھېسابلىنىدۇ].

ئىزاھات:

ھەقىقىي ھالدا ئەسلى شەكلىدىن چىقىپ (ئۆزگىرىپ) كېتىش — بىر قاراپلا ئۇنىڭ قايسى ئىسىمدىن يۆتكەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىغان ئىسىملارغا قارىتىلغاندۇر. مەسىلەن: ثلاث ۋە مثلث لەر ثلاثة ثلاثة دېگەن تەكرار سۆزدىن يۆتكىلىپ چىققان، ئۇلاردا ئىككى ئىللەت ئېنىق تېپىلىدۇ: بىرى عدل، يەنە بىرى وصف دۇر.

أخر نىڭ ئەسلىسى اخر دۇر. ئەسلىدە إسم التفضيل ياكى (ال)بىلەن ياكى (من) بىلەن ۋە ياكى مۇزاف بولۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، بۇ يەردە مەزكۇر ئۈچ خىل ھالەتنىڭ ھېچقايسىسى تېپىلمىغاچقا أخر نىڭ اخر دىن يۆتكەلگەنلىكىنى ھەقىقىي بىلدۇق، بۇمۇ عدل ۋە وصف بىلەن ئىللەتلىنىدۇ.

جمع بولسا جُمْع ياكى جُمَاعَى دىن يۆتكەلگەندۇر، ئۇنىڭ ئىللىتىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

عمر نىڭ ئەسلىسىنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن (يەنى ئۇنىڭ قايسى سۆزدىن ئۆزگىرىپ چىققانلىقىنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن)، ئۇنىڭ ئەسلىسىنى تەقدىر قىلدۇق (يەنى تەخمىنەن ھۆكۈم قىلدۇق)، شۇنىڭ بىلەن عمر – عامر دىن يۆتكەلدى دەپ قاردۇق. ئۇنىڭ غير المنصرف بولۇشىنىڭ بىر ئىللىتى عدل ، يەنە بىر ئىللىتى علمية دۇر.

‹قطام نىڭ بابى› دېگەنلىك ۋەزنىسى فعال بىلەن كەلگەن خاس ئىسىملارنى كۆزدە تۇتقىنىدۇر. ئۇنىڭ ئىككى ئىللىتىنىڭ بىرى: عدل ، يەنە بىرى علمية دۇر.

‹بەنى تەمىم›نى تىلغا ئېلىشى بولسا: بۇ بابتىكى ئىسىملارنى پەقەت بەنى تەمىم قەبىلىسىلا غير المنصرف دەپ قارايدۇ، ئەمما قالغان قەبىلىلەر بۇ خىل ئىسىملارنى‹مبني› دەپ ھېسابلايدۇ. (ئەرەبلەر ئۈچيۈز ئاتمىش نەچچە قەبىلىدۇر).

2) الوصف

[الوصف – ئۇنىڭ غير المنصرف بولۇش شەرتى: ئۇ ئەسلىدىنلا (تۇغۇلما) سۈپەت بولغاي، كېيىن (سۈپەتتىن باشقا نەرسىگە) ئۆزگىرىپ كېتىشى ئۇنىڭغا تەسىر قىلالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمررت بنسوة أربع دە أربع المنصرف بولىدۇ، يىلانغا نام بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



قالغانأسود ۋە أرقم، قارا كىشەنگە نام بولۇپ قالغان أدهــم... لـەر غير المنصرف هېسابلىنىدۇ. يىلاننىڭ نامى بولۇپ قالغان أفعـى ، قارچۇغىنىڭ نامى بولۇپ قالغان أجدل، چېكىتلىك قۇشنىڭ نامى بولۇپ قالغان أخيل... لەرنىڭ غير المنصرف بولۇشى ئاجىز بولىدۇ].

ئىزاھات:

‹سۈپەت›نى ‹عدل›دىن كېيىنلا بايان قىلىشى ‹عـدل›نىڭ دائىم ‹سۈپەت› بىلەن بىرگە كېلىدىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

بۇ يەردىكى ‹سۈپەت› نىڭ غير المنصرف بولۇشىنىڭ شەرتى — ئـۇ ئەسلىدىنلا سۈپـەت بولۇشـى كېرەك. ۋاقىتلىـق سۈپـەتلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مررت بنسوة أربع دە أربع نى غير المنصرف دېمەيمىز، چۈنكى أربع ئەسلىدىنلا سۈپەت ئەمەس، ئۇ بـۇ جۈملـدە ۋاقىتلىـق سۈپـەت بولـۇپ قالـدى. ئـەمما أســود ئەسلىدىنلا ‹قارا› دېگەن مەنىدىكى سۈپەت بولۇپ، گەرچە بۇ سۈپەت كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن قارا يىلانغا نام بولۇپ قالسىمۇ، ئەسلىدىنلا سۈپەت بولغاچقا غـير المنصرف بولغان. أرقـم نىڭ مەنىسى ئەسلىدىنلا ‹چار› دېگەن مەنىدىكى سۈپەت بولۇپ، كېيىن چار يىلانغا نام بولۇپ قالسىمۇ يەنىلا غير المنصرف بولغان. أدهـم نىڭ ئەسلى مەنىسى ‹قارا› دېگەنلىك بولۇپ، كېيىن قارا كىشەنگە قارىتىلغان بولسىمۇ. ئۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلى غير المنصرف بولغان.

أفعى ، أجدل ، أخيـل ... لـەرنىڭ ئەسلىدىنلا سۈپـەت ياكى سۈپـەت ئەمەسلىكى نائېنىق بولغاچقا بۇلارنىڭ غـير المنصرف بولۇشى ئاجىز بولغان.

3) التأنيث بالتاء

[ ‹ت› بىلەن بولغان تأنيث نىڭ غير المنصرف بولۇش شەرتى ئۇنىڭ خاس ئىسىم بولۇشىدۇر. مەنىۋى تأنيث مۇ ‹ت›لىق تأنيث گە ئوخشاشتۇر. مەنىۋى تأنيث نىڭ غـير المنصـرف بولۇشىنىڭ زۆرۈر بولغان شەرتلىرى شۇكى — مەزكۇر ئىسىم (مەنىۋى تأنيث) ياكى ئۈچ ھەرىپتىن ئارتۇق بولغاي ياكى (ئۈچ ھەرىپلىك بولۇپ قالسا) ئوتتۇرىدىكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولغاي ياكى (ئوتتۇرىسى ساكىن بولۇپ قالسا) باشقا تىللاردىن ئەرەب تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئىسىم بولغاي. شۇنىڭ ئۈچۈن هند نى إعراب‌نى تولۇق قوبۇل قىلىدىغان ئىسىم (منصرف) لاردىن ساناشقا بولىدۇ. زينب، سقر، ماه، جور ...لار غير المنصرف دىن سانىلىدۇ. ئەگەر مذكر ئىسىملار مەنىۋى تأنيث بىلەن ناملانسا (ئاتالسا) ئۇنىڭ شەرتى — مەزكۇر ئىسىمنىڭ ھەرپلىرى ئۈچتىن ئارتۇق بولغاي، شۇنىڭ ئۈچۈن ‹قدم› منصرف دۇر. ‹عقرب› غير المنصرف دۇر].

ئىزاھات:

تأنيث — مؤنث نىڭ سۆز يىلتىزى (مصدر) بولۇپ، ئايال جىنس تۈرىدىكى سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مؤنث ئىسىملار ئىككى خىل بولۇپ، بىرى شەكلەن مؤنث (التأنيث اللفظي)، يەنە بىرى مەنىۋى مؤنث (التأنيث المعنوي) دۇر.

شەكلەن مؤنث (التأنيث اللفظي) دېگىنىمىز: سۆز شەكلىدىكى ئايرىم بەلگىلەر ئارقىلىق ئايال جىنس تۈرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردۇر. بۇ بەلگىلەر:

1. ‹ة›: ھەرقانداق سۆزدە بۇ خىل ھەرپ بولسا شۇ سۆز مؤنث دەپ قارىلىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ‹ت›لىق تأنيث دەل مۇشۇ خىل مؤنث گە قارىتىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



2. «ـَى»: ھەرقانداق سۆزنىڭ ئاخىرىدا بۇ خىل شەكىل بولسا شۇ سۆز مؤنث دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن: حُبْلَى، لَيْلَى، مُسْتَشْفَى لارغا ئوخشاش.

3. «ـَاء » ھەرقانداق سۆزنىڭ ئاخىرىدا بۇ خىل شەكىل بولسا شۇ سۆز مؤنث دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن: صَحْرَاءُ، حَمْرَاءُ لارغا ئوخشاش.

مەنىۋى مؤنث (التأنيث المعنوي) دېگىنىمىز: سۆزنىڭ شەكلىدە ئاياللىق جىنس تۈرىگە دالالەت قىلىدىغان ئايرىم بەلگە بولمىسىمۇ، مەنىسى ئاياللىق جىنس تۈرىنى ئىپادىلىگەن ياكى ئەرەبلەر ئەزەلدىن مؤنث دەپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئاتمىش دانە سۆزلەر دائىرىسىگە كىرگەن سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: زينب (ئايال كىشى ئىسمى)، أم (ئانا)، بنت (قىز)، عين (كۆز)... لەرگە ئوخشاش.

مەيلى شەكلەن مؤنث بولسۇن، مەيلى مەنىۋى مؤنث بولسۇن ھەر ئىككىسىنىڭ غير المنصرف بولۇشىنىڭ شەرتى چوقۇم خاس ئىسىم (علمية) بولۇشتۇر.

مەنىۋى مؤنث نىڭ غير المنصرف بولۇشى ئۈچۈن علمية بولۇشتىن سىرت يەنە ئۈنىڭدا تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلىشى كېرەك:

1. سۆزنىڭ ھەرپ سانى ئۈچتىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: «زينب» دېسەك ھەم مؤنث بولدى، ھەم علمية بولدى. ئەگەر «أرنب» دېسەك گەرچە ئۈچ ھەرپتىن ئارتۇق بولغان بولسىمۇ بىراق علمية بولمىغاچقا غير المنصرف بولمايدۇ.

2. ئەگەر ھەرپ سانى ئۈچ بولۇپ قالسا ئوتتۇرىدىكى ھەرپ چوقۇم ھەرىكەتلىك بولۇشى كېرەك، يەنى ساكىنلىق بولماسلىقى

كېرەك. مەسىلەن: ‹سقر›گە ئوخشاش. (‹سقر› ـ يەتتە دوزاخنىڭ بىرىنىڭ نامى).

3. ئەگەر سۆز ئۈچ ھەرپلىك بولۇپ، ئوتتۇرىسى ساكىن بولۇپ قالسا ئۇ ھالدا مەزكۇر سۆز چوقۇم باشقا تىللاردىن ئەرەب تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈلگەن سۆز بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: ‹ماه› ، ‹جور› (پارس شەھەرلىرىدىن ئىككى شەھەرنىڭ نامى). بۇ ئىككى سۆزنىڭ بىر ئىللىتى: علمية ، يەنە بىر ئىللىتى: عجمة دۇر.

يۇقىرىقى شەرتلەرگە قارىغاندا (هند) منصرف بولسىمۇ ، غير المنصرف بولسىمۇ بولىدۇ. منصرف بولۇشى قوشۇمچە شەرتلەرگە توشمىغانلىقىدىن بولسا، غير المنصرف بولۇشى علمية ۋە مؤنث سەۋەبلىرىدىندۇر.

‹قدم› (ئەر كىشى نامى) نىڭ منصرف بولۇشى شەكىل ۋە مەنا جەھەتتىن مؤنث نىڭ بەلگىلىرىنى يوقاتقانلىقىدىندۇر.

4) المعرفة

[ المعرفة نىڭ غير المنصرف بولۇشىدىكى شەرتى علمية دۇر].

ئىزاھات:

ئەسلىدە المعرفة يەتتە خىل بولۇپ، بۇلار:

1) ئالماشلار (الضمائر). 2) خاس ئىسىم (العلم). 3) ئىشارەت ئىسىملىرى (الاشارات). 4) ئۇلانغۇچىلار (الموصولات). 5) ‹ال› بىلەن باشلانغان ئىسىملار. 6) ئىزافەتنىڭ بىرىنچى ئەزالىرى. 7) مەخسۇس سۆزلەر بىلەن چاقىرىلغۇچىلار... بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت خاس ئىسىملا غير المنصرف بولۇش شەرتىگە توشىدۇ.

5) العجمة

[العجمة نىڭ غير المنصرف بولۇشىدىكى شەرت شۇكى، ئۇ ئەرەب تىلىغا ئۆزلەشمەستىن ئىلگىرىلا خاس ئىسىم بولغاي ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرىسى ھەرىكەتلىك بولغاي ياكى ئۇچ ھەرپتىن ئارتۇق بولغاي.
شۇنىڭ ئۈچۈن‹نوح› منصرف دۇر، ‹شتر، ابراهيم›لار غير المنصرف دۇر].

ئىزاھات:

العجمة - ئەرەب تىلىدىن باشقا بارلىق تىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شتر تۈركىيىنىڭ ‹دىياربەكرى› ئۆلكىسىدىكى بىر قەلئەنىڭ نامى.

6) الجمع

[الجمع نىڭ غير المنصرف بولۇش شەرتى: ‹ة› سىز صيغة منتهى الجموع دۇر. مساجد ۋە مصابيح لارغا ئوخشاش. ئەمما فرازنة منصرف دۇر. حضاجر بۆرىگە علمية بولۇپ غير المنصرف دۇر. چۈنكى ئۇ الجمع دىن يۆتكەلگەندۇر. ‹سراويل› غير المنصرف بولۇپ كەلگەندە (غير المنصرف بولۇپ كېلىشى كۆپرەك) ئۇنى ئەرەب تىلىغا باشقا تىللاردىن كىرگەن ئىسىم دەپ قاراپ، ۋەزىنداشلىرىغا تەۋە قىلىنىپ غير المنصرف قىلىنىدۇ؛ دىگۈچىلەرمۇ، ئۇنى ئەرەبچە ‹سروالة› دىگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى دىگۈچىلەرمۇ بار. ئەگەر ‹سراويل› دىگەن سۆز منصرف بولسا ھېچقانداق مەسىلە يوق. ‹جوار› دىگەندەك سۆزلەر رفع ۋە جر لىك ھالەتتە قاضٍ غا ئوخشاشتۇر].

ئىزاھات:

منتهى الجموع نىڭ صيغة لىرى ئون سەككىز ئەتراپىدادۇر، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. فعالل. درهم – دراهم دىگەندەك.
2. فعاليل. فردوس – فراديس دىگەندەك.
3. أفاعل. أكرم – أكارم دىگەندەك.

4. أفاعيل. أسلوب – أساليب دېگەندەك.
5. تفاعل. تجربة – تجارب دېگەندەك.
6. تفاعيل. تسبيح – تسابيح دېگەندەك.
7. مفاعيل. ميثاق – مواثيق دېگەندەك.

(قالغان ۋەزىنلەر تەپسىلاتى ئۈچۈن دوكتور/ ئەزىيزە فەۋۋالنىڭ «ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىنىڭ قامۇسى» دېگەن كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىنغاي).

«ة» سىز صيغة منتهي الجموع بولۇشنى شەرت قىلىش شۇنىڭ ئۈچۈنكى ئەگەر جمع دە «ة» بولۇپ قالسا شەكىل جەھەتتىن جمع بولسىمۇ مەنا جەھەتتىن مفرد نى ئىپادە قىلىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. مەسىلەن: فرازنة دېسەك ئۇ شەكىل جەھەتتىن فعالل ۋەزىنىسى بىلەن جمع دەك كۆرۈنسىمۇ مەنىسى مفردنى ئىپادىلىگەن، شۇڭا ئۇ منصرف دېيىلىدۇ.

حضاجر - غير المنصرف بولىدۇ، گەرچە ئۇ بۆرە ئۈچۈن علم الجنس بولۇپ بىرنىمۇ، كۆپنىمۇ ئىپادە قىلسىمۇ بىراق ئۇ كۆپلۈك شەكىلدىكى ئىسىملاردىن يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەسلىنى ئېتىبارغا ئالدۇق.

«جوار» دېگەندەك سۆزلەر دېگىنى: مەيلى «ي»لىق، مەيلى «و»لىق بولسۇن فواعل ۋەزىنىسى بىلەن كەلگەن كەمتۈك كۆپلۈك (الجمع المنقوص) لەر كۆزدە تۇتۇلغاندۇر. «جوار»نىڭ ئۆزگىرىش جەريانى مۇنداق: جواريٌ – جواريْ – جوارٍ

7) التركيب

[التركيب – مۇرەككەپ ئىسىملارنىڭ غير المنصرف بولۇشنىڭ شەرتى ئۇ علمية بولۇشى كېرەك، ئىزافەتلىك بىرىكمە ۋە ئۆزئارا إسناد بولماسلىقى كېرەك. مەسىلەن: بعلبك].

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىزاھات:

مەزكۇر كىتابنىڭ باش قىسمىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك مۈرەككەپ بەش قىسىم بولۇپ، بۇ يەردە غير المنصرف بولۇشقا پەقەت المركب الإمتزاجي لا مۇۋاپىق كېلىدۇ. المركب الامتزاجي دېگىنىمىزدە: بىر ـ بىرىگە ھېچقانداق ئىچكى باغلىنىشى يوق تەركىب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما ئىزافەت ۋە إسنادلارنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلىنىشى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ تەرىپى ئوقۇغۇچىغا مەخپىي بولمىسا كېرەك.

## 8) الألف والنون

[ الألف و النون ـ ئەگەر ئۇ ئىككىسى بىر ئىسىمدا بولۇپ قالسا ئۇ ئىسىمنىڭ غير المنصرف بولۇشىنىڭ شەرتى علمية بولۇشتۇر، عمران دېگەندەك. سۈپەتتە بولۇپ قالسا ئۇ سۈپەتنىڭ مؤنث ى فعلانة ۋەزنىسى بىلەن كەلمەسلىكى كېرەك. بەزىلەر ئۇنىڭ مؤنث ى فعلى ۋەزنىسى بىلەن كېلىشى كېرەك دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رحمن نىڭ غير المنصرف بولۇشىدا ئىختىلاپ بار. سكران نىڭ غير المنصرف بولۇشىدا ۋە ندمان نىڭ منصرف بولۇشىدا بۇنداق ئىختىلاپ يوق].

ئىزاھات:

‹ئەلىف ۋە نۇننىڭ بىر ئىسىمدا بولۇشى› دېگىنى مەزكۇر ئىسىم سۈپەت مەنىسىدە بولمىسا دېگىنىمىزدۇر.

‹شۇنىڭ ئۈچۈن› دېگىنى سۈپەتنىڭ مؤنث ى فعلى ۋەزنىسى بىلەن كەلسۇن دېگەن شەرت بولغانلىقى ئۈچۈن دېگىنىمىزدۇر.

‹رحمن› دا ئىختىلاپ پەيدا بولۇش سەۋەبى شۇكى، ئۇ ھەممە مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ سۈپىتى بولۇپ،

ئۇنىڭ مؤنث ى يوق، دېمەك ئۇ مؤنث ى فعلى ۋەزنىسى بىلەن كەلسۇن دېگەن شەرتكە ئۇيغۇن ئەمەس، بىراق مؤنث ى فعلانة ۋەزنىسى بولمىسۇن دېگەن شەرتكە ئۇيغۇن... مانا بۇ يەردىن ئىختىلاپ پەيدا بولغان.

«سكران» نىڭ مؤنث ى سكرى كېلىدۇ، «ندمان»نىڭ مؤنث ى بولسا ندمانة كېلىدۇ.

9) وزن الفعل

[وزن الفعل — ئۇنىڭ غير المنصرف بولۇش شەرتى شۇكى، ئۇنىڭ ۋەزنىسى پېئىلغا خاس ۋەزنىلەر بىلەن كەلگەي، شَمَّرَ، ضُرِبَ لەرگە ئوخشاش ياكى (ئەگەر پېئىلغا خاس ۋەزنىلەر بولماي قالسا) ئۇنىڭ باش تەرىپىدە پېئىلنىڭ باش تەرىپىدە بولىدىغان زىيادە ھەرپ (حرف المضارعة)بولغاي، (ة)نى قوبۇل قىلمىغاي، شۇنىڭ ئۈچۈنأحمر غير المنصرف بولغان، يعمل منصرف بولغان].

ئىزاھات:

«پېئىلغا خاس ۋەزنىلەر بىلەن كېلىش»نى شەرت قىلىش شۇنىڭ ئۈچۈنكى بەزى ۋەزنىلەر پېئىل ۋە ئىسىم ئارىسىدا ئورتاق قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن: شجر، حجر دېسەك ضرب ۋەزنىسىگە ئوخشايدۇ.

«(ة)نى قوبۇل قىلمىغاي» دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى پېئىل (ة) نى ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ.

أحمر شەرتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن غير المنصرف بولغان، يعمل بولسا (ة) نى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن منصرف بولغان.

[تەسىر كۆرسەتكۈچى علمية بار غير المنصرف ئەگەر نكرة قىلىنسا (يەنى تونۇش ئىسىم ناتونۇش ئىسىم قىلىنسا) منصرف بولىدۇ، چۈنكى يۇقىرىقىلاردىن شۇ مەلۇم بولدىكى، علمية تەسىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆرسەتكۈچى بولغان ھالەتتە پەقەت ئۈزى شەرت قىلىنغان ئىللەتلەر بىلەنلا بىرگە كېلىدۇ، علمية شەرت قىلىنمىغان ئىللەتلەر ئىچىدىن پەقەت العدل ۋە وزن الفعل بۇنىڭ سىرتىدا (يەنى علمية شەرت قىلىنمىغان ئىللەتلەر ئىچىدىن پەقەت العدل ۋە وزن الفعل لا علمية بىلەن بىرگە كېلىدۇ). ئۇ ئىككىسى (العدل ۋە وزن الفعل) بىر ــ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولۇپ، علمية ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بىلەنلا بىرگە كېلىدۇ ( يەنى ئۈچ ئىللەت: العدل، وزن الفعل، علمية بىرلا ۋاقىتتا بىرگە كەلمەيدۇ). ئەگەر تەسىر كۆرسەتكۈچى علمية بار غير المنصرف ئىسىملار نكرة قىلىنسا مەزكۇر ئىسىملار ئىللەتسىز ياكى بىر ئىللەت بىلەن قېپقالىدۇ].

ئىزاھات:

«تەسىر كۆرسەتكۈچى علمية بار غير المنصرف » دېگەنلىك:
مەيلى شەرتى بولسۇن، مەيلى شەرتى بولمىسۇن ھەر ھالدا ئىككى ئىللەتنىڭ بىرى علمية بولغان غير المنصرف ئىسىم دېگەنلىكتۇر. يەنە بەزى ئىسىملار علمية گە زادىلا ئېھتىياجى ياكى ئالاقىسى يوق بولۇپ، مۇستەقىل ھالدا غير المنصرف بولىدۇ. تأنيث گە ئوخشاش. يەنە بىر تەرەپتىن تەسىر كۆرسەتمەيدىغان علمية نىمۇ بۇ تەبىردىن يىراقلاشتۇرۇش نىشانلانغاندۇر. علمية تەسىر كۆرسىتىدىغان غير المنصرف ئالتىدۇر.بۇنىڭ ئىچىدە علمية شەرت بولۇپ تەسىر كۆرسىتىدىغان غير المنصرف تۆتتۇر: 1) تأنيث. 2) العجمة. 3) الألف و النون 4) التركيب. شەرت بولماي تەسىر كۆرسىتىدىغان غير المنصرف ئىككى: 1) العدل. 2) وزن الفعل.

المعرفة بولسا يۇقىرىقى ئالتە غير المنصرف دا ئايلانما خاراكتېرلىك دەۋر قىلىدۇ. قالغان ئىككىسى بولسا الوصف بىلەن الجمع بولۇپ، بۇلاردا علمية تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

خۇلاسىلىغاندا مەيلى علمية شەرت بولۇپ تەسىر كۆرسەتسۇن، مەيلى شەرت بولماي تەسىر كۆرسەتسۇن علمية تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق ئىسىملار نكرة قىلىنسا (يەنى علمية لىكى يوقالسا) ئۇ منصرف بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى علمية شەرت قىلىنغان ئىسىملاردىن علمية ئېلىپ تاشلانسا ئۇ ئىسىملارنىڭ غير المنصرف بولۇشىغا يارىغىدەك ھېچقانداق ئىللەتتى قالمايدۇ. ئەگەر علمية شەرت قىلىنمىغان ئەمما ئۇ يەنىلا تەسىر قىلىدىغان ئىسىملاردا بولسا ئۇ ئىسىملار پەقەت بىر ئىللەت بىلەنلا قېپقالىدۇ ــ دە، يەنىلا غير المنصرف بولالمايدۇ.

[أحمر گە ئوخشاش ئىسىملار علمية ئېلىپ تاشلانسىمۇ ئەسلىدىكى سۈپەتنى كۆزدە تۇتۇپ يەنىلا غير المنصرف بولىدۇ دېگەن كۆز قاراش بىلەن سىبۇەيھ ئەخفەشكە قارشى پىكىردە بولغان، حاتم نىڭ بابى سىبۇەيھگە تاقاشمايدۇ، (ئۇنداق بولمايدىكەن) قارىمۇقارشى ئىككى نەرسە بىر ھۆكۈمدە ئېتىبارغا ئېلىنىپ قالىدۇ، غير المنصرف نىڭ ھەممىسى (ال) ياكى ئىزافەت سەۋەبلىك كەسرە ئارقىلىق جر ئوقۇلىدۇ (منصرف بولىدۇ)].

ئىزاھات:

«أحمر گە ئوخشاش ئىسىملار» دېگىنىمىدىن ئەسلىدە سۈپەت بولغان ھەرقانداق ئىسىملار كۆزدە تۇتۇلغان.

««ئۇنداق بولمايدىكەن» قارىمۇ قارشى ئىككى نەرسە بىر ھۆكۈمدە ئېتىبارغا ئېلىنىپ قالىدۇ» دېگەنلىك: ئەگەر ئەسلىدىكى سۈپەت ئېتىبارى بىلەن غير المنصرف يەنىلا ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



هالىتى بىلەن قالىدۇ دېيىشكە توغرا كەلسە ئۇنداقتا حاتم گە ئوخشاش سۈپەت ئىسىملارنى بىر ئىللەتتى سۈپەت، يەنە بىر ئىللەتتى علمية دەپ غير المنصرف قىلىشاق بولمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەسلى سۈپەتنى ئېتىبارغا ئالمىغان ئىكەنمىز، ئۇنداقتا أحمر گە ئوخشاش ئىسىملارنىڭ ئەسلى سۈپەتنى ئېتىبارغا ئېلىش نە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بەرگەنلىكتۇر. (قارىمۇ قارشى ئىككى نەرسە: بىرى سۈپەت، يەنە بىرى علمية ).

# 1. الباب الأوّل فى المرفوعات

[رفع ئوقۇلىدىغان ئىسىم - فاعل بولۇشنىڭ ئالامىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىمدۇر].

ئىزاھات:

رفع ئوقۇلىدىغان ئىسىملارنى نصب ۋە جر ئوقۇلىدىغان ئىسىملارنىڭ ئالدىدا بايان قىلىشى رفع ئوقۇلىدىغان ئىسىملار جۈملىدە ئاساسىي ۋە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

«فاعل بولۇشنىڭ ئالامىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش» دېگەنلىك: جۈملىدە مبتدء بولۇپ كېلىپ، مبتدءنىڭ بەلگىلىرىنى قوبۇل قىلىش دېگەنلىكتۇر.

## 1. الفاعل

[رفع ئوقۇلىدىغان ئىسىملارنىڭ بىرى — فاعل دۇر. ئۇ (شۇنداق بىر ئىسىمكى) — ئۇنىڭغا پېئىل ياكى پېئىلغا ئوخشايدىغان ئىسىملار إسناد قىلىنىدۇ ھەمدە مەزكۇر پېئىل ياكى پېئىلغا ئوخشايدىغان ئىسىملارنىڭ ئىش — ھەرىكىتى شۇ ئىسىم سەۋەبى بىلەن مەيدانغا كەلگەن رەۋىشتە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. قام زيد ۋە زيد قائم أبوه دېگەنگە ئوخشاش].

ئىزاھات:

پېئىلغا ئوخشايدىغان ئىسىملار: الفاعل، المفعول، الصفة المشبهة، المصدر ۋە إسم الفعل لاردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



‹مەزكۇر پېئىل ياكى پېئىلغا ئوخشايدىغان ئىسىملارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى شۇ ئىسىم سەۋەبى بىلەن مەيدانغا كەلگەن رەۋىشتە › دېگەنلىك: مەزكۇر پېئىلدا تىلغا ئېلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى شۇ ئىسىم پەيدا قىلغان ئۇقۇمنى بىلدۈرگەن رەۋىشتە دېگەنلىكتۇر. بۇ تەبىر بىلەن تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدىغان ئىسىملار (المفعول) تەبىر دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

‹ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تىلغا ئېلىنىدۇ›: بۇ تەبىر بىلەن خەۋىرى پېئىللىق جۈملىلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ.

[ئەسلىدە پائىل پېئىلغا يېقىن تۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ضَرَبَ غُلامه زيدٌ دېيىش دۇرۇس، ضرب غلامه زيدًا دېيىش توغرا ئەمەس].

ئىزاھات:

‹ئەسلىدە پائىل پېئىلغا يېقىن تۇرۇشى كېرەك›: پېئىلنىڭ ئەگەشمە بولەكلىرى كۆپ بولغاچقا بۇنىڭ ئىچىدە فاعل پېئىلغا ئەڭ يېقىن بۆلەك ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى پېئىل فاعلسىز مەيدانغا كەلمەيدۇ. كەلتۈرۈلگەن مىسالغا بىر قاريغان ئادەم: فاعلنىڭ ئالدىدا تولدۇرغۇچى تۇرامدۇ؟ فاعل پېئىلغا قانداق يېقىن بولدى؟ بۇ قانداق مىسال دەپ سورىشى تەبىئىي، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، غُلامه دىكى ئالماش (الضمير) زيدٌ غا قايتىدۇ. زيدٌ تەقدىرەن غُلامه نىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، يەنىلا پېئىلغا يېقىن ھېسابلىنىدۇ.

[الفاعل ياكى المفعول دا إعراب يوقالسا ھەمدە (قايسىسىنىڭ الفاعل، قايسىسىنىڭ المفعول ئىكەنلىكىگە ئۇندەيدىغان) بىرەر بەلگە بولمىسا ياكى الفاعل پېئىلغا ئۇلىنىپ كەلگەن ئالماش (الضمير)

بولسا ياكى الفاعل نىڭ تولدۇرغۇچىسى (المفعول) ‹إلا› ۋە ئۇنىڭ مەنداشلىرىدىن كېيىن كەلسە الفاعل نى المفعول دىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش زۆرۈردۇر].

ئىزاھات:

‹الفاعل ياكى المفعول دا إعراب يوقالسا ھەممىدە (قايسىسىنىڭ الفاعل، قايسىسىنىڭ المفعول ئىكەنلىكىگە ئۇندەيدىغان) بىرەر بەلگە بولمىسا. بۇنىڭ مىسالى: ضرب موسى عيسى. ئەمما بىرەر بەلگە بولسا ئىلگىرى كېيىن كەلسە بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن: أكل الكمثرى يحيى (يەنى قۇرت ئامۇتنى يېدى).

‹الفاعل پېئىلغا ئۇلىنىپ كەلگەن ئالماش(الضمير) بولسا، بۇنىڭ مىسالى: ضربتُ زيدا، ضربتُكَ.

‹الفاعل نىڭ تولدۇرغۇچىسى (المفعول) ‹إلاّ› ۋە ئۇنىڭ مەنداشلىرىدىن كېيىن كەلسە، دېگەننىڭ مىسالى: ما ضرب زيدٌ إلاّ عمرًا . (‹الا›نىڭ مەنداشلىرى: انما دېگەندەك).

[ئەگەر الفاعل غا ئۇنىڭ تولدۇرغۇچى (المفعول) سىنىڭ ئالمىشى ئۇلىنىپ كەلسە ياكى الفاعل ‹إلاّ› ۋە ئۇنىڭ مەنداشلىرىدىن كېيىن كەلسە ياكى پېئىلغا بىۋاسىتە ئۇلانمىغان الفاعل غا ئۇنىڭ تولدۇرغۇچىسى (المفعول) ئۇلىنىپ كەلسە (يەنى المفعول نىڭ ئالمىشى پېئىلغىلا ئۇلىنىپ الفاعل نى پېئىلدىن ئايرىۋەتسە) الفاعل نى المفعول دىن كېيىن كەلتۈرۈش زۆرۈردۇر].

ئىزاھات:

‹ئەگەر الفاعل غا ئۇنىڭ تولدۇرغۇچى (المفعول) سىنىڭ ئالمىشى ئۇلىنىپ كەلسە، دېگەننىڭ مىسالى: ضرب زيدًا غلامه.

‹الفاعل ‹إلاّ› ۋە ئۇنىڭ مەنداشلىرىدىن كېيىن كەلسە، دېگەننىڭ مىسالى: ما ضرب عمرًا إلاّ زيدٌ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



‹پېئىلغا بىۋاسىتە ئۇلانمىغان الفاعل غا ئۇنىڭ تولدۇرغۇچىسى (المفعول) ئۇلىنىپ كەلسە› دېگەنىنىڭ مىسالى: ضربكَ زيدٌ.

[ گاھىدا (چۇشۇپ قالغانلىقىغا) بىرەر ئالامەت بولغاندا پېئىلنى قالدۇرۇپ قويۇش (چۇشۇرۇپ قويۇش) دۇرۇستۇر. من قام ؟ دېگەن كىشىنىڭ جاۋابىدا زيدٌ دەپ جاۋاپ بەرگەندەك ۋە تۆۋەندىكى شېئىردىكىدەك: وَلْيُبْكَ يزيدُ ضارعٌ لخصومة * ومختبط مما تطيح الطوائح (دەۋادا ئاجىز ۋە بېشىغا بالا ـ قازا كەلگۈچى يەزىدقا يىغلىسۇن). گاھىدا ئۇ پېئىلنى قالدۇرۇپ قويۇش زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشاش: وان أحد من المشركين استجارك. گاھىدا بولسا پېئىل ۋە الفاعل بىرگە قالدۇرۇلىدۇ. أقام زيد؟ دېگەن سوئالغا نعم! دەپ جاۋاب بەرگەندەك].

ئىزاھات:

بۇ قائىدىلەردىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، پېئىلنى قالدۇرۇپ قويۇش ئىككى خىل: بىرى دۇرۇس، يەنە بىرى زۆرۈر. دۇرۇس بولغىنىغا ئىككى مىسال كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئالدىنقىسىدا پېئىلنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىغا روشەن ئالامەت بار، چۈنكى من قام؟ دېگەن سوئالغا زيدا! دەپ جاۋاب بېرىشلا زيد سۆزىنىڭ ئەسلىدە قام زيد ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. كېيىنكى مىسال بولسا (شېئىر) پېئىلنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىغا روشەن ئالامەت بولماستىن تەقدىرەن ئالامەت بارلىقىغا كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر، يەنى ضارع نىڭ ئالدىدا يىكيە دېگەن پېئىل چۈشۈپ قالغان، بۇنى ‹كىم يىغلايدۇ؟› دېگەن سوئالنى تەقدىر قىلىپ جاۋابىدا يىكيە ضارع دەيمىز ـ دە، چۈشۈپ قالغان پېئىلنى قىياسەن تاپىمىز.

پېئىلنى قالدۇرۇپ قويۇش زۆرۈر بولغان جايلار بولسا جۈملە ئىچىدە پېئىلنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىپنىق بەلگە بار جۈملىلەردۇر. ئايەتتىكى استجارك سۆزى أحد نىڭ ئالدىدا يەنە بىر استجارك دېگەن سۆزنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

1) تنازع الفعلين (ئىككى پېئىلنىڭ تالاش - تارتىشى)

[ئەگەر ئىككى پېئىل ئۆزلىرىدىن كېيىن كەلگەن (يەنى ئىككى پېئىلدىن كېيىن كەلگەن) بىر ئاشكارا ئىسىمنى تالىشىپ قالسا بۇ تالىشىش گاھىدا ئۇ ئىسىمنىڭ الفاعل بولۇشىنى تالىشىش بولىدۇ، مەسىلەن: ضربنى و أكرمنى زيد دېگەندەك، گاھىدا ئۇ ئىسىمنىڭ بولۇشىنى تالىشىدۇ، مەسىلەن: ضربت و أكرمت زيدا دېگەندەك، گاھىدا بولسا ئوخشىمىغان ھالدا بىرى الفاعل دەپ يەنە بىرى المفعول دەپ تالىشىدۇ.]

ئىزاھات:

‹ئىككى پېئىلدىن كېيىن›، دېيىلىشى: ئىككى پېئىلنىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىسىمدا تالاش – تارتىش بولمايدۇ، ئۇ ئالدىنقى پېئىلنىڭ ئەگەشمە بۆلىكى قىلىنىدۇ.

‹ئاشكارا ئىسىم› دېيىشى: ئىككى پېئىلدىن كېيىن كەلگەن ئىسىم ئالماش (الضمير) بولۇپ قالسا ئۇ قايسى پېئىلغا ئۇلىنىپ كەلسە شۇ پېئىلنىڭ ئەگەشمە بۆلىكى بولىدۇ.

بۇ تالاش – تارتىشنىڭ ئومۇمىي شەكلى مۇنداق تۆت خىل بولىدۇ:

1. مەزكۇر ئىسىمنى ھەر ئىككىسى الفاعل دەپ تالىشىدۇ، ضربنى و أكرمنى زيد دېگەندەك.

2. ھەر ئىككىسى المفعول دەپ تالىشىدۇ، ضربت و أكرمت زيدا دېگەندەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



3. ئالدىنقىسى الفاعــــل دەپ، كېيىنكىسى المفعـــول دەپ تالىشىدۇ، ضربنى و أكرمتُ زيدا دېگەندەك.

4. ئالدىنقىسى المفعــول دەپ، كېيىنكىسى الفاعـــل دەپ تالىشىدۇ، ضربت و أكرمنى زيد دېگەندەك.

[يۇقىرىقى ھالەتلەردە «بەسرە» گرامماتىكاشۇناسلىرى: تالاشتا قالغان ئىسىم ئىككىنچى پېئىلنىڭ ئەگەشكۈچىسى بولىدۇ دەپ قارايدۇ، «كۇفە» گرامماتىكاشۇناسلىرى بولسا: ئۇ ئىسىم ئالدىنقى پېئىلغا مەنسۇپ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئىسىمنى ئىككىنچى پېئىلغا بېرىۋەتسەك، ئالدىنقى پېئىلنىڭ الفاعل نى چۈشۈرۈپ قويماستىن ـ كىسائىينىڭ كۆز قارىشىنىڭ قارشىسىچە ـ ئاشكارا ئىسىمغا (كېيىنكى پېئىلغا بېرىۋەتكەن ئىسىمغا) مۇۋاپىق قىلىپ الضـــمير كەلتۈرىسەن. (بىرىنچى پېئىلنىڭ ئېھتىياجى بولسىمۇ تالاشتا قالغان ئىسىمنى ئىككىنچى پېئىلغا بېرىۋېتىش) «فــەررائ» دىن باشقا گرامماتىكاشۇناسلار نەزىرىدە دۇرۇستۇر].

ئىزاھات:

«بەسرە» گرامماتىكاشۇناسلىرىنىڭ ئىككىنچى پېئىلنىڭ خىزمىتىنى قوللىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئىككىنچى پېئىل ـ تالاشتا قالغان ئىسىمغا يېقىن، مەزكۇر ئىسىمنىڭ يېنىدىلا باشقۇرغۇچى بار يەردە يىراقتىكى پېئىلغا قارىمايمىز، دەپ قارىغان.

«كۇفە» گرامماتىكاشۇناسلىرى بولسا: ئالدىنقى پېئىل كېيىنكى پېئىلغا قارىغاندا مەزكۇر ئىسىمغا بالدۇر بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ئالدىنقىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ،

كېيىنكى پېئىلنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىغان.

بۇ يەردە شۇ نەرسە ئېنىق بولسۇنكى، بۇلارنىڭ تالاش - تارتىشلىرى «قايسىسى ئەۋزەل؟» دېگەن نۇقتىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، مەزكۇر ئىسىم قايسىسىغىلا مەنسۇپ بولسا ھەر ئىككى تەرەپ نەزىرىدە دۇرۇس بولىدۇ، بىراق ياخشىراقى مۇنداق ... بولىدۇ دەپ تالاشىدۇ... بۇ نۇقتىغا ياخشى دىققەت قىلىنىش كېرەك.

كىسائىي نىڭ كۆز قارىشىچە: تالاشتا قالغان ئىسىمنى كېيىنكى پېئىلغا بېرىش توغرا ئەمما ئالدىنقى پېئىلغا ضمير كەلتۈرۈش ھاجەتسىز.

فەررائىنىڭ كۆز قارىشىدا: ئالدىنقى پېئىل الفاعل نى تەلەپ قىلسا تالاشتا قالغان ئىسىمنى چوقۇم بېرىش كېرەك، ئەمما زۆرۈر بولمىغان نەرسىنى تەلەپ قىلسا مەسىلەن: تولدۇرغۇچىدەك، ئۇ ھالدا بىرىنچى پېئىلغا بەرمىسەكمۇ بولىدۇ.

[ئەگەر بىرىنچى پېئىل (المفعول دىن) بىھاجەت بولۇنسا المفعول نى ئېلىپ تاشلايسەن، ئۇنداق بولمىسا بىرىنچى پېئىلغىمۇ المفعول نى ئاشكارا كەلتۈرىسەن]

ئىزاھات:

تالاشتا قالغان ئىسىمنى ئىككىنچى پېئىلغا بېرىۋەتكەن تەقدىردە بىرىنچى پېئىل المفعول نى تەلەپ قىلسا قاراپ باقىمىز: ئەگەر بىرىنچى پېئىلدىن كېيىن المفعول نى تىلغا ئالمىساقمۇ مەنا ئۇچۇق بىلىنسە ئۇ ھالدا بىرىنچى پېئىلدىن كېيىن المفعول نى زىكرى قىلمايمىز، ئەمما ئۇنى تىلغا ئالمىساق مەنا ئۇچۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىپادىلەنمىسە ئۇ ھالدا المفعول نى بىرىنچى پېئىلدىن كېيىن تىلغا ئالىمىز. مەسىلەن: حسبنى منطلقا و حسبت زيدا منطلقا.

[ئەگەر (تالاشتا قالغان ئىسىمنى) بىرىنچى پېئىلغا بەرسەك، ئىككىنچى پېئىلنىڭ الفاعل نى ضمير كەلتۈرسەن،(ئىككىنچى پېئىلنىڭ) المفعول نى بولسا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن كۆز قاراش بويىچە بىر تەرەپ قىلىسەن (ضمير كەلتۈرسەن)، پەقەت (ضمير كەلتۈرۈشكە) توسالغۇ بولۇپ قالغاندىلا المفعول نى ئاشكارا كەلتۈرسەن، (ئىمرىئلقەيس)نىڭ مۇنۇ شېئىرى (بىز توختىلىۋاتقان) تالاش - تارتىشلار جۈملىسىدىن ئەمەس، ئۇنداق بولغاندا (شېئىردىكى) مەنا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ: كفانى ولم أطلب قليل من المال]

ئىزاھات:

‹پەقەت (ضمير كەلتۈرۈشكە) توسالغۇ بولۇپ قالغاندىلا المفعول نى ئاشكارا كەلتۈرسەن› دېگەننىڭ مىسالى: حسبنى و حسبتهما منطلقين الزيدان منطلقا.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان شېئىرنىڭ باشلىنىشى مۇنداق:

لو كنت أسعى لأدنى معيشة　　كفانى ولم أطلب قليل من المال

مەنىسى: ئەگەر مەن ئاددىي تۇرمۇشنى دەپ ئىزدەنگەن بولسام، ئازغىنە مال - دۇنيا كۇپايە قىلاتتى، ئۇنچە ئىزدەنمىگەن بولاتتىم.

ئەگەر قليل من المال نى لم أطلب نىڭ تولدۇرغۇچىسى قىلىنسا شائىرنىڭ ئىپادىلىشى قالايمىقانلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق شائىرلار بۇنچىلىك ئىبارىلەردىكى مەنىلەرنى ياخشى بىلىدۇ ۋە ئەڭ يۇكسەك پەللىدە ئىپادە قىلالايدۇ، ئۇنىڭ نىمە ھەققىدە ئىزدەنگەنلىكى شېئىرنىڭ كېيىنكى قۇرلىرىدا جۇلالىنىدۇ.

## 2. مفعول مالم يسم فاعله

ئورۇنباسار الفاعـــل – الفاعـــل قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغان ھەرقانداق المفعول «ئورۇنباسار الفاعل» دۇر. ئۇنىڭ الفاعل نىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇشىنىڭ شەرتى: پېئىلنىڭ شەكلى فُعِلَ ياكى يُفْعَلُ غا ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. علمت بابىدىن ئىككىنچى المفعول، أعلمت بابىدىن ئۈچىنچى المفعول ۋە المفعول له (سەۋەب– مەقسەت تولدۇرغۇچىسى)، المفعـــول معـــه (بىللىلىك تولدۇرغۇچىسى) ...لار «ئورۇنباسار الفاعل» بولالمايدۇ.

ئىزاھات:

«ئورۇنباسار الفاعل» ئادەتتە ئەرەبچىدە مفعول ما لم يسم فاعلـــه ياكى نائـــب الفاعـــل دېيىلىدۇ، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىدىنلا «ئورۇنباسار الفاعل» نىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا بىلىنىدۇ.

المفعول – الفاعل نىڭ ئورنىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۇنى باشقۇرىدىغان پېئىلمۇ مەلۇمدىن مەجھۇل دەرىجىگە ئۆتۈشى كېرەك، فُعِـــلَ دېگىنى ھەر قانداق ئۆتكەن زامان پېئىلىنى كۆرسىتىدۇ، يُفْعَلُ دېگىنى ھەرقانداق كېلىدىغان زامان پېئىلىنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئۇلار چوقۇم «ئورۇنباسار الفاعـــل» كەلگەندە مەجھۇل دەرىجىگە ئۆزگىرىشى كېرەك.

«علمـــت بابى» - (يەنە بىر ئاتىلىشى: «افعـــال القلـــوب – دىللارنىڭ پېئىلى») ئىككى تولدۇرغۇچىلىق ئۆتۈملۈك پېئىللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پېئىللارنى «دىللارنىڭ پېئىلى» دېيىش شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ پېئىللارنىڭ مەزمۇنى ئادەتتە كۆڭۈلگە چېتىشلىق يەنى ئىچكى سېزىم ئارقىلىق مەنىسى مەلۇم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىككى تولدۇرغۇچىسى ئىگە – خەۋەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



‹أعلمت بابى› - ئۈچ تولدۇرغۇچىلىق ئۆتۈملۈك پېئىللارنى كۆرسىتىدۇ.

[ئەگەر (جۈملىدە) المفعول بـه تېپىلسا ئۇ هالدا ئۇنىڭ ‹ئورۇنباسار الفاعل› بولۇشى تەيىن تاپىدۇ. مەسىلەن: ضُرِب زيدٌ يومَ الجمعة أمامَ الامير ضربًا شديدًا فى داره. مانا زيد ‹ئورۇنباسار الفاعل› بولدى، ئەگەر جۈملىدە المفعول به بولمىسا (جۈملىدىكى) قالغان بۆلەكلەر باراۋەردۇر].

ئىزاهات:

ئەگەر بىر جۈملىدە ‹ئورۇنباسار الفاعل› بولۇشقا يارايدىغان بىر قانچە بۆلەك بولسا، بۇنىڭ ئىچىدە المفعول به بولسىلا ئۇ بىرىنچى بولۇپ ‹ئورۇنباسار الفاعل› بولۇشقا تەيىن تاپىدۇ. ئەگەر شۇ جۈملىدە المفعول به بولمىسا، ئۇ هالدا قالغان بۆلەكلەرنىڭ قايسىسىنى ‹ئورۇنباسار الفاعل› قىلسا بولىۋېرىدۇ.

كەلتۈرۈلگەن مىسالدا ضربًا دىن كېيىن شديدًا نى قوشۇپ قويۇشتىكى مەقسەت ‹المصدر› نىڭ مەخسۇس زىكرى قىلىنماي تۇرۇپ ‹ئورۇنباسار الفاعل› بولالمايدىغانلىقىغا ئىشارە قىلىش ئۈچۈندۇر.

[ أعطيتُ بابىنىڭ بىرىنچى تولدۇرغۇچىسى (‹ئورۇنباسار الفاعل› بولۇشقا) ئىككىنچى تولدۇرغۇچىدىن ياخشىراقتۇر].

ئىزاهات:

‹أعطيتُ بابى› دېگەندىن ئىككى تولدۇرغۇچىلىق پېئىللار بابى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ‹علمت بابى› بابىدىن پەرقى شۇكى‹علمت بابى› بابىنىڭ ئىككى تولدۇرغۇچىسى ئۆزئارا ئىگە – خەۋەر بولىدۇ، ‹أعطيتُ بابى› نىڭ بولسا ئۇنداق بولمايدۇ.

### 3. 4. المبتدء والخبر

[ (المرفوعات نىڭ 3 ـ 4 ـ سى) ئىگە (مبتداء)، خەۋەردۇر.
مبتداء : ـ تەلەپپۇزلۇق باشقۇرغۇچىدىن خالىي بولغان (مۇسنەدۇن ئىلەيھى) ھالىتىدىكى ئىسىمدۇر ياكى مەنپىي ھەرپ (حرف النفي) دىن كېيىن ياكى سوراقنىڭ ئەلىفى (ألف الاستفهام) دىن كېيىن كېلىپ، ئاشكارا بىر ئىسىمنى رفع قىلىدىغان سۈپەتتۇر.
مەسىلەن: زيد قائم، ما قائم الزيدان، أقائم الزيدان... ئەگەر مەزكۇر سۈپەت مفرد ئىسىمغا مۇۋاپىق بولۇپ قالسا ئىككىلىسى دۇرۇس بولىدۇ].

ئىزاھات:

مبتداء ـ خەۋەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان، شۇڭا ئاپتور بۇ يەردە ئىككىسىنى بىراقلا بايان قىلغان.

(تەلەپپۇزلۇق باشقۇرغۇچىدىن خالىي بولغان) دېگەن سۆز: مەزكۇر ئىسىمنى باشقۇرغۇچى چوقۇم مەنىۋى ئامىل دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

((مۇسنەدۇن ئىلەيھى، ھالىتىدىكى) دېگەن سۆز بىلەن (خەۋەر) بۇ تەبىردىن يىراقلاشتى، چۈنكى (خەۋەر) دائىم (مۇسنەدۇن بىھى) بولىدۇ. (مۇسنەدۇن ئىلەيھى) نى ئۇيغۇر تىلىدا بېقىندۇرغۇچى دەيمىز، (مۇسنەدۇن بىھى) نى بولسا بېقىنغۇچى دەيمىز.

تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان سۈپەت إسم الفاعل، إسم المفعول، الصفة المشبهة... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

( مبتداء)نىڭ يۇقىرىقى تەبىردىن ئۇنىڭ ئىككى خىل بولىدىغانلىقى مەلۇمدۇر. زيد قائم ئالدىنقى خىل (ئىگە)نىڭ مىسالى، ما قائم الزيدان بولسا حرف النفي دىن كېيىن كەلگەننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىسالى، أقائم الزيدان بولسا ألف الاستفهام دىن كېيىن كەلگەننىڭ مىسالىدۇر.

«سۈپەت مفرد ئىسىمغا مۇۋاپىق» بولغاننىڭ مىسالى: أقائم زيد.

«ئىككىلىسى دۇرۇس بولىدۇ» دېگەنلىك: بىرى مەزكۇر سۈپەت ئىككىنچىسى «مبتداء» بولىدۇ. بۇ چاغدا قائم «مبتداء» ھەم إسم الفاعل بولىدۇ، زيد - قائم نىڭ الفاعل ى بولىدۇ. يەنە بىرى مەزكۇر سۈپەتنى «مبتداء» دىن ئىلگىرى كەلگەن «خەۋەر» قىلىپ، زيد نى «خەۋەر» دىن كېيىن كەلگەن «مبتداء» قىلىش يەنى بىرىنچى خىل «مبتداء» دىن قىلىشتۇر.

[خەۋەر ــ تەلەپپۇزلۇق باشقۇرغۇچىدىن خالىي، يۇقىرىقى سۈپەتلەرنىڭ قارشىسىدا تۇرىدىغان، «مۇسنەدۇن بىھى» بولغان ئىسىمدۇر].

ئىزاھات:

«تەلەپپۇزلۇق باشقۇرغۇچىدىن خالىي» دېگەن سۆز: مەزكۇر ئىسىمنى باشقۇرغۇچى چوقۇم مەنىۋى ئامىل دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

«يۇقىرىقى سۈپەتلەرنىڭ قارشىسىدا تۇرىدىغان» دېگەن سۆز: ئىككىنچى خىل «مبتداء» غا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ دېگەنلىكتۇر.

[«مبتداء» نىڭ خەۋەردىن ئىلگىرى كېلىشى ئەسلىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن فى داره زيد دېگەن جۈملە دۇرۇس، صاحبها فى الدار دېگەن جۈملە دۇرۇس ئەمەستۇر. گاھىدا نكرة نى مەلۇم ئۇسلۇب بىلەن خاسلاشتۇرۇلسا مبتداء بولۇپ قالىدۇ، مەسىلەن: ولعبد

مؤمن خير من مشرك، أرجل في الدار أم امرأة؟، ما أحد خير منك، شرٌّ أهرَّ ذاناب، في الدار رجل، سلام عليك دېگەندەك].

ئىزاھات:

زيد نىڭ قانۇنلۇق ئورنى ئەسلىدىنلا في داره نىڭ ئالدىدا بولغاچقا بۇ جۈملە دۇرۇس، صـاحبها دېكى ضـمير - الـدار غا يانىدىغانلىقى ئۈچۈن (بۇ يەردە صاحبها مبتداء ) بۇ جۈملە دۇرۇس بولمايدۇ.

مبتداء نىڭ المعرفة بولۇشى ئەسلىدۇر، ئەگەر ئۇ نكـرة بولۇپ قالسا ئۇنىڭدا چوقۇم باشقا نكـرة لەردىن پەرقلىنىدىغان مەلۇم خاسلىق بولۇشى كېرەك. تۆۋەندىكى مىساللار تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن خاسلىققا ئېرىشتى:

ولعبد مؤمن خير من مشرك بۇنىڭدا عبد دېگەن نكرة ئىسىم مـؤمن دېگەن سۈپەت بىلەن خاسلاشتى. (خاسلاشتى دېگەنلىك معرفة بولدى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى معرفـة گە يېقىنلاشتى دېگەن مەنىدا).

أرجل في الدار أم امرأة؟ بۇنىڭدا رجل دېگەن نكـرة ئىسىم همزة الاستفهام غا يۆلىنىپ خاسلاشتى.

ما أحد خير منك بۇنىڭدا أحد دېگەن نكـرة ‹حـرف النفـي› بىلەن خاسلاشتى.

شرٌّ أهرَّ ذاناب بۇنىڭدا شرٌّ دېگەن نكرة ئۆزىنىڭ پېئىلىدىن ئىلگىرى كېلىش بىلەن خاسلاشتى.

في الدار رجل بۇنىڭدا رجل دېگەن نكرة خەۋەرنىڭ ‹ئىگە› دىن ئىلگىرى كېلىشى بىلەن خاسلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سلام عليك بۇنىڭدا سلام دېگەن نكـرة ئەسلىدىنلا چۈشۈپ قالغان بىرىنچى شەخسكە مۇناسىۋەتلىك ‹ي› بىلەن خاسلاشتى، ئەسلىسى: سلامي عليك ئىدى.

[خەۋەر گاھىدا جۈملە بولىدۇ. زيد أبوه قائم، زيد قام أبوه دېگەندەك، بۇ چاغدا چوقۇم جۈملىدىن مبتداء غا يانىدىغان ضمير بولۇشى كېرەك، گاھىدا ئۇنداق ضمير چۈشۈپ قالىدۇ]

ئىزاھات:

خەۋەر ـ مبتداء نىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر قىلىدىغان بولغاچقا مبتداء نىڭ ئەھۋالى گاھىدا ئاددىي، گاھىدا مۇرەككەپ بولىدۇ. ئاددىي خەۋەرلەرنى بىر ــ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئۇقتۇرغىلى بولغان بىلەن، گاھى مۇرەككەپ خەۋەرلەرنى نەچچە جۈملە ھەتتا نەچچە ئابزاس بىلەن ئاران ئۇقتۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا خەۋەرنىڭ جۈملە (جۈملىلەر ئىچىدە پەقەت ئىنشائىي جۈملىلەرلا خەۋەر بولۇشقا يارىمايدۇ) شەكلىدە كېلىشى نورمال ئەھۋالدۇر. ئەگەر خەۋەر جۈملە بولۇپ قالسا مبتداء بىلەن خەۋەرنى بىر ــ بىرىگە باغلاش ئۈچۈن چوقۇم مەزكۇر جۈملىدە مبتداء غا يانىدىغان بىر قايتقۇچى (عائد) بولۇشى كېرەك (ئۇ عائد مەيلى ضمير بولسۇن مەيلى ‹ال› بولسۇن ھەر ھالدا مبتداء بىلەن خەۋەرنى بىر ــ بىرىگە باغلىيالايدىغان بولسۇن. عائد ضمير بولغاننىڭ مىسالى تېكىستتىكى مىسالدۇر، عائد ‹ال› بولغاننىڭ مىسالى: نعم زيد الرجل بولۇپ الرجل دىكى ‹ال› زيد گە قايتىدۇ.). ئۇ عائد چۈشۈپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىغا بىرەر ئالامەت بولسا ئۇنداق عائد نى قالدۇرۇۋەتسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: البر الكر بستين درهما دە ئەسلىسى البر منه بستين درهما بولۇپ ساتارمەننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى منه نى دېيىشتىن بىھاجەت قىلىدۇ.

ئالدىنقى مىسال ئىسىملىق جۈملە ئۈچۈن، كېيىنكى مىسال پېئىللىق جۈملە ئۈچۈن مىسالدۇر.

[ئەگەر خەۋەر ئورۇن ـ ۋاقىت رەۋىشى (ظـرف) بولۇپ قالسا، كۆپىنچە ئالىملار ئۇنىڭغا جۈملىنى تەقدىر قىلىمىز (يەنى ئۇنىڭ ئەسلىنى جۈملە) دەپ قارايدۇ].

ئىزاھات:

جۈملىنى تەقدىر قىلغانلىقنىڭ مىسالى: زيد في الدار دېسەك ئۇنىڭ تەقدىرى زيد استقر في الدار دېگەن بولىدۇ.

يۇقىرىقى پىكىر كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ پىكرى بولۇپ ئاز ساندىكى ئالىملار جۈملىنى تەقدىر قىلماي ثابت، مستقر دېگەندەك يالغۇز سۆزلەرنى تەقدىر قىلىمىز دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ: خەۋەر ئەسلىدىنلا يالغۇز سۆز بولۇشى ياخشىدۇر، شۇڭا بۇ يەردىمۇ يالغۇز سۆز (مفـرد)نى تەقدىر قىلىمىز دەپ قارايدۇ. ئالدىنقى ئالىملار (كۆپچىلىك ئالىملار) باشقۇرغۇچى ئەسلىدە پېئىل بولغىنى ياخشى ئىدى، شۇڭا بۇ يەردە پېئىلنى تەقدىر قىلىمىز دەپ قارايدۇ.

[ ئەگەر مبتداء جۈملىنىڭ بېشىدا تۇرۇشقا تېگىشلىك مەنانى ئىپادىلىسە: من أبوك؟ دېگەندەك ياكى مبتداء ـ خەۋەر ئوخشاشلا المعرفة بولۇپ قالسا ياكى (ئوخشاشلا) خاسلىقىدا باراۋەر بولۇپ قالسا: أفضل منك أفضل مني دېگەندەك ياكى خەۋەر مبتداء نىڭ پېئىلى بولۇپ قالسا: زيد قام دېگەندەك... (بۇ ھالەتلەردە) مبتداء نى خەۋەردىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش لازىم].

ئىزاھات:

«جۈملىنىڭ بېشىدا تۇرۇشقا تېگىشلىك مەنا» دېگىنىمىز: شۇ سۆزنىڭ جۈملىنىڭ باش تەرىپىدە كېلىشىنى گراماتىكا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەقەززا قىلغان سۆز دېيىلىدۇ. مەسىلەن: سوراق سۆزلىرىگە ئوخشاش.

ئىككىنچىسى المعرفة بولغانىنىڭ مىسالى: زيد المنطلق، المطلق زيد، الله الهنا، محمد نبينا

يۇقىرىقى شەكىللەردە مبتداء نىڭ خەۋەردىن ئىلگىرى كېلىشىنىڭ زۆرۈر بولۇشىدىكى سەۋەب: قايسىسىنىڭ مبتداء، قايسىسىنىڭ خەۋەر ئىكەنلىكىدىكى پەرقنى ئاجرىتىش ئۈچۈندۇر. ئەمما بىر قاراپلا قايسىسى خەۋەر، قايسىسى مبتداء ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا، خەۋەر مبتداء دىن ئىلگىرى كەلسىمۇ بولىدۇ.

[ئەگەر يالغۇز خەۋەر (الخبر المفرد) جۈملىنىڭ بېشىدا تۇرۇشقا تېگىشلىك مەنىنى ئىپادىلىسە: أين زيد؟ دېگەندەك ياكى ئۇ خەۋەر مبتداء نى دۇرۇس قىلغۇچى (مبتداء نىڭ مبتداء بولۇشىغا يول هازىرلىغۇچى) بولسا: في الدار رجل دېگەندەك ياكى خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇم بىر ئالماش (ضمير) مبتداء غا ئەگىشىپ كەلسە: على التمرة مثلها زبدا دېگەندەك ياكى خەۋەر ‹أن›لىك جۈملىدىن تۈزۈلگەن مبتداء نىڭ خەۋىرى بولۇپ قالسا: عندي أنك قائم دېگەندەك... (بۇ هالەتلەردە) خەۋەرنى مبتداء دىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش زۆرۈردۇر].

ئىزاھات:

ئاخىرقى مىسالدا خەۋەرنىڭ مبتداء دىن ئىلگىرى كېلىشى جۈملىدىكى ‹ان› ۋە ‹أن›نىڭ شەكلىي پەرقىنى ئاجرىتىش ئۈچۈندۇر.

[ (بىر دانە مبتداء نىڭ بىر قانچە خەۋىرى بولسا بولۇۋېرىدۇ: زيد عالم عاقل دېگەندەك].

ئىزاھات:

ئەمما ئىككى مبتداء نىڭ بىر خەۋىرى بولسا بولمايدۇ، چۈنكى مبتــــداء سۈپەتلەنگۈچى، هــەر بىــر سۈپەتلەنگۈچكە ئــاز دېگــەندە بىردىن سۈپەت بولۇشى كېرەك.

[گــاهىدا ئىگــە شــەرت مەنىســىنى ئــۆز ئىچىگــە ئالــدۇ، بــۇ ۋاقىتتــا ئــۇنىڭ خــەۋىرىنىڭ ئالــدىغا ‹ف› قوشــۇلۇپ كەلســە دۇرۇس بولــدۇ. بــۇ خىــل ئىگــىلەر: صــــلةسى (ئۇلانمىسى) پېئىل يــاكى ئورۇن ــ ۋاقىت رەۋىشى (ظرف) بولغان الإســـم الموصـــول يــاكى پېئىللىق جۈملە ۋە ظرف بىلەن سۈپەتلەنگەن نكرة ئىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ: الذى يأتيني أو فى الدار فله درهم، كل رجل يأتيني أو فى الدار فله درهم دېگــەندەك. ليت ۋە لعل بارلىق ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا مەزكۇر ‹ف› نىڭ خەۋەرگە قوشۇلۇشىنى چەكلەيدۇ. بەزى گراممائىكاشۇناسلار (كەسىرلىك) ‹ان›نــى ليـــت ۋە لعـــل قاتارىغا قوشۇۋەتتى].

ئىزاھات:

ئاپــتور بــۇ يــەردە ‹شــەرت مەنىســىنى ئــۆز ئىچىگــە ئالــدۇ› دېگــەنلىكى ئۈچــۈن، ‹ خــەۋىرىنىڭ ئالــدىغا ‹ف› قوشــۇلۇپ كەلســە دۇرۇس بولـدۇ› دېدى. ئەگەر ‹شەرت مەنىسى› ئەمەس، شەرت ئۆزىنى شەكلەن ئۆز ئىچىگە ئالسا بۇ ۋاقىتتا خەۋەرگە ‹ف› كېلىشى زۆرۈر بولــدۇ. تېكىســتتە ‹دۇرۇس› دېيىلگىنىنى شــۇ ئىگىنىڭ خەۋىرىگە ‹ف›نى قوشساڭمۇ بولىدۇ، قوشمىساڭمۇ بولىدۇ دېگەنگە ئىشارە.

ئاپتورنىڭ ‹صلةسى پېئىل ياكى ظــرف بولغان› دېگىنى بۇ خىل ئىگىنىڭ خەۋىرى پېئىللىق جۈملە بولىدۇ دېگەنگە ئىشارە قىلغىنىدۇر. ئەمما بۇ خىل ئىگىنىڭ خەۋىرى ئىسىملىق جۈملە بولۇپ قالسا بولمايدۇ، چۈنكى بىز بۇ يەردە شەرت مەنىسى بار جۈملىلەر ئۈستىدە توختىلىۋاتىمىز، ئادەتتە شەرتلىك جۈملە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پېئىللىق جۈملىدىن ھاسىل بولىدۇ، ئىسىملىق جۈملىدە بولسا شەرتنىڭ پۇرىقى تېپىلمايدۇ.

الذى يأتيني فله درهم بۇ جۈملە صلةسى پېئىل بولغان الإسم الموصول نىڭ خەۋىرىگە ‹ف› قوشۇلغان جۈملىنىڭ مىسالىدۇر. الذى فى الدار فله درهم بۇ جۈملە بولسا صلةسى ظرف لىك الإسم الموصول نىڭ خەۋىرىگە ‹ف› قوشۇلغان جۈملىنىڭ مىسالىدۇر. كل رجل يأتيني فله درهم بولسا پېئىللىق جۈملە بىلەن سۈپەتلەنگەن نكرة نىڭ خەۋىرىگە ‹ف› قوشۇلغانىنىڭ مىسالى، كل رجل فى الدار فله درهم بولسا ظرف بىلەن سۈپەتلەنگەن نكرة نىڭ خەۋىرىگە ‹ف› قوشۇلغانىنىڭ مىسالىدۇر.

ليت ۋە لعل ئادەتتە جۈملىنى ئىنشا جۈملىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، ئىنشا جۈملە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك خەۋەر بولالمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ‹ف› قوشۇلۇپ كەلمەيدۇ. ‹ان›نى ليت ۋە لعل گە قوشۇۋەتكەن كىشى سىبۇەيھدۇر.

[كاھىدا (ئۇقۇمنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەت بولسا ئىگە چۈشۈپ قالىدۇ، يېڭى ئاي (ھىلال)نى كۆرگەن ئادەمنىڭ: الهلال! والله! دېگىنىگە ئوخشاش. خەۋەرمۇ (يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا) چۈشۈپ قالسا دۇرۇس بولىدۇ: خرجت فاذا السبع دېگەندەك، خەۋەرنىڭ ئورنىغا باشقا نەرسىنى قويۇش زۆرۈر بولغاندا خەۋەر چوقۇم چۈشۈپ قېلىشى كېرەك: لولا زيد لكان كذا، ضربي زيدا قائما، كل رجل وضيعته، لعمرك لأفعلن كذا دېگەندەك].

ئىزاھات:

ئىلگىرى ‹دۇرۇس بولىدۇ› دېگەن ئىبارە نۇرغۇنلىغان قېتىم ئۆتتى، بەلكىم ئوقۇرمەنمۇ بۇ خىل ئىبارىنىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىپ قالغان بولسا كېرەك. شۇڭا ئاخىرقى قېتىم بۇ يەردە

يەنە بىر قېتىم تەكرارلايمىز: «دۇرۇس بولىدۇ» دېگەنلىك «ئۇنداق ئوقۇساڭمۇ بولىدۇ، مۇنداق ئوقۇساڭمۇ بولىدۇ ياكى ئۇنداق دېسەڭمۇ بولىدۇ، مۇنداق دېسەڭمۇ بولىدۇ» دېگەنلىكتۇر، ئەمما «زۆرۈر، لازىم» دېگەنلىك چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا يول يوق دېگەنلىكتۇر.

الهلال! والله! (ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئاي!). بۇ يەردە «هذا» سۆزى چۈشۈپ قالغان. چۈنكى بۇ يەردە «ئاي!» دەپ تۇۋلىغان ئادەمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئۇنىڭ ئاينى كۆرسىتىۋاتقانلىقىدۇر، بۇنداق روشەن ئالامەت بار يەردە «بۇ» دېگەن ئىگە چۈشۈپ قالسا بولىۋېرىدۇ.

خرجت فاذا السبع (چىقسام تۇيۇقسىز بىر يىرتقۇچ هايۋان...). بۇ جۈملىدە «واقف» (تۇرىدۇ) دېگەن خەۋەر چۈشۈپ قالغان. «چىقسام تۇيۇقسىز..» دېگەن سۆزدىنلا خەۋەرنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

لولا زيد لكان كذا (ئەگەر زەيد بولمىغان بولسا ئۇ ئىش مۇنداق، مۇنداق... بولاتتى). بۇ جۈملىدە لولا زيد دىن كېيىن «موجود» دېگەن خەۋەر چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا لكان كذا دېگەن سۆز دەسسىگەن. شۇنى بىلىۋېلىش لازىمكى، ھەرقانداق چاغدا لولا دىن كېيىن كەلگەن ئىگە چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا لولا نىڭ جاۋابى پۈت دەسسەپ تۇرىدۇ.

ضربي زيدا قائما (زەيد ئۆرە تۇرسا ئۇرىمەن). بۇ جۈملىدە «حاصل» دېگەن خەۋەر چۈشۈپ قالغان، تولۇق جۈملە: ضربي زيدا حاصل اذا كان قائما.

كل رجل وضيعته (ھەر بىر ئادەم ئۆز ھۈنىرى بىلەن يېقىن قىلىنغۇچى). بۇ جۈملىدە مقرون دېگەن خەۋەر چۈشۈپ قالغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



‹و› بولسا مع مەنىسىدىدۇر. تولۇق جۈملە: كل رجل مقرون مع ضيعته.

لعمرك لأفعلن كذا (ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى مەن مۇنداق،مۇنداق قىلىمەن). بۇ جۈملىدە قسمي دېگەن خەۋەر چۈشۈپ قالغان. تولۇق جۈملە: لعمرك قسمي لأفعلن كذا.

5. خبران واخواتها

[انَّ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ خەۋىرى ـ ئۇ مۇشۇ ھەرپلەر قوشۇلغاندىن كېيىن كەلگەن ‹مۇسنەد› دۇر. ئۇنىڭ ھۆكمى ئىگىسىنىڭ خەۋىرىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ، ئوخشىمايدىغان يېرى ‹مەزكۇرلارنىڭ› خەۋىرى ظرف بولۇپ قالمىسىلا ئىگىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ].

ئىزاھات:

‹انَّ› نىڭ ھەمراھلىرى: أنَّ، كَأنَّ، لكنَّ، لَيْتَ، لَعَلَّ دۇر، بۇلار يەنە پېئىلغا ئوخشىتىلىدىغان ھەرپلەر(الحروف المشبهة بالفعل) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلارنى پېئىلغا ئوخشىتىش بىرقانچە تەرەپتە كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن: ھەرپ سانىدا، ئىگە ـ خەۋەرنى كونترول قىلىشتا، مبني بولۇشتا... دېگەندەك.

6. خبرلاالتي لنفي الجنس

[تەلتۆكۈس ئىنكار قىلغۇچى ‹لا› نىڭ خەۋىرى ـ ئۇ مەزكۇر ‹لا› دىن كېيىن كەلگەن ‹مۇسنەد›دۇر. لا غلام رجل ظريف فيها دېگەندەك، ئۇ كۆپ ھاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ، (ئادەتتە) بەنۇ تەمىم ‹لا›نىڭ خەۋىرىنى ئىشلەتمەيدۇ].

ئىزاھات:

لا غلام رجل ظريف فيها (ئۇ قورودا بىرمۇ زېرەك بالا يوق). بۇ جۈملىدە فيها نى كەلتۈرۈشى مەنىنى كونكرېتلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر،

ئەگەر فيها دېيىلمىسە «يەر شارىدا بىرمۇ زىرەك بالا يوق» دېگەن ئۇقۇم پەيدا بولىدۇ.

7. إسم ماولا المشبهتين بليس

[ «ليس» گە ئوخشىتىلىدىغان «ما» ۋە «لا» نىڭ ئىسمى — ئۇ مەزكۇر ئىككى ھەرپ قوشۇلغاندىن كېيىنكى «مۇسنەدۇن ئىلەيھى»دۇر. مازيد قائما، لا رجل أفضل منك دېگەندەك، بۇ خىل ئەمەل قىلىش «لا»دا ئازدۇر].

ئالدىنقى مىسالدا المعرفة نى كېيىنكى مىسالدا النكرة نى كەلتۈرۈشى: «ما» المعرفة ۋە النكرة دە ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما «لا» پەقەت النكرة دىلا ئىشلىتىلىدۇ دېگەنگە ئىشارەدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 2. الباب الثانى فى المنصوبات

[ئۇ مفعـــول بولۇشـنىڭ ئـالامىتىنى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان ئىسىمدۇر].

ئىزاھات:

نصـــب ئوقۇلـىدىغان ئىسـىملارنى جـــرّ ئوقۇلـىدىغان ئىسىملاردىن ئىلگىرى بايان قىلىش سەۋەبى: نصب ئوقۇلىدىغان ئىسىملار تـەرتىپ بويىچە فاعـــلغا يېقىن بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن نصب ئوقۇلىدىغان ئىسىملارنىڭ ھەجمى ۋە چېتىشلىق دائىرىسى جرّ ئوقۇلىدىغان ئىسىملارنىڭكىدىن كۆپتۇر.

بىز ئىلگىرى مفعول بولۇشنىڭ ئالامەتلىرى (يەنى نصب نىڭ ئالامـەتلىرى)نـى بايـان قىلغـان ئىـدۇق، بـۇ يـەردە قىسـقىچە تەكرارلايمىز:

1. ئەسلى إعراب بولغان فتحة.

2. مؤنث نىڭ ساغلام كۆپلۈكى (جمع المؤنث السالم) نىڭ كسرة سى.

3. ئىككىلىك ئىسىملارنىڭ ۋە مذكر نىڭ ساغلام كۆپلۈكى (جمع المذكر السالم) نىڭ ‹ي›سى.

4. ئالتە ئىسىملارنىڭ ئەلىفى.

بۇلارنىڭ ئومۇمىسىغا مۇنۇ مىسال كۇپايە: رأيت الابناءَ والبناتِ والوالدينِ والاقربينَ وابراهيمَ وأخاهُ

### 1. المفعول المطلق

[ مۇتلەق تولدۇرغۇچى (المفعول المطلق) – ئۇ مەلۇم بىر پېئىلنىڭ ئىگىسى پەيدا قىلغان ھەرىكەتنىڭ ئىسمىدۇركى، مەزكۇر پېئىل شۇ ئىسىمنىڭ مەنىسىدىدۇر].

ئىزاھات:

مۇتلەق تولدۇرغۇچى(المفعول المطلق)نىڭ باشقا تولدۇرغۇچىلارغا قارىغاندا ئىلگىرى تىلغا ئېلىنىشى – ئۇنىڭ ئۆز پېئىلىنىڭ بىر تەركىبىي بۆلىكى بولغانلىقىدىندۇر. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئاتالغۇسىدىنلا مەلۇم بولغاندەك مۇتلەق بولۇپ، قەيتلىك ئەمەس، شۇڭا ئۇ ئىلگىرى تىلغا ئېلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ مىسالى: ضربتُ ضربًا،

[مۇتلەق تولدۇرغۇچى (المفعول المطلق) گاھىدا (مەنىداش پېئىلنى) كۈچەيتىش ئۈچۈن، تۈرنى بايان قىلىش ئۈچۈن ۋە سانىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. جلست جُلوسًا و جلْسةً وجَلْسَةً دېگەندەك. پېئىلنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كەلگەن مۇتلەق تولدۇرغۇچى (المفعول المطلق) (يەنى ئاۋۋالقىسى) قالغان ئىككىسىگە (تۈر ۋە سانىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۇتلەق تولدۇرغۇچىغا) ئوخشاش ئىككىلىك ياكى كۆپلۈك قىلىنمايدۇ].

جلست جلوسا بۇ يەردە جلوسا - جلست دېگەن پېئىلنى تەكىتلەپ، كۈچلەندۈرۈپ كەلدى. جلست جلسة دەپ كەسرىلىك ئوقۇساق ئۇ ھالدا قايسى شەكىل، قايسى تۈردە ئولتۇرغانلىقنى بايان قىلىپ كەلدى، جلست جلسة دەپ فەتھەلىك ئوقۇساق نەچچە قېتىم ئولتۇرغانلىقنى (سانىنى) بايان قىلىپ كەلدى. شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى، فعْلَة ۋەزنىسى بىلەن كەلگەن سۆزلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تور ــ شەكىلنى ئىپادىلەيدۇ، فَعْلَة ۋەزنىسى بىلەن كەلگەن سۆزلەر بولسا ساننى ئىپادىلەيدۇ.

[گاھىدا مۇتلەق تولدۇرغۇچى (المفعول المطلق) ئۆزىنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان پېئىلنىڭ تەلەپپۇزىغا ئوخشىمايدىغان تەلەپپۇزدا بولىدۇ. قعدتُ جلوساً دېگەندەك، يەنە گاھىدا چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئالامەت تېپىلسا مۇتلەق تولدۇرغۇچىنىڭ پېئىلى چۈشۈپ قالسا دۇرۇس بولىدۇ، سەپەردىن كەلگەن ئادەمگە: خَيْرَ مَقْدَمٍ! دېگەندەك، سىماعي (ئەرەبلەر ئەزەلدىن شۇنداق ئىشلىتىۋاتقان سۆزلەر) المفعول المطلق لەرنىڭ پېئىلى چوقۇم چۈشۈپ قېلىشى كېرەك: سَقْيًا، رَعْيًا، خَيْبَةً، جَدْعًا، حَمْدًا، شُكْرًا، عَجَبًا دېگەندەك].

خَيْرَ مَقْدَمٍ! (ياخشى كەپسىز!) نىڭ تولۇق جۈملىسى مۇنداق: قدمت قدوما خَيْرَ مَقْدَمٍ!

سَقْيًا (ئاللاھ سىنى سۇغارسۇن!) ئەسلىدە سقاك الله سَقْيًا دېگەن جۈملىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر، رَعْيًا (ئاللاھ ساڭا باياشاتلىق ئاتا قىلسۇن!) بولسا رعاك الله رَعْيًا دېگەن جۈملىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر، خَيْبَةً (ئۇ ئۈمىدسىز ياشىسۇن!) بولسا خاب خَيْبَةً دېگەن جۈملىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر، جَدْعًا (ئۇنىڭ بۇرنى - قۇلىقى كېسىلىپ كەتسۇن) بولسا جُدِعَ جَدْعًا دېگەن جۈملىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر، حَمْدًا (ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا ئېيتىمەن) بولسا حمدت حَمْدًا دېگەن جۈملىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر، شُكْرًا (ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىمەن) بولسا شكرت شُكْرًا دېگەن جۈملىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر، عَجَبًا (ھەيرانمەن!) بولسا عجبت عَجَبًا دېگەن جۈملىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر.

[يەنە بىر قانچە جايلاردا المفعول المطلق نىڭ پېئىلىنى قىياسەن قالدۇرۇپ قويۇش زۆرۈردۇر. ئۇ جايلارنىڭ بىرى: نفي ياكى نفي نىڭ مەنىسىدىن كېيىن المفعول المطلق ئۇنىڭغا خەۋەر بولالمايدىغان بىر ئىسىم كەلسە، مەزكۇر ئىسىمدىن كېيىن كەلگەن المفعول المطلق. (يەنە بىرى): المفعول المطلق تەكرارلانسا: ما أنت إلاّ سيرا، ما أنت إلاّ سير البريد، انما أنت سيرا، زيد سيرا سيرا دېگەندەك].

ئىزاھات:

ئالدىنقى بۆلەك تېكستتە المفعول المطلق لارنىڭ پېئىلى سىمائىي ھالدا چۈشۈپ قالغانلىرىنى بىزمۇ چوقۇم چۈشۈرۈپ قويىمىز دېيىلگەن ئىدى، بۇ يەردە دېيىلمۋاتقىنى قىياسىي بولۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەرتلەر تېپىلسا المفعول المطلق نىڭ پېئىلىنى قىياسەن چوقۇم قالدۇرۇۋېتىش كېرەك. قېنى مىساللارغا قاراپ باقايلى:

ما أنت إلاّ سيرا (سەن پەقەت مېڭىۋاتىسەن)، بۇ جۈملىنىڭ ئەسلىسى ما أنت إلاّ تسير سيرا بولۇپ تسير چۈشۈپ قالغان، بۇ يەردە «ما» دېگەن نفي دىن كېيىن أنت دېگەن بىر ئىسىم كەلدى، بۇ ئىسىمغا سيرا دېگەن مۇتلەق تولدۇرغۇچى خەۋەر بولالمايدۇ، چۈنكى أنت سير دېگىلى بولمايدۇ. مانا بۇ ھالەتتە مۇتلەق تولدۇرغۇچى سيرا نىڭ پېئىلى تسير نى قالدۇرۇپ قويىمىز، قالغان مىساللارنى بۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ... ما أنت إلاّ سير البريد (سەن پەقەت پوچتىكەشتەك ماڭىسەن)، بۇ جۈملىنىڭ ئەسلىسى ما أنت إلاّ تسير سير البريد بولۇپ، چۈشۈپ قالغان. انما أنت سيرا (سەن پەقەت ماڭىسەن)، بۇ جۈملىنىڭ ئەسلىسى انما أنت تسير سيرا بولۇپ تسير چۈشۈپ قالغان. زيد سيرا سيرا (زەيد ئاجايىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ماڭىدۇ)، بۇ جۈملىنىڭ ئەسلىسى زيد يسير سيرا سيرا بولۇپ يسير چۈشۈپ قالغان.

[ يەنە بىرى: ئىلگىرى ئۆتكەن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنىڭ تەسىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ كەلگەن المفعول المطلق. فَشُدُّوا الْوَثَاقَ فَامَّا مَنًّا بَعْدُ وَامَّا فِدَاءً دېگەندەك].

ئىزاھات:

فَشُدُّوا الْوَثَاقَ فَامَّا مَنًّا بَعْدُ وَامَّا فِدَاءً بۇ جۈملىنى يۇقىرىقى قائىدىگە تەتبىقلىساق: فَشُدُّوا الْوَثَاقَ دېگەن جۈملە «ئىلگىرى ئۆتكەن جۈملە» بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دانە مۇتلەق تولدۇرغۇچى كەلدى، ئۇنىڭ بىرى: مَنًّا ، يەنە بىرى: فِدَاءً دۇر، بۇ ئىككى تولدۇرغۇچى بار جۈملىلەر فَشُدُّوا الْوَثَاقَ دېگەن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ كەلدى، شۇڭا بۇ ئىككى تولدۇرغۇچىنىڭ پېئىللىرى قالدۇرۇپ قويۇلدى. تولۇق جۈملە مۇنداق: فَشُدُّوا الْوَثَاقَ فَامَّا تَمُنُّوْنَ مَنًّا بَعْدُ وَامَّا تَفْدُوْنَ فِدَاءً.

[يەنە بىرى: المفعول المطلق نىڭ مەنىسىدىكى ئىسىمنى ۋە المفعول المطلق نىڭ ئىگىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىدىن كېيىن سىرتقى ھادىسىلەرنى بايان قىلىپ، ئوخشىتىش ئۈچۈن كەلگەن المفعول المطلق. مررت به فاذا له صوت صوت حمار وصراخ صراخ الثكلى دېگەندەك].

ئىزاھات:

مررت به فاذا له صوت صوت حمار وصراخ صراخ الثكلى (مەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ۋاقتىمدا ئۇ ئېشەكتەك ھاڭراپ، بالىسى ئۆلگەن ئايالدەك يىغلاۋاتاتتى)، بۇ جۈملە يۇقىرىقى شەرتلەرگە ناھايىتى ئۇيغۇندۇر: 1) ئوخشىتىش ئۈچۈن كەلدى (ھاڭراپ). 2) سىرتقى ھادىسىلەرنى بايان قىلدى (ئاۋاز). 3) المفعول المطلق

مەنىسىدىكى ئىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى (ئالدىنقى صوت). 4) مۇتلەق تولدۇرغۇچىنىڭ ئىگىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى (ئېشەك). 5) المفعول المطلق نىڭ مەنىسىدىكى ئىسىمنى ۋە المفعول المطلق نىڭ ئىگىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىدىن كېيىن كەلىدى (مررت به فاذا له صوت).

[يەنە بىرى: المفعول المطلق جۈملىنىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئېھتىماللىقى بولمىسا: له علي ألف درهم اعترافا دېگەندەك. بۇ خىل شەكىل «ئۆزىنى تەكىتلەش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ].

ئىزاھات:

له علي ألف درهم اعترافا (ئۇنىڭ مەندە مىڭ تىللاسى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن). له علي ألف درهم دېگەن جۈملىنى اعترافا دېگەن المفعول المطلق تەكىتلىدى، له علي ألف درهم دېگەن سۆز شۇ پۇلنى «ئېتىراپ» قىلىمەن دېگەنلىك ئىدى. اعترافا دە ئەنە شۇ مەزمۇن بار، شۇڭا ئۇنىڭ أعترف دېگەن پېئىلى چۈشۈپ قالدى.

التأكيد لنفسه - «ئۆزىنى تەكىتلەش».

[ يەنە بىرى: المفعول المطلق جۈملىنىڭ مەزمۇنى بولغاندىن سىرت يەنە باشقا ئېھتىماللىقى بولغان بولسا: زيد قائم حقا دېگەندەك. بۇ خىل شەكىل «ئۆزگىنى تەكىتلەش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ].

ئىزاھات:

زيد قائم حقا (زەيد ھەقىقەتەن ئۆرە تۇرغۇچىدۇر)، تولۇق جۈملە زيد قائم أحق حقا بۇ جۈملە راست ۋە يالغانغا ئوخشاش ئېھتىمال تۇتىدۇ، شۇڭا بۇ جۈملىدىكى المفعول المطلق نىڭ پېئىلىنى چوقۇم چۈشۈرۈپ قويىمىز.

التأكيد لغيره - «ئۆزگىنى تەكىتلەش».

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



[ يەنە بىرى: المفعول المطلق ئىككىلىك شەكلدە بولۇپ قالسا: لبيك ، سعديك دېگەندەك].

ئىزاھات:

المفعول المطلق ئىككىلىك شەكلدە بولۇپ قالسىلا ئۇنىڭ پېئىلىنى قالدۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇ چوقۇم ئىزافەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى (مضاف) بولۇشى كېرەك. لبيك ، سعديك دېگەندەك. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ يەردىكى المثنى شەكلدىكى المفعول المطلق نىڭ مەنىسى «ئىككىلىك» مەنىدە بولمايدۇ، بەلكى كۆپلىگەن، نۇرغۇنلىغان دېگەندەك مەنىلاردا بولىدۇ. لبيك دېگەنلىك: داۋاملىق خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، دېگەن مەنىدە بولىدۇ.

2. المفعول به

[تولدۇرغۇچى (المفعول به) ــ ئۇنىڭ ئۈستىدە پېئىل ئىگىسى (الفاعل) نىڭ ئىش ــ ھەرىكىتى يۈز بەرگەن ئىسىمدۇر، ضربت زيدا دېگەندەك، المفعول به گاھىدا ئۆز پېئىلىدىن ئىلگىرى كېلىدۇ، زيدا ضربت دېگەندەك].

ئىزاھات:

«ئۇنىڭ ئۈستىدە» (عليه) دېگەن تەبىر بىلەن باشقا المفعول المطلق، المفعول فيه، معه، له... لار چىقىپ كېتىدۇ.

[چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئالامەت ــ بەلگە بار يەردە المفعول به نىڭ پېئىلى چۈشۈپ قالسا دۇرۇس بولىدۇ، من أضرب؟ (كىمنى ئۇرىمەن؟) دېگەن ئادەمگە: زيدا (زەيدنى) دەپ جاۋاپ بەرگەندەك. تۆت جايدا المفعول به نىڭ پېئىلىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى زۆرۈردۇر.

بىرىنچى: سماعي دۇر (يەنى ئەرەبلەر ئەزەلدىن شۇنداق ئىشلىتىپ كەلگەن سۆزدۇر)، امرأ ونفسه، انتهوا خيرا لكم، أهلا و سهلا دېگەندەك].

ئىزاھات:

امرأ ونفسه (مەيلىگە قويۇۋەت!) نىڭ ئەسلىسى: أترك امرأ مع نفسه دۇر. انتهوا خيرا لكم (شېرىك كەلتۈرۈشتىن يېنىپ، ياخشىلىقنى مەقسەت قىلىڭلار!) نىڭ ئەسلىسى: انتهوا عن التثليث واقصدوا خيرا لكم دۇر. أهلا و سهلا (خۇش كەپسىز! قارشى ئالىمىز!) نىڭ ئەسلىسى أتيت أهلا وطيت سهلا دۇر.

[ئىككىنچى، چاقىرىلغۇچى (المنادى) — ئۇ تەلەپپۇزدا ياكى تەقدىرەن أدعو (چاقىرىمەن) دېگەن پېئىلنىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدىغان ھەرپ ئارقىلىق ئۆزىگە يۈزلىنىش تەلەپ قىلىنغان ئىسىمدۇر].

ئىزاھات:

تۆت جايدا المفعول به نىڭ پېئىلىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى زۆرۈر ئىدى، ئۇنىڭ بىرىنچىسى: سماعي بولۇپ، تەپسىلاتى يۇقىرىدا بايان قىلىندى، ئىككىنچىسى بولسا : المنادى دۇر.

«أدعو نىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدىغان ھەرپ»، لەر: چاقىرىش ۋاسىتىلىرى بولغان ھەرپلەر (حروف النداء)نى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار (حروف النداء) بەشتۇر: أ، أي، يا، أيها، هيا.

«تەلەپپۇزدا أدعو (چاقىرىمەن) دېگەن پېئىلنىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدىغان ھەرپ»، نىڭ مىسالى: يا زيد دۇر، ئۇنىڭ ئەسلىسى أدعو زيدا دېگەن بولۇپ، أدعو نىڭ ئورنىدا چاقىرىق ھەرپى «يا» ئولتۇردى، أدعو قالدۇرۇلدى. «تەقدىرەن أدعو (چاقىرىمەن) دېگەن پېئىلنىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدىغان ھەرپ»، نىڭ مىسالى: يوسف!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



أعرض عن هذا دۇر، بۇ يەردىكى جۈملىنىڭ سىياقىدىن يۈسۈپنىڭ چاقىرىلغانلىقىنى بىلىمىز، دېمەك ئەسلىدە بۇ جۈملە: يا يوسف! أعرض عن هذا دېگەن بولۇپ، چاقىرىق ھەرپى «يا»نى تەقدىر قىلدۇق، بۇ تەقدىر قىلغان ھەرپ أدعو نىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدۇ.

[ ئەگەر المنادى مفرد ھەمدە معرفة بولسا ئەسلىدە رفع ئوقۇلىدىغان شەكىلگە مبني بولىدۇ. يا زيد، يا رجل، يا زيدان، يا زيدون دېگەندەك].

ئىزاھات:

بۇ يەردىكى «مفرد»: ئىككىلىك ياكى كۆپلۈك قارشىسىدىكى مفرد ئىسىم بولماستىن، ئىزافەتلىك بىرىكمىنىڭ قارشىسىدىكى مفرد ئىسىمدۇر.

«ئەسلىدە رفع ئوقۇلىدىغان شەكىلدە مبني بولىدۇ» دېگەنلىك: شۇ ئىسىم چاقىرىق ھەرپى ئارقىلىق چاقىرىلماستىن ئىلگىرى قانداق شەكىلدە رفع ئوقۇلسا، چاقىرىلغاندىن كېيىن يەنە شۇ خىل شەكىلگە مبني بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: زيد ئادەتتە زەممە بىلەن رفع ئوقۇلىدۇ، دېمەك ئۇ چاقىرىلغاندا زەممەگە مبني بولىدۇ، زيدان ئادەتتە «أ» بىلەن رفع ئوقۇلىدۇ، دېمەك ئۇ چاقىرىلغاندا «أ» گە مبني بولىدۇ، زيدون بولسا «و» غا مبني بولىدۇ.

[المنادى مەدەت تەلەپ قىلىش ھەرپى (حرف الاستغاثة) بولغان «ل» ئارقىلىق جرّ ئوقۇلىدۇ. يا لَزَيْدٍ! دېگەندەك. (ئەگەر) حرف الاستغاثة نىڭ ھەرپى «أ» المنادى نىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كەلسە، فەتھەگە مبني بولىدۇ، ئۇنىڭغا حرف الاستغاثة نىڭ ھەرپى «ل» قوشۇلمايدۇ. يا زيداه! دېگەندەك. (يۇقىرىقى ئىككى جايدىن)

باشقا جايدا المنادى نصب ئوقۇلىدۇ. يا عبداللهِ! يا طالعـا جبلا! ۋە نائېنىق ئادەمگە يا رجلا! دېگەندەك].

ئىزاھات:

شۇنى بىلىش كېرەككى، حرف الاستغاثة نىڭ ئىككى ھەرپى «ا» ۋە «ل» بىرلا ۋاقىتتا بىر سۆزدە بىرلىكتە كەلمەيدۇ، يەنى يـا لزيداه! دېگىلى بولمايدۇ.

يا عبـدالله! بۇ مفـرد بولمـاي، ئىزافەتلىك بىرىكمە بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۇ نصب ئوقۇلغان. يا طالعا جبلا! بۇ گەرچە بىۋاسىتە مۇزاف بولمىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ قالدى (شبه المضاف بولدى)، شۇڭا بۇنىمۇ نصب ئوقۇيمىز.

1) توابع المنادى

[ مبني منادى نىڭ مفرد بولغان التوابع لىرى - التأكيد، الصفة، عطف البيان ، المنادى نىڭ «يا» سىنى قوشقىلى بولمايدىغان المعطوف بحرف ... قاتارلىقلار مەزكۇر منادى نىڭ تەلەپپۇزىغا ئەگەشتۈرۈلۈپ رفع ئوقۇلىسىمۇ، ئەسلى ئورنىنى كۆزدە تۇتۇپ نصـب ئوقۇلىسىمۇ بولىدۇ. يا زيد العاقل والعاقل دېگەندەك. ئىمام خەلىل المنادى نىڭ «يا» سىنى قوشقىلى بولمايدىغان المعطوف بحرف دا رفع ئوقۇشنى، ئىمام ئەبۇ ئەمر نصـب ئوقۇشنى ئىختىيار قىلىدۇ، ئىمام ئەبۇلئاببباس عطف قىلىنغۇچى الحسـن گە ئوخشاش بولسا ئىمام خەلىل كۆز قارىشىنى، ئۇنداق بولمىسا ئىمام ئەبۇ ئەمر كۆز قارىشىنى تاللايدۇ].

ئىزاھات:

التأكيد (تەكىتلىگۈچى)، الصفة (سۈپەت)، عطف البيـان (بايان قىلغۇچى تەۋداش بۆلەك)، المعطوف بحرف (ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تەۋداش بۆلەك) دېگەن مەنالاردا بولۇپ، بۇلارنىڭ تەپسىلاتى پات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارىدا تولۇق بايان قىلىنىدۇ. ئادەتتە بىز گىراماتىكا بىلىملىرىمىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھەمدە ئىپادىلەشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن بۇنداق ئەرەبچە ئاتالغۇلارنى كۆپرەك قوللىنىمىز.

«المنادى نىڭ «يا» سىنى قوشقىلى بولمايدىغان المعطوف بحرف» دېگەن: ئەگەر عطف قىلىنسا «يا» بىلەن چاقىرغىلى بولمايدىغان المنادى دېگەنلىكتۇر («ال» قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسىملارنى «يا» بىلەن چاقىرغىلى بولمايدۇ)، مەسىلەن: يا زيد و العاقل دېگەندەك، مانا بۇ يەردە العاقل نى زيد غا عطف قىلغىلى بولمايدۇ، ئەگەر عطف قىلىنسا يا العاقل دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولمايدۇ. ئاپتورنىڭ «المنادى نىڭ «يا» سىنى قوشقىلى بولمايدىغان المعطوف بحرف» دېگىنى دەل مۇشۇنداق معطوف بولۇپ قالمىغان، ھەرپ بىلەن عطف قىلىنغان معطوف بولغاي دېگىنىدۇر.

يا زيد العاقل والعاقل بۇ منادى غا ئەگەشكەن سۆپەتكە كەلتۈرۈلگەن مىسال، منادى غا ئەگەشكەن تەكىتنىڭ مىسالى: يا تيم أجمعون! دېگەندەك. منادى غا منادى نىڭ «يا» سىنى قوشقىلى بولمايدىغان المعطوف بحرف ئەگەشكەنىنىڭ مىسالى: يا زيد و حارث! دېگەندەك، منادى غا ئەگەشكەن عطف البيان نىڭ مىسالى: يا زيد بشرا!

ئىمام خەلىل يۇقىرىقى مەسىلىدە رفع نى ئىختىيار قىلغان.

ئەبۇ ئەمىر يۇقىرىقى مەسىلىدە نصب ئوقۇشنى توغرا تاپىدۇ.

ئەبۇلئاببىاسنىڭ الحسن گە ئوخشاش بولسا دېگىنى: المنادى نىڭ «يا» سىنى قوشقىلى بولمايدىغان المعطوف بحرف ئەگەر الحسن

گە ئوخشاش ئەسلىدىنلا معرفة بولغان ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭغا «ال» قوشۇلۇپ قالسا دېگىنىمىدۇر.

[مبني منادى نىڭ مضاف بولغان التوابع لىرى نصب ئوقۇلىدۇ. البدل ۋە يۇقىرىقى المعطوف دىن باشقا المعطوف لار (يەنى «ال» سىز المعطوف لار) مۇتلەق ھالدا مۇستەقىل منادى نىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ].

ئىزاھات:

مبني منادى نىڭ مضاف بولغان التوابع لىرىنىڭ مىسالى: يا عبد الله و عبد الرحمن.

[ ابن ۋە ابنة بىلەن سۈپەتلەنگەن علم (ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ نامى بولغان ئىسىم) يەنە بىر علم گە مۇزاف بولسا ئۇنى فەتھە ئوقۇش ئىختىيار قىلىنىدۇ.

ئىزاھات:

ابن ۋە ابنة بىلەن سۈپەتلەنگەن علم يەنە بىر علم گە مۇزاف بولغانىنىڭ مىسالى: يا زيدَ بن عمرو.

[ ئەگەر «ال»لىق ئىسىم چاقىرىلسا يأيها الرجل!، يا هذا الرجل!، يا أيهذا الرجل دېيىلىدۇ. گىرامماتىكاشۇناسلار الرجل نى رفع ئوقۇشنى لازىم تۇتتى (يەنى داۋاملىق رفع ئوقۇدى)، چۈنكى چاقىرىلغۇچى (منادى) دىكى ئاساسىي مەقسەت يەنىلا الرجل دۇر. ئۇلار يەنە الرجل نىڭ توابع لىرىنىمۇ رفع ئوقۇشنى لازىم تۇتتى، چۈنكى الرجل نىڭ توابع لىرى معرب نىڭ توابع لىرىدۇر].

ئىزاھات:

«ال»لىق ئىسىم چاقىرىلسا يا الرجل دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولمايدۇ، بۇ ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق ئۇسۇلدا قوشۇپ چاقىرىش ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىغا «أي» دېگەن الإسم الموصول نى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەرپى «ه» نى قىستۇرىمىز، شۇنىڭ بىلەن ياأيها الرجل! بولىدۇ. بۇ يەردە الرجل «أي» دېگەن الإسم الموصول نىڭ سۈپىتى بولىدۇ. هذا نى قىستۇرساقمۇ بولىدۇ.

الرجل نىڭ توابع لىرىنى رفع ئوقۇغاننىڭ مىسالى: ياأيها الرجل الظريفُ، چۈنكى الرجل نىڭ توابع لىرى معرب نىڭ توابع لىرىدۇر، معرب نىڭ توابع لىرى ئىككى خىل ئەمەس پەقەت بىر خىللا ئوقۇلىدۇ.

[ گراماتىكاشۇناسلار پەقەت (الله نى چاقىرغاندا) يا الله دېدى. يا تيم تيم عدي دەك منادىلاردا زەممە ئوقۇساڭمۇ، نصب ئوقۇساڭمۇ ئىختىياردۇر].

ئىزاھات:

بۇ بىر سوئالنىڭ جاۋابى بولۇپ، بىز يۇقىرىدا «ال»لىق منادى نى چاقىرغاندا چاقىرىق ھەرپى بىلەن چاقىرىلغۇچى ئارىسىغا قىستۇرىدىغان سۆز ۋە ھەرپلەر ھەققىدە توختالغان ئىدۇق، ئۇنداقتا الله دېگەن بۇ بۈيۈك ئىسىمنىڭ بېشىدا «ال» بارغۇ؟ دېيىلسە، بۇنىڭ جاۋابىدا گراماتىكاشۇناسلار پەقەت (الله نى چاقىرغاندا) يا الله دېدى. چۈنكى الله دىكى «ال» ئەسلى كەلىمىدىن ئېلىپ تاشلانغان ھەرپ (ھەمزە) نىڭ ئورنىغا قويۇلغان بولۇپ، ناتونۇش ئىسىمنى تونۇش ئىسىمغا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كەلگەن «ال»غا ئوخشىمايدۇ.

يا تيم تيم عدي ، منادى تەكرارلانسا (ئالدىنقىسىنى) ئىككى خىل ئوقۇشقا بولىدۇ، زەممە ئوقۇشىمىز: منادى مفرد ۋە معرفة بولدى، نصب ئوقۇشىمىز بولسا: مەيلى ئۇنىڭ مضاف اليه سى عدي بولسۇن، مەيلى باشقا نەرسىنى تەقدىر قىلايلى ئۇنى مۇزاف دەپ قارىغانلىقىمىزدىندۇر. ئەمما كېيىنكىسى پەقەت نصب

ئوقۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ عدي غا مۇزاف بولدى، مۇزاف منـــادى بولـۇپ قالسا نصب ئوقۇلىدىغىنى ھەممىمىزگە ئايان.

[بىرىنچى شەخس (مـستكلم)نىڭ (ي) سىغا مۇزاف بولغان منادى نى مۇنداق ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ: يا غلامِي، يا غلامِيْ، يا غلامِيَ، يـا غلامِ، يا غلاما، وقف ھالىتىدە: (ه)نـى قوشۇپ. ئەرەبلەر فەتھـە ۋە كەسرەلىك ھالەتتە: يا أبي، يا أمي، يا أبتَ، يا أُمَّـتَ دېيدى. (ي)نـى كەلتۈرمەي (أ) بىلەنمۇ ئوقۇدى (يا أبتا! دېگەندەك). (ئەرەبلەر يەنە ياابن أم ۋە ياابن عم لەرنى مەخسۇس يا غلامـي بابىدەك ئوقۇدى، ئۇلار يەنە ياابن أم ۋە ياابن عم دەپمۇ ئوقۇدى].

ئىزاھات:

مىسـال ئـارقىلىق ئوقـۇش شـەكىللىرىنى ئىپـادىلەش ئاپتورنىڭ ئىپـادىلەش ئىقتىـدارىنى كۆرسـىتىدۇ، ئـۇ بـەش خىـل ئوقۇلۇشـى دۇرۇس دەپ ئولتـۇرمايلا بـەش خـىل مىسـال بىلـەن ئىپادە قىلدى. بۇلارغا (ه)نى قوشساق مۇنداق بولىدۇ: يا غلامِيْه، يا غلامِيَه، يا غلامه ، يا غلاماه!

(ئەرەبلـەرنىڭ ياابن أم ۋە ياابن عم لـەرنى مەخسۇس يا غلامـي بابىـدەك ئوقۇشـى بـۇ سـۆزلەرنىڭ ئىسـتېمالدا بـەكلا كـۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىقىدىندۇر، بولمىسا بۇ سۆزلەردىكى منـادى أم ياكى عم بولماستىن بەلكى ابن دۇر، ئىستېمالنىڭ كۆپلۈكىدىن يا غلامي غا ئوخشىتىلدى.

2) ترخيم المنادى

[منادى نىڭ ئاخىرىنى قىسقارتىۋېتىش دۇرۇستۇر. (منـادى) دىـن باشـقا سـۆزلەرنىڭ ئـاخىرىنى قىسـقارتىۋېتىش زۆرۈرىيـەت سـەۋەبىدىن دۇرۇس بولـــدۇ. (ســۆزلەرنىڭ ئـــاخىرىنى قىسقارتىۋېتىش) (الترخيم) — ئۇ يەڭگىللىكنى مەقسەت قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى (بىر ياكى بىرقانچە) ھەرپلەرنى ئېلىپ تاشلاشتۇر. الترخيم نىڭ شەرتى: تەرخىم قىلىنىدىغان ئىسىم مۇزاف بولماسلىقى، مەدەت تەلەپ قىلىنىدىغان سۆز بولماسلىقى، جۈملە بولماسلىقى كېرەك، شۇنداقلا ياكى ئۈچ ھەرپتىن ئارتۇق ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن علم بولۇشى ياكى مؤنث نىڭ (ة) بىلەن تۈزۈلگەن ئىسىم بولۇشى كېرەك]

ئىزاھات:

سۆز ئاخىرىنى قىسقارتىش شەرتلىرىگە قارىغاندا يا عبد الله! ، يا زيداه! يا تأبط شرا! لەرنى قىسقارتقىلى بولمايدۇ. يا مالك!، يا صفوان! لارنى قىسقارتقىلى بولىدۇ. علم نى شەرت قىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى ئەگەر باشقا ئىسىملار بولۇپ قالسا مەقسەت مۇبھەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما علم بولسا ئىستېمالدا كۆپ ئىشلىتىلگەچكە ئۇنىڭ ھېلىقى علم ئىكەنلىكىنى تېزلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ھەرپ سانىنى ئۈچتىن يۇقىرى قىلىشىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ئەگەر ئۈچتىن كەم ھەرپلىك ئىسىمنى تېخىمۇ قىسقارتساق مەزكۇر ئىسىمنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ھەرپ سانىدىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ- دە، مەقسەت يەنىلا مۇجمەل بولۇپ قالىدۇ.

[ئەگەر قىسقارتىلىدىغان ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا بىر ھۆكۈم بىلەن تەڭلا قوشۇلغان ئىككى ئارتۇق ھەرپ بولسا: إسماء ۋە مروان دېگەندەك ياكى شۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا بىر ساغلام ھەرپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر مەد بولسا ۋە ئۇ ئىسىم تۆت ھەرپتىن كۆپرەك بولسا ئۇ ئىككى ھەرپ بىراقلا ئېلىپ تاشلىنىدۇ].

ئىزاھات:

يا إسماء نى تەرخىم قىلساق: يا إسم بولىدۇ. يا مروان! يا مرو! بولىدۇ، يا عمار يا عم بولىدۇ، يا مسكين! يا مسك! بولىدۇ، يا منصور! يا منص! بولىدۇ.

[ ئەگەر قىسقارتىلىدىغان ئىسىم مۇرەككەپ سۆز تۈركۈمىدىن بولۇپ قالسا ئاخىرقى ئىسىم قالدۇرۇلىدۇ. ئەگەر (بىز تەرخىم قىلماقچى بولغان ئىسىملار) يۇقىرىقىلاردىن باشقا خىل بولۇپ قالسا پەقەت بىرلا ھەرپ ئېلىۋېتىلىدۇ. (ھەرقانداق شەكىلدە) قىسقارتىلغان ھەرپلەر كۆپ ھاللاردا قىسقارتىلمىغاندەك ھۆكۈمگە ئىگە بولىدۇ، شۇڭا يا حَارِ، يا ثَمُو!، يا كَـرَوَا! دېيىلىدۇ. گاھىدا قىسقارتىلغان ئىسىم مۇستەقىل ئىسىم قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن: يا حَارُ، يا ثَمِيْ، يا كَرَا دېيىلىدۇ].

ئىزاھات:

يا بعلبك نى تەرخىم قىلساق يا بعل دەيمىز. مۇرەككەپ سۆزنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىنى ئېلىۋېتىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ خۇددى مۇئەننەس نىڭ «ة» گە ئوخشايدۇ.

«قىسقارتىلمىغاندەك ھۆكۈمگە ئىگە بولىدۇ» دېگەنلىك: قىسقارتىلغاندىن كېيىنكى ئاخىرقى ھەرپكە إعراب بېرىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. شۇڭا يا حار دەپ «ر»نىڭ كەسرەسى بىلەن إعراب بەردۇق.

[(ئەرەبلەر) ماتەم تۇتقاندا چاقىرىش ھەرپىنى ئىشلەتتى. ماتەم تۇتۇش دېگەن - «يا» ياكى «وا» ئارقىلىق ئاھ ئۇرۇپ، تەزىيە بىلدۈرۈشتۇر. (ماتەم تۇتۇشتا) «وا» خاس قىلىندى. (ماتەم تۇتۇپ چاقىرىلغان ئىسىملارنىڭ) معرب ياكى مبني بولۇشتىكى ھۆكمى منادى نىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. (منادى بىلەن مندوب - ماتەم تۇتۇشنىڭ) پەرقىنى ئاجرىتالماسلىقتىن قورقساڭ المندوب نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاخىرىغا ‹ا›نى زىيادە قىلساق بولىدۇ. مانا مۇنداق دەيسەن: وا غلامكِيْه!، وا غلامكُمُوْهُ! وقــف دە ‹ه› بىلەن دەيسەن. مەشھۇر، تونۇشلۇق كىشىلەرگىلا ماتەم ھەرپى ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا: وا رجلاه! دېيىلمەيدۇ. وا زيدُ الطّويلاه! دېيىش ئىمام يۇنۇستىن باشقىلارنىڭ نەزىرىدەچەكلەنگەندۇر].

ئىزاھات:

مندوب (ماتەم تۇتۇلغۇچى)نىڭ سۈپىتىگە ‹ا› ياكى ‹ه› نى كەلتۈرۈشكە كۆپچىلىك ئالىملار بىردەك قوشۇلمايدۇ، پەقەت ئىمام يۇنۇس ئۇلار بىلەن بىردەك ئەمەس.

[إسم الجنس، إسم الاشارة، إسم المستغاث، إســم المنــدوب لار بىلەن بىرگە كەلمىگەن چاقىرىش ھەرپلىرى (حروف النــداء ) نى ئېلىۋەتسىمۇ بولىدۇ. يوسف أعرض عن هذا، أيها الرجل دېگەندەك. أصبح ليــل، افتــد مخنــوق، أطــرق كــرا دېيىش ئاز كۆرۈلىدۇ. ئېلىۋېتىلگەنلىكىگە بەلگە ــ ئالامەت بولسا منــادى ئۆزىنى ئېلىۋېتىشقا بولىدۇ. ألا يااسجدوا دېگەندەك].

ئىزاھات: ئۇ ھەرپلەرنى ئېلىۋەتكەنگە چوقۇم بىرەر بەلگە ــ ئالامەت بولۇشى كېرەك، سەۋەبسىزلا چاقىرىش ھەرپىنى ئېلىۋەتكىلى بولمايدۇ. يوسف أعرض عن هذا نىڭ ئەسلىسى يا يوسف أعرض عن هذا دۇر.

أصبح ليل دىكى ليل إسم الجــنس بولۇپ، بۇ يەردە چاقىرىش ھەرپى ئېلىۋېتىلدىغۇ؟ ئەسلىسى: يا ليل ئىدى... افتد مخنوق نىڭ ئەسلىسى: افتد يا مخنوق ئىدى، أطرق كرا نىڭ ئەسلىسى: أطرق يا كرا ئىدى... بۇلارغا جاۋابەن مۇئەللىپ يۇقىرىقى سۆزنى قىلىپ، بۇ خىل چۈشۈپ قېلىش ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئومۇمىي قائىدىگە تەسىر قىلالمايدۇ دېمەكچى.

ألا ياأسجدوا نىڭ ئەسلىسى: ألا يا قوم اسجدوا

3) مااضمر عامله

[ئۆچىنچىسى، تەپسىر قىلىش شەرتى بىلەن عامىل (باشقۇرغۇچىسى)ى يوشۇرۇلغان المفعول بــه دۇر. (ئادەتتە بۇنى قىسقارتىپ. مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ دېيىلىدۇ، بىزمۇ تۆۋەندە ئىپادىلەشكە قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن بۇ قىسقارتىلما ئاتالغۇنى قوللىنىمىز، ئېتىباردىن ساقىت قىلىنمىغاي)]

ئىزاھات:

«ئۈچىنچىسى»: المفعول به نىڭ پېئىلنى قىياسەن قالدۇرۇپ قويۇش زۆرۈر بولغان تۆت جايىنىڭ ئۈچىنچىسىنى كۆرسىتىدۇ.

«تەپسىر قىلىش شەرتى»، دېگەنلىك: مەزكۇر المفعول بــه دىن كېيىن ئۇنىڭ عامل ىنى تەپسىر قىلىپ بېرىدىغان باشقا پېئىل ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بولسۇن دېگەنلىكتۇر.

[مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ — ئۇ بىر ئىسىمكى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر پېئىل ياكى پېئىلنىڭ ئوخشىشى كېلىدۇ، مەزكۇر پېئىل ياكى ئۇنىڭ ئوخشىشى ئۆز ئالمىشى (ضمير) ياكى باشقا ئەگەشمە بۆلەكلىرىگە مەشغۇل بولۇپ، ئۇ ئىسىمدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇ شۇنداق پېئىل ياكى ئۇنىڭ ئوخشىشىكى ئەگەر ئۇلار ئاشۇ ئىسىمنىڭ ئۈستىگە ياكى ئۇنىڭغا مۇناسىپ بىر جايغا ئەپچىقىلسا ئۇ پېئىل ياكى ئۇنىڭ ئوخشىشى ھېلىقى ئىسىمنى ئەلۋەتتە نصب قىلىۋېتەتتى. زيدا ضربته، زيدا مررت به، زيدا ضربت غلامه، زيدا حُبِسْتُ عليه دېگەندەك، (يۇقىرىقى مىساللاردىكى زيد دېگەن مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ ) ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن پېئىل تەپسىر قىلىپ بېرىدىغان يوشۇرۇن بىر پېئىل ئارقىلىق نصب ئوقۇلىدۇ، يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ضربت، جاوزت، اهنت، لابست دېگەن پېئىللار ئارقىلىق نصب بولىدۇ ].

ئىزاھات:

‹پېئىلنىڭ ئۇخشىشى› دېگەنلىك: إسم الفاعل، إسم المفعول، إسم المصدر... لارغا ئوخشاش پېئىلدەك ئەمەل قىلالايدىغان ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى تەبىرنى تۆۋەندىكى مۇنۇ مىسال بىلەن ئوچۇقلاشتۇرايلى: زيدا ضربته دېسەك، زيدا دىن كېيىن بىر پېئىل كەلدى، ئۇ ضربت دۇر، ئۇ پېئىل ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ضميرى («ە») غا مەشغۇل بولۇپ، زيدا دېگەن ئىسىمدىن يۈز ئۆرىدى. ئەگەر مەزكۇر پېئىل (ضربت) ھېلىقى ئىسىم (زيدا) نىڭ ئۈستىگە ئەپچىقىلغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇ پېئىل ئۇ ئىسىمنى المفعول به دەپ نصب قىلىۋېتەتتى. دېمەك بۇ يەردە زيدا بولسا مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ دۇر.

‹يەنى ضربت، جاوزت، اهنت، لابست دېگەن پېئىللار ئارقىلىق نصب بولىدۇ› دېگەننىڭ تەپسىلاتى: زيدا ضربتهنىڭ تەقدىرى: ضربت زيدا ضربته دېگەن بولىدۇ. زيدا مررت به نىڭ تەقدىرى: جاوزت زيدا مررت به دېگەن بولىدۇ. زيدا ضربت غلامه نىڭ تەقدىرى: اهنت زيدا ضربت غلامه دېگەن بولىدۇ، زيدا حُبِسْتُ عليه نىڭ تەقدىرى: لابست زيدا حُبِسْتُ عليه دېگەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە كېيىنكى پېئىل ئالدىنقى پېئىلنى تەپسىر قىلىپ بەرگەچكە، ئالدىنقى پېئىلنى قالدۇرۇپ قويۇش زۆرۈردۇر.

[ رفع نىڭ ئەكسىنىڭ ئالامىتى بولمىغاندا ياكى ئۇنىڭ ئالامىتى بولسىمۇ رفع ئوقۇشنىڭ ئالامەت — بەلگىلىرى: كەينىدىن تەلەپ مەنىسى كەلمىگەن أما ۋە مفاجاة نىڭ ‹اذا› نىغا

ئوخشاش كۆچلۈك بولسا (مَـا أُضْـمِرَ عَامِلُـهُ شەكلىدە كەلگەن ئىسمنى) مبتداء قىلىپ رفع ئوقۇش ئىختىيار قىلىنىدۇ].

ئىزاھات:

رفع نىڭ ئەكسى: نصب دۇر. ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغىنى: نصب ئوقۇشقا بىرەر ئالامەت ـ بەلگە بولمايلا قالسا ياكى بولسىمۇ رفع ئوقۇشنىڭ ئالامەت ـ بەلگىلىرى كۈچلۈك بولسا مَـا أُضْـمِرَ عَامِلُهُ بولغان ئىسىمنى مبتداء دەپ رفع ئوقۇش ياخشىدۇر. چۈنكى بۇ ئىسىمنى نصب ئوقۇساق چوقۇمكى مۇئەييەن بىرەر پېئىلنى تەقدىر قىلىمىز، ئەمما رفـع ئوقۇساق ئۇ ھالدا بىرەر نەرسىنى تەقدىر قىلىشقا موھتاج بولمايمىز.

كەيىندىن تەلەپ مەنىسى كەلمىگەن أما نىڭ مىسالى: قـام زيد وأما عمرو فقد ضربته دۇر. «تەلەپ مەنىسى» دېگەنلىك: بۇيرۇق ياكى چەكلەش مەنىسىدىكى سۆزلەر دېگەنلىكتۇر. أما دىن كېيىن تەلەپ مەنىسى بولۇپ قالسا ئۇ ھالدا مَا أُضْمِرَ عَامِلُـهُ نى نصب ئوقۇش كېرەك. مەسىلەن: جاءني اخوتك فأماَ زيداً فأكرمـه. «اذا» مفاجأة نىڭ مىسالى: قام زيد واذا عمرو يضربه بكر.

[پېئىللىق جۈملىگە عطـف قىلغان سەۋەب بىلەن مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋە حـرف النفـي، حـرف الاستفهام، اذا الشرطية، حيث، الامر ، النهي... لاردىن كېيىن مَـا أُضْمِرَ عَامِلُهُ نى نصب ئوقۇش ئىختىيار قىلىنىدۇ، چۈنكى يۇقىرىقى ئورۇنلار پېئىلنىڭ ئورۇنلىرىدۇر، يەنە تەپسىر قىلغۇچى سۈپەتمكىن دېيىلىشتىن قورقاندا (مَا أُضْمِرَ عَامِلُـهُ نى نصب ئوقۇش ئىختىيار قىلىنىدۇ)، اِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ دېگەندەك].

ئىزاھات:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پېئىللىق جۈملىگە عطف قىلغان سەۋەب بىلەن مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ نىڭ مىسالى: خرجت فزيدا لقيته، حرف النفي دىن كېيىن كەلگەن مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ نىڭ مىسالى: ما زيدا ضربته، حرف الاستفهام دىن كېيىن كەلگەن مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ نىڭ مىسالى: أَزَيْدًا ضَرَبْتَهُ؟، اذا الشرطية دىن كېيىن كەلگەن مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ نىڭ مىسالى: اذا زيدًا ضَرَبْتَهُ أَضْرِبْكَ، حَيْثُ دىن كېيىن كەلگەن مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ نىڭ مىسالى: حيث زيدا أكرمه، الامر دىن كېيىن كەلگەن مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ نىڭ مىسالى: زيدا اضْرِبْهُ، النهي دىن كېيىن كەلگەن مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ نىڭ مىسالى: زيداً لَا تَضْرِبْهُ.

[زيد قام و عمروا أكرمته غا ئوخشاش جۈملىلەردە ئىككىلا ئىش باراۋەر بولىدۇ. حرف الشرط ۋە حرف التحضيض دىن كېيىن كەلگەن مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ نى نصب ئوقۇش زۆرۈردۇر، انْ زيدا ضربته ضربك، ألا زيداً ضربته دېگەندەك.

ئىزاھات:

‹ئىككىلا ئىش باراۋەر بولىدۇ› دېگەنلىك: نصب ئوقۇساڭمۇ، رفع ئوقۇساڭمۇ بولىدۇ دېگەنلىكتۇر، رفع ئوقۇساقعمرو مبتداء بولۇپ، جۈملە ئىسىملىق جۈملە بولىدۇ، نصب ئوقۇساقعمرو مفعول به بولۇپ، جۈملە پېئىللىق جۈملە بولىدۇ.

حرف الشرط ۋە حرف التحضيض دىن كېيىن كەلگەن مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ نىڭ نصب ئوقۇلۇشى شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، تەلەپپۇزدا بولمىسىمۇ تەقدىرەن بولسا ھەم مەزكۇر ھەرپلەردىن كېيىن چوقۇم پېئىل كېلىدۇ. ئەگەر بىز مەزكۇر مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ بولغان ئىسىمنى رفع ئوقۇساق يۇقىرىقى ھەرپلەرنى ئىسىمغا

داخىل قىلىنغان بولىمىز، بۇ تۈپتىن خاتا بىر ئىشتۇر. حَرْفُ التَّحْضِيْضِ تۆۋەندىكىلەردۇر: هَلَّا، أَلَّا، لَوْلَا، لَوْمَا.

[ ‹ أَزَيْدٌ ذُهِبَ بِهِ › – مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ دېن ئەمەس، ئۇ رفع لا ئوقۇلىدۇ. كُلُّ شَيْءٍ فَعَلُوْهُ فِي الزُّبُرِ وَةَ الزَّانِيَةُ وَ الزَّانِي فَاجْلِدُوا كُلَّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا مِائَةَ جَلْدَةٍ بولارمۇ مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ دېن ئەمەس، ئىمام مۇبەررەدنىڭ قارىشىدا ئايەتتىكى ‹ف› شەرت مەنىسىدىدۇر، ئىمام سىبۇەيھنىڭ قارىشىدا بۇ ئايەت ئىككى جۈملىدۇر، ئەگەر (ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشىدەك) بولمىغاندا نصب ئوقۇش ياخشىراقتۇر].

ئىزاھات:

‹ أَزَيْدٌ ذُهِبَ بِهِ › نىڭ مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ دېن بولماسلىقى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەگەر زَيْدً نىڭ ئالدىغا ذُهِبَ بِهِ نى قويساق زَيْدٌ نى نصب قىلالمايدۇ، كېيىنكى ئىككى مىسال (ئىككى ئايەت) مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ بابىدىن قىلىنسا مەقسەت قىلىنغان مەناغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ... ئۇبدانراق ئويلىنىڭ...

‹بۇ ئايەت ئىككى جۈملىدۇر› دېگەنلىك: ئايەتتىكى ‹ف›نىڭ ئالدى بىر جۈملە، كەينى بىر جۈملە دېگەنلىكتۇر، بۇ ھالدا ئايەتتىكى ‹ف› ھەرپى شەرت مەنىسىدە ئەمەس، تەپسىر قىلىش مەنىسىدىكى ‹ف› بولىدۇ، دېمەك، بۇ ئايەت مَا أُضْمِرَ عَامِلُهُ جۈملىسىدىن ئەمەس.

4) التحذير

[ تۆۋەنچىسى، ئاگاھلاندۇرۇش (التحذير) دۇر. ئۇ اتَّقِ دېن كېيىن كەلگەن نەرسىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن اتَّقِ نى تەقدىر قىلىش ياكى ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىنى تەكرارلاش ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىسىمدۇر. اياك والأسد، اياك وأن تحذف، الطريق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



الطريق، اياك من الأسد، اياك من أن تحذف، من‌نى تەقدىر قىلىپ اياك أن تحذف دېگىنىڭدەك. من نى تەقدىر قىلغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن اياك الأسد دېسەڭ بولمايدۇ].

ئىزاھات:

«تۆتىنچىسى»: مفعول به نىڭ عامىلىنى قالدۇرۇۋېتىش زۆرۈر بولغان تۆت جاينىڭ تۆتىنچىسى دېگەنلىكتۇر.

«أتق نى تەقدىر قىلىش»: ئەمەلىيەتتە شۇ ئىسىمنىڭ ئالدىغا ھەرقانىداق ئاگاھلاندۇرۇش بۇيرۇقىنى تەقدىر قىلساق بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

اياك وأن تحذف (تاياقنى ئېتىشتىن ھەزەر قىل!): الحذف نىڭ لۇغەت مەنىسى: تاياقنى ئېتىش دېگەن بولىدۇ. خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: اياك وأن تحذف أحدكم الأرنب (توشقانغا تاياق ئېتىشتىن ھەزەر قىلىڭلار!)، چۈنكى تاياق توشقاننى ئۆلتۈرەلەيدۇ، تاياقتا ئۆلگەن توشقان ھارام بولىدۇ.

### 3. المفعول فيه

[ المفعول فيه (ئورۇن ـ ۋاقىت تولدۇرغۇچىسى) ـ تىلغا ئېلىنغان پېئىل پەيدا قىلىنغان زامان ۋە ماكاندۇر. ئۇنى نصب ئوقۇشنىڭ شەرتى «فى»نى تەقدىر قىلىشتۇر. ظروف الزمان (ۋاقىت رەۋىشلىرى) نىڭ ھەممىسى بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىدۇ. ظروف المكان (ئورۇن رەۋىشلىرى) مبهم (نائېنىق) بولسا مەزكۇر شەرتنى قوبۇل قىلىدۇ، مبهم (نائېنىق) بولمىسا ئۇ شەرتنى قوبۇل قىلمايدۇ. مبهم – ئالتە تەرەپ بىلەن ئىزاھلانىدى (يەنى ئالتە تەرەپ مبهم دەپ قارالدى)، عند، لدى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى (دون، سوى) مۇ نائېنىق سۆزلەر بولغاچقا مبهم قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ئىشلىتىلىشى كۆپ بولغاچقا مكان سۆزىمۇ مبهم قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ئەڭ توغرا

كۆز قاراشتا دخلت (ۋە ئۇنىڭ مەنىسىدىكى پېئىللار) دىن كېيىن كەلگەن ئىسىممۇ مبهم قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، المفعول فيه يوشۇرۇن عامل نىڭ تەسىرى بىلەن نصب ئوقۇلىدۇ، لېكىن ئۇ تەپسىر قىلىنىشى (ئىزاھلىنىشى) شەرت].

ئىزاھات:

المفعول فيه نى نصب ئوقۇشنىڭ شەرتى «فى»نى تەقدىر قىلىشتۇر، چۈنكى «فى»نى تەقدىر قىلماي، «فى» ئۆزىنى ئېلىپ كەلسەك ئۇ ھالدا المفعول فيه نصب بولماستىن جر بولۇپ قالىدۇ، المفعول فيه نى نصب ئوقۇش ئۈچۈن چوقۇم «فى»نى تەقدىر قىلىش، ئۆزىنى ئەكەلمەسلىك لازىم.

ئالتە تەرەپ: الخلف (ئارقا)، القدام (ئالدى)، الفوق (ئۈستى)، التحت (ئاستى)، اليمين (ئوڭ تەرەپ) ، الشمال (سول تەرەپ).

دخلت نىڭ مەنىسىدىكى پېئىللار: نزلت، سكنت ... دېگەندەك پېئىللاردۇر، بۇ پېئىللار پەقەت بىرىنچى شەخس شەكلىنىلا ئەمەس، مۇشۇ خىل پېئىللارنىڭ مصدر ىدىن تۈرلەنگەن بارلىق شەكىللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

### 4. المفعول له

[المفعول له (سەۋەب ــ مەقسەت تولدۇرغۇچى) ــ ئۆزىدىن ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان پېئىلنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئىسىمدۇر. ضربته تأديبا، قعدت عن الحرب جبنا دېگەندەك. ئىمام زەججاج بۇ پىكىرگە قارشى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ (المفعول له دېيىلگەن ئىسىم) المفعول المطلق دۇر].

ئىزاھات:

ــ ھالىكى المفعول نى المفعول لأجله دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇقىرىقى مەسىلىدە بۇ ئىمامنىڭ المفعول له نى المفعول المطلق قىلىش كېرەك دېيىشىگە المفعول لــه بولغان ئىسىمنى مصــدر قىلىپ، ئۇنىڭغا شۇ مصــدر نىڭ پېئىلىنى تەقدىر قىلىشقا مۇمكىن بولغانلىق سەۋەب بولغاندۇر.

[المفعول له نــى نصب ئوقۇشنىڭ شەرتى لام (ل)نى تەقدىر قىلىشتۇر. ئەگەر المفعول له سەۋەب بايان قىلغۇچى پېئىلنىڭ فاعل نىڭ پېئىلى بولسا ۋە ئىككى پېئىلنىڭ زامانى (پەيدا بولۇش ۋاقتى) يېقىن بولسا المفعول لــه نىڭ لامىنى ئېلىۋېتىش دۇرۇس بولىدۇ].

ئىزاھات:

لام (ل)نى تەقدىر قىلىشىمىز، ئەگەر تەقدىر قىلماي ئۆزىنى كەلتۈرۈپ قويساق ئۇ ھالدا لام جــر قىلىش خىزمىتىنى ئۆتەپ كېتىدۇ ـــ دە، المفعول له دەپ نصب قىلغىلى بولمايدۇ.

‹ئەگەر المفعول له سەۋەب بايان قىلغۇچى پېئىلنىڭ فاعــل نىڭ پېئىلى بولسا›: بۇ قائىدىنى ئوچۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرەيلى: قعدت عن الحــرب جبنــا (جەڭدىن قورقۇپ ئولتۇردۇم) بۇ يەردە سەۋەب بايان قىلغۇچى پېئىلنىڭ فاعــلى قورققان ئادەمدۇر، ئولتۇرغان ئادەم قورققان ئادەمنىڭ دەل ئۆزىدۇر، يەنە بىر ئىبارە بىلەن ئېيتساق: ئىككى پېئىلنىڭ فاعــلى بىر بولسا المفعول له نىڭ لامىنى ئېلىۋېتىمىز.

## 5. المفعول معه

[ المفعول معه ( بىللىلىك تولدۇرغۇچى) ـــ مەيلى ئاشكارا پېئىل، مەيلى مەنۋى پېئىل بولسۇن ئۇنىڭ ئەگەشمە بۆلىكىگە ھەمراھ بولغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن واودىن كېيىن كەلتۈرۈلىدىغان ئىسىمدۇر. ئەگەر المفعول معه نىڭ پېئىلى ئاشكارا بولۇپ، عطــف

قىلىش دۇرۇس بولسا ئىككى خىل إعراب (الرفع و النصب) دۇرۇس بولىدۇ. جئت أنا و زيد (و زيدا) دېگەندەك. ئەگەر عطف دۇرۇس بولمىسا نصب ئوقۇش تەيىن تاپىدۇ. جئت و زيدا دېگەندەك. ئەگەر المفعول معه نىڭ پېئىلى مەنۇىي بولسا ۋە عطف قىلىش دۇرۇس بولسا عطف تەيىن تاپىدۇ. ما لزيد و عمرو دېگەندەك، ئەگەر عطف دۇرۇس بولمىسا نصب ئوقۇش تەيىن تاپىدۇ. ما لك وزيدا، ما شأنك و عمرو دېگەندەك، چۈنكى مەنا: ما تصنع دېگەن بولىدۇ].

ئىزاھات:

ضربت وزيدا، كفاك و زيدا درهم دېگەنلەر المفعول معه نىڭ پېئىلى ئاشكارا كەلگەنگە مىسالدۇر. پېئىل مەنۇىي بولغانىنىڭ مىسالى مالك و عمرو دۇر.

المفعول معه نىڭ واوى چوقۇم مع (بىرگە) مەنىسىدىكى واو بولۇشى كېرەك.

عطف قىلىش دۇرۇس بولسا دېگەنلىك: المفعول معه دېيىلگۈاتقان ئىسىمنى ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن باشقا بىرەر نەرسىگە عطف قىلىش دۇرۇس بولسا دېگەنلىكتۇر.

## 6. الحال

[ الحال (ھالەت) – فاعل ياكى مفعول بە نىڭ ھالىتىنى ئاشكارا ياكى مەنۇى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئىسىمدۇر، ضربت زيدا قائما، زيد في الدار قائما، هذا زيد قائما دېگەندەك، ھالەتنىڭ عامل ى (باشقۇرغۇچىسى) پېئىل ياكى پېئىلنىڭ ئوخشىشى ۋە ياكى پېئىلنىڭ مەنىدىشى بولىدۇ].

ئىزاھات:

ھالەتنىڭ بايانىغا كەلگۈچە المفعول المطلق، المفعول به، المفعول فيه، المفعول له، المفعول معه قاتارلىق بەش خىل مفعول بايان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىنىدى. ھالەتتىن باشلاپ تۆۋەندە كېلىدىغان منصوبات لار مەزكۇر مفعول لارنىڭ قوشۇمچە ياكى ئەگەشكۈچىلىرىدۇر. ياخشى مۇلاھىزە قىلىنىغاي...

[ ھالەتنىڭ شەرتى: ھالەت نكرة بولغاي، ھالەتنىڭ ئىگىسى (ذو الحال) ئاساسەن معرفة بولغاي، وأرسلها العراك، مررت به وحده لارغا ئوخشاشلار ئىزاھلىنىدۇ. ئەگەر ذو الحال نكرة بولۇپ قالسا ھالەتنى ذو الحال دىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش زۆرۈردۇر. ھالەت مەنىۋىي عامل نىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالمايدۇ، ظرف بولسا ئالدىغا ئۆتۈۋالسا بولىدۇ. ئەڭ توغرا كۆز قاراشتا ھالەت مجرور نىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالمايدۇ].

ئىزاھات:

وأرسلها العراك، مررت به وحده لارغا ئوخشاشلار ئىزاھلىنىدۇ: بۇ بىر سوئالنىڭ جاۋابى، ئۇ سوئال: سىز ھازىرلا ھالەت نكرة بولۇشى كېرەك دېگەن ئىدىڭىز، مەشھۇر ئەرەب شائىرى لۇبەيد ھالەتنى العراك دەپ معرفة كەلتۈرۈپتىغۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىدا: بۇلار ئىزاھلىنىدۇ، يەنى تأويل قىلىنىدۇ (جەريان چۈشەندۈرۈلىدۇ).

ھالەت مەنىۋى باشقۇرغۇچىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالمايدۇ، چۈنكى مەنىۋى عامل ئاجىز بولىدۇ. ئەمما ظرف گە كەڭچىللىك قىلىنىدۇ، مەسىلەن: أكل يوم لك ثوب؟ دېگەندەك.

يەنە ھالەت مجرور نىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالمايدۇ. مەسىلەن: مر زيد راكبة بهند دېيىش خاتا! توغرىسى: مر زيد بهند راكبة.

‹ئەڭ توغرا كۆز قاراشتا› دېيىشتىكى سەۋەب: كۇفە گراماتىكاشۇناسلىرى ھالەت مجرور نىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالسا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

[ھەر قانداق ھالەتكە دالالەت قىلغان نەرسە ھالەت بولسا دۇرۇس بولىدۇ، ھذا بسرا أطيب منه رطبا دېگەنگە ئوخشاش. ھالەت گاھىدا خەۋەرلىك جۈملە (جملة خبرية) بولىدۇ، ھالەت ئىسىملىق جۈملە (جملة إسمية) بولسا واو ۋە ضمير بىلەن ياكى واو بىلەن ۋە ياكى ئاجىزراق كۆز قاراشتا ضمير بىلەن باغلىنىدۇ. الفعل المضارع المثبت ھالەت بولۇپ قالسا پەقەت ضمير بىلەنلا باغلىنىدۇ، يۇقىرىقى ئىككى ھالەتتىن باشقا ھالەتلەر واو ۋە ضمير بىلەن ياكى ئىككىسىنىڭ بىرى بىلەن باغلىنىدۇ].

ئىزاھات:

ھەر قانداق ھالەتكە دالالەت قىلغان نەرسە ھالەت بولسا دۇرۇس بولىدۇ دېگەنلىك بەزى گىراماتىكاشۇناسلارغا رەددىيەدۇر، چۈنكى بەزىلەر: ھالەت چوقۇم إسم المشتق بولىدۇ، إسم الجامد بولسا بولمايدۇ دەپ قارىغان، ئاپتور بۇ يەردە كۆپچىلىك ئالىملار تەرىپىدە تۇرۇپ، جاۋاب بېرىۋاتىدۇ.

ئىسىملىق جۈملە (جملة إسمية) نىڭ ھالەت بولغىنىنىڭ مىسالى: جاءني زيد و أبوه قائم.

يۇقىرىقى ئىككى ھالەت دېگىنىمىز: جملة إسمية ۋە الفعل المضارع المثبت نىڭ ھالەت بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. الفعل المضارع المثبت نىڭ ھالەت بولغىنىنىڭ مىسالى: جاءني زيد و يضرب.

[الفعل الماضي المثبت ھالەت بولغاندا چوقۇم ياكى ئاشكارا ياكى تەقدىرەن «قد» بولۇشى كېرەك. ھالەتنىڭ عامىلىنى ئېلىۋېتىشقىمۇ بولىدۇ، مۇساپىرغا: راشىدا مەھدىيا دېگىنىڭدەك، تەكىدلىك ھالەتتە ھالەتنىڭ عامىلىنى ئېلىۋېتىش زۆرۈردۇر، زيد أبوك عطوفا دېگەندەك، ئەسلىسى: أحقه دېگەن بولىدۇ، تەكىتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



هالەتتە هالەتنىڭ عاملىنى چوقۇم ئېلىۋېتىشنىڭ شەرتى: هالەت ئىسمىلىق جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تەكىتلەش ئۈچۈن بولسۇن].

ئىزاھات:

الفعل الماضي المثبت هالەت بولغاندا ‹قد› بولغانىنىڭ مىسالى: جاءني زيد قد ركب، أو جاءوكم حصرت صدورورهم (الاية)، ئالدىنقى مىسال ‹قد›نىڭ ئاشكارا كەلگىنىگە، كېيىنكىسى تەقدىرەن كەلگىنىگە مىسالدۇر.

هالەتنىڭ عاملىنى ئېلىۋېتىشقا توغرا كەلسە ئېلىۋاتقانلىقنى چوقۇم بىرەر بەلگە — ئالامەت بولۇشى كېرەك. راشدا مهديا نىڭ ئەسلىسى: اذهب حال كونك راشدا مهديا دۇر.

7. التمييز

[ التمييز (پەرقلەندۈرگۈچى) — مەزكۇر ياكى تەقدىرى بولغان ذات تىن ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ئورناپ كەتكەن نائېنىقلىقنى كۆتۈرىدىغان ئىسىمدۇر، ئالدىنقىسى كۆپ ھاللاردا مفرد نىڭ مقداريدىكى نائېنىقلىقنى كۆتۈرىدۇ، بۇ (مقداريدىكى نائېنىقلىقنى كۆتۈرۈش) ياكى ساناق سانىدىكى نائېنىقلىقنى كۆتۈرىدۇ: عشرون درهما دېگەندەك — ساناق ساننىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە كېلىدۇ — ياكى ساناق ساندىن باشقا نەرسىلەردىكى نائېنىقلىقنى كۆتۈرىدۇ، رطل زيتا، منوان سمنا، قفيزان برا، على التمر مثلها زبدا دېگەندەك].

ئىزاھات:

مەزكۇر بولغان ذات نىڭ نائېنىقلىقىنى كۆتۈرگەن مىسال: عندي عشرون درهما، تەقدىرى بولغان ذات نىڭ نائېنىقلىقنى كۆتۈرگەن مىسال: طاب زيد نفسا.

‹ئالدىنقىسى›: مەزكۇر بولغان ذات تىن نائېنىقلىقنى كۆتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

بىر رطــل = 2564 گىرام، بىر مَــنٌّ = شەرىئەتتە 180 مىسقال، ئۆرپ ـ ئادەتتە 280 مىسقال. بىر قفيز بىر قاپ، بىر قفيز يەر بولسا 144 گەزدۇر.

[ئەگەر تمييز جىنس بولسا ئۇ مفــرد (بىرلىك) قىلىنىدۇ، پەقەت (جىنس ئىچىدىكى ئايرىم) تۈرلەر مەقسەتلەنسە (ئۇ هالدا ئىككىلىك ياكى كۆپلۈك) قىلىنىدۇ، جىنستىن باشقا جايلاردا تمييز كۆپلۈك قىلىنىدۇ. ئاندىن تمييز تەنۋىنلىك ياكى ئىككىلىكنىڭ نۇنى بىلەن بولسا ئىزافەت دۇرۇس بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىزافەت دۇرۇس بولمايدۇ، (ئالدىنقىسى يەنە مفـــرد نىڭ) مىقداردىن باشقا نەرسىلەرنىڭمۇ نائېنىقلىقنى كۆتۈرىدۇ، خــاتم حديدا دېگەندەك. (بۇ هالەتتە تمييز نى) جرّ ئوقۇش كۆپرەكتۇر].

ئىزاهات:

جىنس ـ مۇئەييەن بىر تۈرنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: سۇ، خورما دېگەندەك.

«ئەگەر ئۇنداق بولمىسا» يەنى تمييز تەنۋىنلىك ياكى تثنية نىڭ نۇنى بىلەن بولمىسا.

[ ئىككىنچىسى جۈملە ياكى جۈملىنىڭ ئوخشىشىدىكى نىسبەتتىن نائېنىقلىقنى كۆتۈرىدۇ، طاب زيد نفسا، زيد طيب أبــا و أبوة و دارا وعلمــا دېگەندەك (ئىككىنچىسى) ياكى ئىزافەتتىكى نىسبەتتىن نائېنىقلىقنى كۆتۈرىدۇ، يعجبنى طيبه أبا و أبــوة و دارا و علما، ولله دره فارسا دېگەندەك].

ئىزاهات:

«ئىككىنچىسى»: تەقدىرى بولغان ذات دىن نائېنىقلىقنى كۆتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىككىنچى خىل تمييز غا كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈشى تمييزنىڭ تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشارەدۇر. تمييز گاھىدا ذات ئۆزىگىلا قارىتىلغان بولسا گاھىدا ئۇنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىلىرىگىمۇ قارىتىلىدۇ، زىيدنىڭ نەفس جەھەتتىن، دادا جەھەتتىن، دادا بولۇش جەھەتتىن، قورو ۋە بىلىم جەھەتتىن پاكىز بولۇشى تمييزنىڭ جۈملىنىڭ نىسبىتىدىن نائېنىقلىقنى قانداق كۆتۈرىدىغانلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ياخشى ئانالىز قىلىنىسۇن...

[ئاندىن كېيىن تمييز نائېنىقلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ئىسىم بولۇشقا لايىق ئىسىم بولسا نائېنىقلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ئىسىمنىڭ تمييزى بولسىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىنىڭ تمييزى بولسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ، پەقەت نائېنىقلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ئىسىم بولۇشقا لايىق ئىسىم بولمىسا ئۇ ئەگەشمە بۆلەكلىرىنىڭلا تمييزى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىلا سۈرەتتە تمييز مەقسەت قىلىنغان نەرسىگە مۇۋاپىق كەلتۈرۈلىدۇ، پەقەت تمييز جىنس بولۇپ قالغاندىلا مەقسەت قىلىنغان نەرسىگە مۇۋاپىق كەلتۈرۈلمەيدۇ، (جىنس بولۇپ، جىنس ئۆز ئىچىدىن) تۈرلەر مەقسەت قىلىنسا يەنە تمييز مەقسەت قىلىنغان نەرسىگە مۇۋاپىق كەلتۈرۈلىدۇ].

ئىزاھات:

نىسبەتنىڭ تمييزى ئىسىم بولسا دېگەنلىك سۈپەت بولمىسا دېگەنلىكتۇر.

مەقسەت قىلىنغان نەرسىگە مۇۋاپىق كەلتۈرۈلىدۇ، دېگەنلىك: ئەگەر مەقسەت مفرد بولسا تمييز مفرد، تثنية بولسا تثنية،

جمع بولسا جمع كەلتۈرۈلىدۇ دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: طـاب زيـد علما، طاب زيد علمين، طاب زيد علوما دېسەك بولىدۇ.

[ئەگەر تمييز سۈپەت بولۇپ قالسا مەزكۇر سۈپەت نائىبنقلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ئىسىمغا تمييز بولىدۇ ۋە ئۇ ئىسىمغا مۇۋاپىق تمييز كەلتۈرۈلىدۇ، (بۇ هالەتتە مەزكۇر سۈپەت) هالەت بولۇشقىمۇ ئېهتىماللىق بولىدۇ، تمييز ئۆز عامىل ىنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋالمايدۇ، ئەڭ توغرا كۆز قاراشتا تمييز ئۆز پېئىلىنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋالماسلىقى كېرەك، بۇ مەسىلەكنى ئىمام مازىنىي ۋە مۇبەررەد قوللىمايدۇ].

ئىزاهات:

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان سۈپەت: إسم الفاعل، إسم المفعول، الصفة المشبهة، إسم التفضيل لەرنى كۆرسىتىدۇ.

تمييز سۈپەت بولغانىنىڭ مىسالى: طاب زيد والدا.

## 8. المستثنى

[المستثنى – (ئۇ ئىككى قىسىم بولىدۇ.) متصل ۋە منقطع.

متصل مستثنى – ئاشكارا ياكى تەقدىرى بولغان بىرقانچىلىغان نەرسىلەردىن إلاّ ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرى ئارقىلىق چىقىرىۋېلىنغان ئىسىمدۇر، منقطع مستثنى – إلاّ ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرىدىن كېيىن كەلگەن، ئەمما يۇقىرىدىكى بىرقانچىلىغان نەرسىلەردىن چىقىرىۋېلىنمىغان ئىسىمدۇر].

ئىزاهات:

المستثنى – ئاجرىتىپ چىقىلغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ گاهىدا مۇستەسنا دەپ ئەرەبچە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇيغۇرچە مۇستەسنا بىلەن ئەرەبچە مۇستەسنانىڭ لۇغەت مەنىسى جەهەتتە زور پەرقى يوقتۇر، ئاپتور كىتابىنىڭ بېشىدىن تارتىپ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەرگە كەلگۈچە ھەر قانداق بىر ئاتالغۇنى ئىزاھلىماقچى بولسا ئالدىن ئۇنىڭ قىسقىچە تەبىرىنى كەلتۈرۈپ ئاندىن ئۇنى تەپسىلىي ئىزاھلىغان ۋە تەقسىملىگەن ئىدى، ئەمما مۇستەسناغا كەلگەندە ئاۋۋال تەقسىملەپ، ئاندىن تەبىرىنى كەلتۈردى، چۈنكى ئاپتورنىڭ كۆز قارىشىدا متصل ۋە منقطع مۇستەسنالار بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولۇپ، بىر تەبىر ئىچىگە سىغمايدۇ، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم تەبىرلەش ئۈچۈن باشتىلا تەبىردىن ئىلگىرى تەقسىملىدى. مستثنى منقطع نى مستثنى منفصل دەپمۇ ئاتايمىز.

متصل مستثنى نىڭ مىسالى: جاء القوم إلاّ زيدا. منقطع مستثنى نىڭ مىسالى: جاء القوم إلاّ حمارا.

إلاّ نىڭ ھەمراھلىرى: غير، سوى، حاشا، ليس، لايكون ... قاتارلىقلار.

[ مستثنى سۆپەت بولمىغان ھالدا إلاّ دىن كېيىن كەلسە ھەم ئىجابى (موجب) جۈملىدە بولسا ياكى مستثنى ئىستىسنا قىلىنغان سۆز (مستثنى منه) دىن ئىلگىرى كەلسە ياكى مستثنى منقطع بولسا (بۇ شەرت كۆپرەك ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى) ياكى مستثنى خلا ۋە عدا دىن كېيىن كەلسە (بۇ شەرتمۇ يەنە كۆپرەك ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى) ياكى مستثنى ما خلا، ماعدا دىن كېيىن كەلسە ياكى ليس، لايكون دىن كېيىن كەلسە مستثنى نصب ئوقۇلىدۇ].

ئىزاھات:

ئىجابىي جۈملە - نفي، نهي ۋە استفهام بولمىغان جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئىجابىي جۈملە (كلام موجب) دېيىلىدۇ. مستثنى سۆپەت بولمىغان ھالدا إلاّ دىن كېيىن ئىجابىي (موجب) جۈملىدە كەلگەننىڭ مىسالى: حفظت القران إلاّ سورة

البقرة، مستثنى مستثنى منه دىن ئىلگىرى كەلگەننىڭ مىسالى:ما جاءنى إلاّ زيدا أحد، مستثنى منقطع بولغاننىڭ مىسالى: جاءنى القوم إلاّ حمارا، مستثنى خلا ۋە عدا دىن كېيىن كەلگەننىڭ مىسالى: جاءنى القوم عدا زيدا و خلا زيدا، مستثنى ما خلا، ماعدا، ليس، لايكون لاردىن كېيىن كەلگەننىڭ مىسالى: جاءنى القوم ماعدا زيدا و ماخلا زيدا، ليس، لايكون دىن كېيىن كەلگەننىڭ مىسالى: جاءنى القوم ليس زيدا و لايكون زيدا.

[ غير موجب جۇملىدە مستثنى منه تىلغا ئېلىنسا إلاّ دىن كېيىن مستثنى نى نصب ئوقۇش دۇرۇس، بەدەل ئېلىش ياخشىراقتۇر، ما فعلوه إلاّ قليل و إلاّ قليلا دېگەندەك، ئەگەر غير موجب جۇملىدە مستثنى منه تىلغا ئېلىنمىسا، پايدىلىق جۇملە بولۇشى ئۈچۈن مستثنى غا عامل لارنىڭ تەقەززاسى بويىچە إعراب بېرىلىدۇ، ما ضربنى إلاّ زيد دېگەندەك، پەقەت مەنا دۇرۇسلا بولسا كلام موجب دىمۇ مستثنى منه نى تىلغا ئالمىساق بولىدۇ، قرأت إلاّ يوم كذا دېگەندەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ما زال زيد إلاّ عالما دېيىش دۇرۇس بولمايدۇ، تەلەپپۇزدىن بەدەل ئېلىش قىيىن بولسا ئەسلىدىكى ئورنىدىن بەدەل ئېلىنىدۇ، ما جاءنى من أحد إلاّ زيد، لا أحد فيها إلاّ عمرو، ما زيد شيئا إلاّ شيئ لايعبأ به دېگەندەك، چۈنكى مۇسبەت جۇملىدە ‹من› زىيادە قىلىنمايدۇ، يەنە ‹ما› ۋە ‹لا› نىڭ مۇسبەت جۇملىدە ئەمەل قىلىشى پەرەز قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئىككىسى ئەمەل قىلسا نفى دە ئەمەل قىلىدۇ، نفى بولسا (مەزكۇر جۇملىدە) إلاّ بىلەن يوقىلىدۇ، ليس زيد شيئا إلاّ شيئا نىڭ خىلاپى بىلەن، چۈنكى ليس (بۇ جۇملىدە) پېئىللىق سالاھىيتى بىلەن ئەمەل قىلدى، ليس نىڭ پېئىللىق سالاھىيتى قېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن نفى مەنىسىنىڭ يوقىلىشىغا ليس نىڭ تەسىرى بولمايدۇ].

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىزاھات:

كلام غير موجب دېگەن سۆز: نفي، نهي ۋە استفهام بار جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

«شۇنىڭ ئۈچۈن» دېگەنلىك: كلام موجب دە مستثنى منه نى تېلىغا ئالمىساق بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن دېگەنلىكتۇر. ما زال زيد إلاّ عالما دېيىش دۇرۇس بولماسلىقىنىڭ يەنەبىر سەۋەبى مەنانىڭ دۇرۇس بولماسلىقىدۇر.

«ئەسلىدىكى ئورنىدىن بەدەل ئېلىش» دېگەنلىك: مستثنى منه نىڭ محل سىدىن بەدەل ئېلىش دېگەنلىكتۇر.

مۇسبەتتىن كېيىن «من» زىيادە قىلىنمايدۇ: يەنى مۇسبەت جۈملىدە «من» نى زائىدە دېگىلى بولمايدۇ.

بۇ يەردىكى «ما» لىيس گە ئوخشايدىغان «ما» دۇر. «لا» بولسا جىنسنى نفي قىلىش ئۈچۈن كەلگەن «لا» دۇر.

[شۇنىڭ ئۈچۈن ليس زيد إلاّ قائما دېيىش دۇرۇس، ما زيد إلاّ قائما دېيىش دۇرۇس ئەمەس. غير، سوى، سواء دىن كېيىن ۋە كۆپرەك ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا حاشا دىن كېيىن جرّ ئوقۇلىدۇ، غير نىڭ إعراب ى ئىستىسنادا إلاّ بىلەن ئىستىسنا قىلىنغان مستثنى غا تەپسىلىي ئوخشايدۇ، غير ئىستىسنادا إلاّ دەك مۇئامىلە قىلىنىدىغان سۆپەتتۇر، خۇددى ئىستىسنانىڭ قىينىلىقى سەۋەبىدىن چەكسىز نكرة لەرنىڭ كۆپلۈكىگە ئەگەشكەن «الا» «غير» نىڭ مۇئامىلىسىگە ئۆچرىغاندەك، لو كان فيهما الهة إلاّ الله لفسدتا دېگەندەك، ئۇنىڭدىن باشقا جايدا إلاّ غا غير نىڭ مۇئامىلىسىنى قىلىش ئاجىز بولدى. سوى، سواء نىڭ إعراب ى ئەڭ توغرا كۆز قاراشتا ظرف دېيىلىپ نصب ئوقۇلىدۇ].

ئىزاھات:

‹شۇنىڭ ئۈچۈن› دېگەنلىك: لَيْسَ پېئىللىق سالاھىيەت بىلەن ئەمەل قىلىدۇ، شۇڭا نفي مەنىسىنىڭ يوقىلىشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن، دېگەنلىكتۇر.

‹چەكسىز نكرة لەرنىڭ كۆپلۈكى› دېگەنلىك: كۆپلۈكنى سۈپەتلەش بولۇپ، ئۇ كۆپلۈك ھەم نكرة بولسۇن، ساناق سان بولمىسۇن دېگەنلىكتۇر، ئەگەر ساناق سان بولسا ياكى ئۇ كۆپلۈك معرفة بولسا ئىستىسنا قىيىن بولمايدۇ، دېمەك: إلاّ ئەنە شۇنداق كۆپلۈككە ئەگەشكەن سۈپەتتە بولۇپ قالسا غير نىڭ مۇئامىلىسى قىلىنىدۇ.

لو كان فيهما الهة إلاّ الله لفسدتا دېگەندەك مانا بۇ ئايەتتە إلاّ چەكسىز نكرة لەرنىڭ كۆپلۈكى — الهة دىن كېيىن كەلدى، إلاّ نى غير مەنىسى بىلەن سۈپەت قىلىندى، إلاّ نىڭ غير مەنىسىدە بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ چەكسىز نكرة لەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كېيىن كېلىپ قالغانلىقىدىنلا ئەمەس، إلاّ بىلەن ئىستىسنا قىلىنسا مەنانىڭ بۇزۇلۇشىمۇ مۇھىم بىر سەۋەبتۇر، ياخشى ئانالىز قىلىنغاي...

### 9. خبر كان واخواتها

[كان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ خەۋىرى — ئۇ كان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى داخىل بولغاندىن كېيىنكى مۇسنەددۇر، كان زيد قائما دېگەندەك، ئۇنىڭ ھۆكمى: مبتداء نىڭ خەۋىرىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر، ئۇ معرفة بولغان ھالدا ئۆز ئىسمىنىڭ ئالدىدا كېلەۋېرىدۇ، الناس مجزيون بأعمالهم ان خيرا فخير و ان شرا فشر دەك جۈملىلەردە ئۇنىڭ ئاملى چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭدەك ھالەتلەردە تۆت خىل ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ، أما أنت منطلقا انطلقت (ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەقدىرى لأن كنت منطلقا بولىدۇ) دەك مسائىللاردا مەزكۇر خەۋەرنىڭ چۈشۈپ قېلىشى زۆرۈردۇر].

ئىزاھات:

كان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى داخىل بولغاندىن كېيىنكى مۇسنەددۇر، دېگەنلىك: مەزكۇر خەۋەر ئەسلىدە كان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كەلمەستىن ئىلگىرى مبتداء — خەۋەرلىك جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ مۇسنەد بولاتتى، ئەمدى كان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇ خەۋەرگە داخىل بولسا ئۇ مبتداء نىڭ ئەمەس، كان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ خەۋىرى بولۇپ مۇسنەد بولىدۇ دېمەكچى.

كان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ خەۋىرى معرفة بولغان ھالدا ئۆز ئىسمىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ، ئەمما مبتداء — خەۋەرلىك جۈملىنىڭ خەۋىرى معرفة بولسىمۇ چوقۇم مبتداء دىن كېيىن تۇرۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا قايسىسى مبتداء، قايسىسى خەۋەر ئايرىغىلى بولماي قالىدۇ.

الناس مجزيون بأعمالهم ان خيرا فخير و ان شرا فشر نىڭ تەقدىرى: الناس مجزيون بأعمالهم ان كان عملهم خيرا فجزائهم خير و ان كان عملهم شرا فجزائهم شر دۇر، بۇ خىل جۈملىلەردە تۆت خىل ئوقۇش دۇرۇس: بىرىنچى: الناس مجزيون بأعمالهم إن خيرًا فخيرٌ و إن شرا فشر، ئىككىنچى: الناس مجزيون بأعمالهم إن خيرًا فخيرًا و إن شرًا فشرًا بۇنىڭ تەقدىرى: الناس مجزيون بأعمالهم إن كان عملهم خيرًا فيكون جزائهم خيرًا و إن كان عملهم شرًا فيكون جزائهم شرًا دېگەن بولىدۇ. ئۈچىنچى: الناس مجزيون بأعمالهم إن خيرٌ فخيرًا و إن شرٌ فشرًا بۇنىڭ تەقدىرى: الناس مجزيون بأعمالهم إن كان فى عملهم خير فيكون جزائهم خيرا و إن كان فى عملهم شر فيكون جزائهم شرا

دېگەن بولىدۇ، تولۇقى: الناس مجزيون بأعمالهم إن خير فخير و إن شر فشر بولىدۇ، تەقدىرى: الناس مجزيون بأعمالهم إن كان في عملهم خير فجزائهم خير و إن كان في عملهم شر فجزائهم شر دېگەن بولىدۇ.

## 10. إسم إن واخواتها

[إن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئىسمى ــ ئۇ إن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى داخىل بولغاندىن كېيىنكى مۇسنەدۇن ئىلەيھىدۇر، إن زيدا قائما دېگەندەك].

ئىزاھات:

بۇ ھەرپلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى «المرفوعات» دا تىلغا ئېلىنغان.

## 11. المنصوب بلاالنفي الجنس

[جىنسنى نفي (يوق) قىلىدىغان «لا» نىڭ نصب قىلىنغان ئىسمىسى ــ ئۇ نكرة (بىۋاستە) يېقىن بولغان «لا» داخىل بولغاندىن كېيىنكى مۇزاف ياكى شبهي مۇزاف بولغان مۇسنەدۇن ئىلەيھىدۇر، لا غلام ظريف فيها، لا عشرين درهما لىك دېگەندەك. ئەگەر مەزكۇر ئىسىم مفرد بولسا قايسى خىل شەكىلدە نصب بولماقچى بولسا شۇ خىل شەكىلگە مبني بولىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئىسىم معرفة بولۇپ قالسا ياكى ئۇ ئىسىم بىلەن «لا» نىڭ ئارىلىقى (باشقا سۆزلەر بىلەن) ئايرىۋېتىلسە رفع ۋە تەكرار ئوقۇش زۆرۈردۇر].

ئىزاھات:

«جىنسنى نفي قىلىدىغان «لا» نىڭ نصب قىلىنغان ئىسمىسى» دېيىشتىكى مەقسەت: بۇ «لا» نىڭ ھەممىلا ئىسمى نصب بولمايدۇ، شۇنداقلا كۆپ قىسمىمۇ نصب بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



[قضية و لا أبا حسن لها غا ئوخشاشلار ئىزاھلانغۇچىدۇر. لا حول ولا قوة إلاّ باالله غا ئوخشايدىغانلاردا بەش خىل إعراب دۇرۇستۇر، ئىككىلىسىنى فتح ئوقۇش، بىرىنچىسىنى فتح ئوقۇپ ئىككىنچىسىنى نصب ئوقۇش، بىرىنچىسىنى فتح ئوقۇپ ئىككىنچىسىنى رفع ئوقۇش، ئىككىلىسىنى رفع ئوقۇش، ئاجىز بىر پىكىرگە بىنائەن بىرىنچىسىنى رفع ئوقۇش، ئىككىنچىسىنى فتح ئوقۇش].

ئىزاھات:

قضية و لا أبا حسن لها بۇ يەردىكى أبا حسن دىن مەشھۇر ساھابى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەقسەت قىلىنسا بۇ چاغدا «أبا» نى نصب ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ، شۇڭا بۇ نكرة قىلىنغان ئىسىم دەپ ئىزاھلىنىدۇ، خۇددى لكل فرعون موسى دىكى فرعون نى ھەرقانداق بۇزغۇنچى، موسى نى ھەرقانداق ھەقىقەتچى دەپ ئىزاھلىغاندەك.

«لا حول ولا قوة إلاّ باالله غا ئوخشايدىغانلاردا» دىگەنلىك: «لا» تەكرارلانغان جۈملىلەردە دىگەنلىكتۇر.

بەش خىل ئوقۇشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

1. ئىككىلىسىنى فتح ئوقۇش: بۇ ھالەتتە ھەر ئىككى «لا» جىنسنى نفي قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ.

2. بىرىنچىسىنى فتح ئوقۇپ، ئىككىنچىسىنى نصب ئوقۇش: بۇ ھالەتتە بىرىنچى «لا» جىنسنى نفي قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ، ئىككىنچى «لا» تەكىتلەش ئۈچۈن ياكى زىيادە «لا» بولىدۇ.

3. بىرىنچىسىنى فتح ئوقۇپ، ئىككىنچىسىنى رفع ئوقۇش: بۇ ھالەتتە بىرىنچى «لا» جىنسنى نفي قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ، ئىككىنچى «لا» ليس گە ئوخشىتىلغان «لا» بولىدۇ.

4. ئىككىلىسىنى رفع ئوقۇش: بۇ أبغير الله حول لنا أم قـوة؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ، مبتداء ۋە خەۋەر بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ھەر ئىككى ‹لا› ليس گە ئوخشىتىلغان ‹لا› بولىدۇ.

5. ئاجىز بىر پېكىرگە بىنائەن بىرىنچىسىنى رفع ئوقۇش، ئىككىنچىسىنى فتح ئوقۇش؛

[جىنسنى نفـي قىلغۇچى ‹لا› غا ھەمزە داخىل بولسا ئۇ ‹لا›نىڭ ئەملى ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇ ھەمزىنىڭ مەنىسى اسـتفهام (سوراق)، عرض (تەكلىپ)، تمني (ئارزۇ) بولىدۇ. (ئەگەر جىنسنى نفـي قىلغۇچى ‹لا› نىڭ) مـبنى بولغان ئىسمىسىنىڭ بىرىنچى سۈپىتى مفـرد بولغان ھالدا سۈپەتلەنگۈچىگە يېقىن بولسا ئۇ سۈپەت مبنى بولسىمۇ، ئەسلى ئورنىدىكى (محل سىدىكى) رفـع ۋە نصب نى ئېتىبارغا ئېلىپ معـرب بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، لا رجـل ظريف و ظريف وظريفـا دېگەندەك. ئەگەر يۇقىرىقىدەك بولمىسا معرب بولىدۇ].

ئىزاھات:

جىنسنى نفي قىلغۇچى ‹لا› غا ھەمزە داخىل بولۇپ استفهام (سوراق) مەنىسىدە بولغانىنىڭ مىسالى: ألا رجل في الدار، جىنسنى نفـي قىلغۇچى ‹لا› غا ھەمزە داخىل بولۇپ عـرض (تەكلىپ) مەنىسىدە بولغانىنىڭ مىسالى: ألا نزول لك بنـا فنحسـن اليـك؟ جىنسنى نفي قىلغۇچى ‹لا› غا ھەمزە داخىل بولۇپ تمـني (ئارزۇ) مەنىسىدە بولغانىنىڭ مىسالى: ألا اتيان منك فتبشرنا؟

‹يۇقىرىقىدەك بولمىسا› دېگەنلىك: جىنسنى نفي قىلغۇچى ‹لا› نىڭ ئىسمىسىنىڭ بىرىنچى سۈپىتى بولمىسا ياكى مـبنى سۈپەت بىلەن ‹لا› ئارىلىقىدا پاسىل بولۇپ قالسا ياكى سۈپەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولماي مۇزاف بولۇپ قالسا بۇ ھالەتلەردە چوقۇم معرب بولىدۇ دېيەلىمىگەنتۇر.

[ لا أب وابنا وابن غا ئوخشاش مىساللاردا لفظ گە عطف قىلىنسۇ، محل گە عطف قىلىنسۇ بولۇۋېرىدۇ. لا أبا له، لا غلامي لـه غا ئوخشاش مىساللاردا (لا)نىڭ ئىسمىسىنى ئۇ ئىسىم مۇزافنىڭ ئەسلى مەنىسىگە ئىشتىراك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇزافقا ئوخشىتىپ، ئەلىف بىلەن ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن لا أبا فيها دېگەن تەركىب دۇرۇس بولمايدۇ؛ چۈنكى ئۇ مەنىدىكى خاتالىق سەۋەبىدىن مۇزاف بولمايدۇ، سەۋەبىيە بۇ پېكىرگە قوشۇلمايدۇ، كۆپ ھاللاردا لا عليك! دەك سۆزلەردە ئىسىم چۈشۈپ قالىدۇ، تەقدىرى لا بأس عليك دېگەن بولىدۇ].

ئىزاھات:

عطف لىك كەلگەن جىنسنى نفي قىلغۇچى (لا) نىڭ ئىسمىغا عطف قىلىنغان ئىسمىنى معرب ئوقۇشقىلا بولىدۇكى مبني ئوقۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

لا أبا له، لا غلامي لـه غا ئوخشاش مىساللار دېگىنىمىز: جىنسنى نفي قىلغۇچى (لا) نىڭ ئىسمىسىدىكى تثنية ۋە جمع نىڭ ئەلىف ياكى نۇننى ئېلىۋەتكەن جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(مەنىدىكى خاتالىق سەۋەبىدىن مۇزاف بولمايدۇ) دېگەنلىك: (لا أبا) دىن كېيىن كەلگەن فيها دىكى (في) نى ئېلىۋېتىپ لا أباها قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق بولسا مەنا بۇزۇلىدۇ، (ها) الدار غا قايتىدىغان بولۇپ، مەنا: قورونىڭ دادىسى دېگەن بولۇپ قالىدۇ.

## 12. خبر ماولا المبهتين بليس

{...}[ ليس گە ئوخشىتىلغان ما ۋە لا نىڭ خەۋىرى ــ ئۇ ئۇ ئىككىسى داخىل بولغاندىن كېيىنكى مۇسنەددۇر. ئۇ (بۇ خىل ما ۋە

لا غا ئەمەل بېرىش) ھېجازلىقلارنىڭ تىلىدۇر. ئەگەر مــا غــا ان قوشۇلسا ياكى إلاَّ بىلەن (جۇملىدىكى) مەنپىيلىك يوقالسا ياكى خەۋەر ئىسمىنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋالسا (ئۇ ئىككىسىنىڭ) ئەمىلى بىكار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككىسىنىڭ خەۋىرىگە بىرەر موجــب (مەنپىينى مۇسبەتكە ئايلاندۇرغۇچى) ئارقىلىق عطف قىلىنسا رفــع ئوقۇش زۆرۈردۇر].

ئىزاھات:

ما غا ان قوشۇلغانلىقىنىڭ مىسالى: ما ان زيد قائم .

إلاَّ بىلەن (جۇملىدىكى) مەنپىيلىك يوقالغانلىقىنىڭ مىسالى: ما زيد إلاَّ قائما.

خەۋەر ئىسمىنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋالغانلىقىنىڭ مىسالى: ما قائم إلاَّ زيد.

ئۇ ئىككىسىنىڭ خەۋىرىگە بىرەر موجــب ئارقىلىق عطــف قىلىنغانلىقىنىڭ مىسالى: ما زيد قائما بل قاعد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# الباب الثالث فى المجرورات

[المجـــروراتئـۇ ـ مۇزافـۇن ئىلـەيھىنىڭ ئالامـەتلىرىنى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان ئىسىمدۇر، مۇزافـۇن ئىلـەيھى ـ ئـۇ لفظـــا يـاكى مەقسـەتلىك تقديرا حرف الجر ئـارقىلىق مەلۇم بىر سۆز نىسـبەت بېرىلگەن ھەرقانداق ئىسىمدۇر].

ئىـزاھات:

لفظا حرف الجــر ئـارقىلىق نىسـبەت بېرىلگەننىڭ مىسـالى: سلمت على زيد، مەقسـەتلىك تقديرا حرف الجر ئـارقىلىق نىسـبەت بېرىلگەننىڭ مىسالى: رأيت غلام زيــد، بۇنىڭ تەقـدىرى: رأيـــت غلامــــا لزيـــــد دۇر. مەقسـەتلىك دېيىشــىمىز: بـەزى مۇزافـۇن ئىلەيھىلـەردە حـــرف الجـــر نـى تەقـدىر قىلىـش مەقسـەتلەنمەيدۇ. مـەسىلەن: صمت يوم الجمعة دېگەندەك.

[ حـــرف الجـــر نـى تەقـدىر قىلىشنىڭ شـەرتى: مـۇزاف ئىزافەتنىڭ سەۋەبىدىن تـەنۋىنى چۈشـۈپ قالغـان ئىسـىم بولۇشـى كېـرەك. ئـۇ (ئىزافـەتلىك بىرىكمـە) ئىككـى خىـل بولـىدۇ. بىـرى مەنىۋى ئىزافـەت (اضافة معنويـــة)، يەنـە بىـرى شـەكلەن ئىزافـەت (اضـــافة لفظيـــة)، مـەنىۋى ئىزافەتتـە ـ مـۇزاف ئـۆزى ئـارقىلىق باشـقۇرۇلىدىغان سۆزگـە ئىـزاق قىلىنغـان سۈپـەت بولماسـلىقى كېـرەك، ئـۇ (مـەنىۋى ئىزافـەت) مـۇزاف مۇزافـۇن ئىلـەيھىنىڭ جىنسىدىن ياكى ظرفىدىن بولمىغانـدا اللام مەنىسى بىلەنـدۇر،

مۇزاف مۇزافۇن ئىلەيھىنىڭ جىنسىدىن بولغاندا مىن مەنىسى بىلەندۇر، مۇزاف مۇزافۇن ئىلەيھىنىڭ ظرفىدىن بولغاندا فى مەنىسى بىلەندۇر، بۇ خىلى ناھايىتى ئازدۇر، غلام زيد، خاتم فضة، ضرب اليوم دېگەندەك].

ئىزاھات:

(اضـــافة معنويـــــة) دېگەنلىك يەنە بىر ئىبارە بىلەن ئىپادىلىسەك: مەنادىكى ئىزافەت دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك (اضافة لفظيـــة) دېگەنلىك: تەلەپپۇزدىكى ئىزافەت دېگەنلىكتۇر. (اضافة معنوية) ئەسلى مەقسەت بولغاچقا ئۇنى(اضافة لفظيـــة) دىن ئىلگىرى تىلغا ئالدى.

غلام زيـــد، مۇزاف مۇزافۇن ئىلەيھىنىڭ جىنسىدىن ياكى ظرفىدىن بولمىغاننىڭ مىسالىدۇر، خاتم فضـــة، مۇزاف مۇزافۇن ئىلەيھىنىڭ جىنسىدىن بولغاننىڭ مىسالىدۇر، ضرب اليوم مۇزاف مۇزافۇن ئىلەيھىنىڭ ظرفىدىن بولغاننىڭ مىسالىدۇر.

[مەنىۋى ئىزافەت معرفة گە ئىزاف قىلىنسا مۇزافنى معرفـــة قىلىدۇ، نكرة گە ئىزاف قىلىنسا مۇزافنىڭ خاسلىقىنى ئاشۇرىدۇ. مەنىۋى ئىزافەتنىڭ شەرتى: مۇزافتىكى معرفـــة نىڭ بەلگىلىرىنى يوقىتىش كېرەك، كۇفەلىقلارنىڭ الثلاثة الأثواب دېگەندەك ساناق سانلىق سۆزلەردە «مەنىۋى ئىزافەتتە مۇزاف معرفة بولىدى» دېيىشى ئاجىزدۇر].

ئىزاھات:

مەنىۋى ئىزافەتنىڭ شەرتى سەۋەبىدىن مۇزافقا «ال» داخىل بولمايدۇ، مۇزافتا تەنۋىنمۇ بولمايدۇ.

[شەكلەن ئىزافەتتە مۇزاف ئۆزى ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان سۆزگە ئىزاف قىلىنغان سۈپەت بولۇشى كېرەك، ضارب زيد، حسن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



الوجــــه دېگــەندەك، شــەكلەن ئىزافــەت پــەقەت تەلەپپۇزدىكى يەڭگىللىكنىلا پايدا بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مررت برجــل حســن الوجه دېگەن تەركىب دۇرۇس بولىدۇ، مررت بزيد حســن الوجــه دۇرۇس بولمايدۇ. الضاربا زيد ۋە الضــاربو زيــد دۇرۇس بولىدۇ، الضـــارب زيـــد دۇرۇس بولمايـدۇ، ئىمـام فـەرراڭ بـۇ پىكىرگـە قوشۇلمايدۇ. «الواهب المائة الهجان و عبدها» دېگەن شېئىردا الواهب المائة دەپ ئىزافەت بىلەن كەلدى دېيىش ئاجىز سۆزدۇر. الضـــارب الرجل دېگەن تەركىب دۇرۇس، چۈنكى مەزكۇر تـەركىبنى الحسن الوجه دېگەن تەركىبتىكى ئەڭ توغرا قائىدىگە سالدۇق، الضـــاربك ۋە ئـۇنىڭغا ئوخشـايدىغان تەركىبلـەر ئـۇنى مـۇزاف دېگـۈچىلەر نەزىرىـدە ضاربك دېگەن ئۆلچەمگە توشۇپ مۇزاف بولۇشى دۇرۇس بولىدۇ].

ئىزاھات:

الحسن الوجــه دېگەن تەركىبـدە الوجــه نى ئۈچ ھەرىكـەت (زەممــە، فەتھــە، كەسـرە) بىلــەن ئوقــۇش دۇرۇس بولــۇپ، ئــەڭ ياخشىسى كەسرە ئوقۇشتۇر، الضارب الرجل مانا شۇنىڭغا قىياس قىلىنغان.

[سۈپەتلەنگۈچى سۈپەتكە، سۈپەت سۈپەتلەنگۈچكە ئىزاف قىلىنمايدۇ، مسجد الجامع، جانب الغربي، صلاة الأولى، بقلة الحمقـــاء غا ئوخشاش تەركىبلەر ئىزاھلىنىدۇ، جرد قطيفــة، اخــلاق ثيــاب دېگەنلەرمۇ ئىزاھلىنىدۇ، روشەن پايدىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئومۇمىيلىق ۋە خۇسۇسىيلىقتا ئوخشايدىغان ئىككى ئىسىمنى ئۆزئارا ئىزاف قىلىشقا بولمايدۇ، ليث أسد، ۋە حبس منع دېگەندەك، كل الدراهم ۋە عين الشيئ لەر بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى (بۇ يەردىكى) مۇزاف مۇزافۇن ئىلەيھى بىلەن خاسلىنىدۇ. سعيد كــرز دېگەندەك سۆزلەر ئىزاھلىنىدۇ].

ئىزاھات:

مسجد الجامع نىڭ ئەسلىسى: مسجد الوقت الجامع دۇر. جانب الغربي نىڭ ئەسلىسى جانب المكان الغربي دۇر. صلاة الأولى نىڭ ئەسلىسى صلاة الساعة الأولى دۇر. بقلة الحمقاء نىڭ ئەسلىسى بقلة الحبة الحمقاء دۇر. يۇقىرىقى مىساللار سۈپەتلەنگۈچىنى سۈپەتكە ئىزاپ قىلغاندەك ھالەت شەكىللەندۈرگەن مىساللاردۇر، تۆۋەندىكى ئىككى مىسال سۈپەتنى سۈپەتلەنگۈچىگە ئىزاپ قىلغاندەك كۆرۈنۈش بېرىدىغان تەركىبتۇر: جرد قطيفة، اخلاق ثياب بۇ ئىككى مىسالنىڭ ئالدىنقى كەلىمىسى سۈپەت، كېيىنكى كەلىمىسى سۈپەتلەنگۈچىدۇر، بۇ يەردىكى سۈپەت ئىستېمالنىڭ كۆپلۈكى ۋە ۋاقىتنىڭ ئۇتۇشى بىلەن ئىسىمغا ئايلىنىپ كەتكەندۇر.

سعيد كرز دېگەن بۇ ئىككى سۆز ئومۇم ۋە خۇسۇسىيلىقدا ئوخشاش بولۇپ بىر ئادەمنىڭ نامىدۇر.

[ساغلام ئىسىم ياكى ساغلام ئىسىملارغا قوشۇلۇپ كەتكەن باشقا ئىسىملار بىرىنچى شەخس (المتكلم) نىڭ ‹ي› سىغا مۇزاف بولۇپ قالسا ئۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرى كەسرە ئوقۇلىدۇ. ‹ي› فەتھەلىك ياكى ساكىن بولىدۇ. ئەگەر مۇزافنىڭ ئاخىرى ئەلىف بولۇپ قالسا ئۇز پېتى قالىدۇ، ھۇزەيل قەبىلىسى تثنية نىڭ ئەلىفىدىن باشقا ئەلىفنى ‹ي› غا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئەگەر مۇزافنىڭ ئاخىرى ‹ي› بولۇپ قالسا كىرىشتۈرۈۋېتىلىدۇ (ادغام قىلىنىدۇ)، ئەگەر مۇزافنىڭ ئاخىرى ‹واو› بولۇپ قالسا ‹ي› غا ئۆزگەرتىلىپ، ادغام قىلىنىدۇ ۋە ‹ي› ئىككى ساكىننىڭ بىرگە كېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىنىپ فەتھە ئوقۇلىدۇ. ئەمما (مەشھۇر) ئالتە ئىسىمدا أخي، أبي دەپ ئوقۇلىدۇ، ئىمام مۇبەررەد أخيَّ، أبيَّ دەپ (شەددە بىلەن ئوقۇشقا) رۇخسەت قىلدى، حمي، هني دەيسەن، كۆپ

هاللاردا فِيٌّ (شەددە بىلەن) دەيسەن، فِمي دېسەڭمۇ بولىدۇ، ئەگەر مەزكۇر ئالتە ئىسىم ئىزافەتتىن ئۈزۈلۈپ قالسا أخ، أب، حم، هــن، فم دېيىلىدۇ، فــم دا ‹ف› نىڭ فەتھەسى (كەسرە ۋە زەممەگە قارىغاندا) پاساھەتلىكراقتۇر. حم - يد، خبــئ، دلــو، عصــا لارغا مۇتلەق ئوخشاش ھالدىمۇ كەلدى، هــن مۇتلەق ھالدا يــد غا ئوخشاش كەلدى، ذو ضمير غا ئىزاق قىلىنمايدۇ ۋە ئىزافەتدىنمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ].

# الباب الرابع فى التوابع

[التوابع – ئۇ ئوخشاش بىر جەھەتتىن ئالدىنقى إعراب‌غا ئەگەشكەن ئىككىنچى سۆزدۇر].

## 1. النعت

[ النعت (سۈپەت) – ئۇ مۇتلەق ھالدا ئۆزى ئەگىشىپ كەلگەن ئىسمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزدۇر. ئۇنىڭ (سۈپەتنىڭ) پايدىسى خاسلاشتۇرۇش ياكى ئوچۇقلاشتۇرۇشتۇر، ئۇ گاھىدا پەقەت ماختاش ياكى ئەيىبلەش ئۈچۈنلا كېلىدۇ، (گاھىدا) نفخة واحدة دېگەندەك تەكىتلەش ئۈچۈنمۇ كېلىدۇ، سۈپەتنىڭ تۈرلىنىدىغان ياكى تۈرلەنمەيدىغان بولۇشىنىڭ پەرقى يوق؛ (ئەمما) تۈرلەنمەيدىغان سۈپەت ئەزەلدە (قويۇلغاندا) سۈپەتلەنگۈچىدىكى ئومۇمىي ياكى خۇسۇسىي بىرەر مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قويۇلغان بولۇشى كېرەك، تميمي، ذى مال (بۇ ئومۇمىي مەنا ئۈچۈن قويۇلغان سۈپەتكە مىسال)، مررت برجل أي رجل ۋە مررت بهذا الرجل و بزيد هذا (بۇ خۇسۇسىي مەنا ئۈچۈن قويۇلغان سۈپەتكە مىسال) دېگەندەك].

التوابع – التابع نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، جەمئىي بەش تۈرلۈك بولىدۇ: 1) سۈپەت (النعت)، 2) ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تەڭداش بۆلەك (العطف باالحروف)، 3) تەكىت (التأكيد)، 4) بەدەل (البدل)،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



5) بايان قىلغۇچى تەئداش بۆلەك (عطف البيان). بۆلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە ئايرىم ــ ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

ئىزاھات:

مررت برجل أي رجل ۋە مررت بهذاالرجل و بزيد هذا بۇ ئىككى مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى: أي سۆزى ماختاش جەريانىدا نكرة گە سۈپەت بولسا بولىدۇ، إسم الجنس مبهم گە سۈپەت بولسا بولىدۇ، إسم الاشارة علم گە ياكى علمگە مۇزاف بولغان سۆزگە ياكى ضميرغا سۈپەت بولىدۇ، يۇقىرىقى مىساللارنى ياخشى تەھلىل قىلىش...

[نكرة ئىسىم خەۋەرلىك جۇملە بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ جۇملىدە سۈپەتكە قايتىدىغان ضمير بولۇشى كېرەك، مەزكۇر نكرة ئىسىم سۈپەتلەنگۈچىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە سۈپەتلەنگۈچىنىڭ ئەگەشمە بۆلىكىنىڭ ئەھۋالىنى سۈپەتلەيدۇ، مررت برجل حسن غلامه دېگەندەك].

ئىزاھات:

نكرة ئىسىم خەۋەرلىك جۇملە بىلەن سۈپەتلەنگەننىڭ مىسالى: رأيت رجلا يأكل لحم البلبل،

[ سۈپەتلەنگۈچىنىڭ ئەھۋالىنى سۈپەتلەشتە سۈپەت سۈپەتلەنگۈچىگە إعراب دا، معرفة – نكرة لىكتە، مفرد – تثنية – جمع لىكتە، تذكير – تأنيث دا ئەگىشىدۇ. سۈپەت سۈپەتلەنگۈچىنىڭ ئەگەشمە بۆلىكىنىڭ ئەھۋالىنى سۈپەتلەشتە ئالدىنقى بەشىدە ئەگىشىدۇ، قالغانلىرىدا پېئىلغا ئوخشاش بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قام رجل قاعد غلمانه دېيىش ياخشى بولىدى، قاعدون غلمانه دېيىش ئاجىز بولىدى، قعود غلمانه دېيىش دۇرۇستۇر].

ئىزاھات:

«سۈپەتلەنگۈچىنىڭ ئەھۋالىنى سۈپەتلەشتە سۈپەت سۈپەتلەنگۈچىگە إعراب دا...... ئەگىشىدۇ» دېگەنلىك: سۈپەت سۈپەتلەنگۈچىنى بىۋاستە سۈپەتلىسە سۈپەتلەنگۈچىگە تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئەگىشىدۇ: 1) إعراب دا (رفع، نصب، جر لىكتە) ئەگىشىدۇ يەنى سۈپەت رفع بولسا سۈپەتلەنگۈچىمۇ رفع بولىدۇ، نصب بولسا نصب بولىدۇ، جر بولسا جر بولىدۇ، 2) معرفة – نكرة لىكتە، 3) مفرد – تثنية – جمع لىكتە، 4) تذكير – تأنيث لىكتە ئەگىشىدۇ.

«سۈپەتلەنگۈچىنىڭ ئەگەشمە بۆلىكىنىڭ ئەھۋالىنى سۈپەتلەشتە ئالدىنقى بەشىدە ئەگىشىدۇ» دېگەنلىك: سۈپەت سۈپەتلەنگۈچىنى بىۋاستە سۈپەتلىمەي، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر تەرەپنى سۈپەتلەپ بەرسە، ئۇ ھالدا سۈپەت ئالدىنقى بەش تەرەپتە سۈپەتلەنگۈچىگە ئەگىشىدۇ، ئالدىنقى بەش تەرەپ: إعراب (رفع، نصب، جر – بۇ ئۈچ)، معرفة – نكرة (بۇ ئىككى) جەمئىي بەش.

قام رجل قاعد غلمانه دېيىشنىڭ ياخشى بولۇشى قاعد – رجل نىڭ بىۋاستە سۈپىتى بولماستىن غلمانه نىڭ سۈپىتىدۇر، دېمەك قاعد – رجل غا إعراب ۋە نكرة دە ئەگەشتى، تەركىب ياخشى بولدى، قام رجل قاعدون غلمانه دېيىشنىڭ ئاجىز بولۇشى بۇ تەركىبتە قاعدون پېئىلغا ئوخشايدۇ، پېئىلنىڭ ئىگىسى ئاشكارا تۇرسا پېئىلنى كۆپلۈك كەلتۈرۈشنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇمدۇر، قعود غلمانه دېيىشنىڭ دۇرۇس بولۇشى جمع التكسير مفرد نىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ دېگەن قائىدە بويىچە قعود دېگەن سۆزنى جمع ئەمەستەك ھېسابلايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



[ضمير سۆپەتمۇ بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن باشقا نەرسىنى سۆپەتلىگىلىمۇ بولمايدۇ، سۆپەتلەنگۈچى سۆپەتتىن خاسراق ياكى باراۋەر بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن «ال»لىق سۆز پەقەت «ال»لىق سۆز بىلەنلا سۆپەتلىنىدۇ ياكى «ال»لىق سۆزگە مۇزاف بولغان سۆز بىلەن سۆپەتلىنىدۇ، هذا – مبـهم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بابى «ال»لىق ئىسىم بىلەن سۆپەتلىنىش شەرت قىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مررت بهذا الأبيض دېيىش ئاجىز بولىدى، مررت بهذا العلم دېيىش ياخشى بولىدى].

ئىزاھات:

هذا نىڭ بابى: إسم الاشارة نىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ.

مررت بهذا الأبيض دېيىشنىڭ ئاجىز بولۇشى: هذا ئەسلىدىنلا مبهم، ئۇنىڭغا «ئاق» دېگەن يەنە بىر مبهم قوشۇلسا ئۇ يەنە نېمىنىمۇ سۆپەتلەپ بېرەر؟ سۆپەتلەشنىڭ مەقسىتى ئوچۇقلاشتۇرۇش ياكى خاسلاشتۇرۇش ئەمەسمۇ؟

## 2. العطف

[العطف – ئۇ ئۆزى ئەگىشىپ كەلگەن تەركىب بىلەن ئورتاق نىسبەتتە مەقسەتلەنگەن ئەگەشمىدۇر. العطف بىلەن ئۇ ئەگەشكەن تەركىب ئارىسىدا (العطف نىڭ) ئون ھەرپىنىڭ بىرى بولىدۇ، قام زيد و عمرو دېگەندەك، ئۇ ھەرپلەرنىڭ تەپسىلاتى ھەرپلەر بابىدا كېلىدۇ].

ئىزاھات:

العطف - ئالدىنقى تەركىبكە ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدىغان بەش خىل ئەگەشمىنىڭ ئىككىنچىسىدۇر، ئۇ «ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تەڭداش بۆلەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ

ئەگىشىپ كەلگەن بۆلەكنى معطوف عليـــه، ئارىلىقىدىكى ھەرپ حرف العطف دېيىلىدۇ.

«ئۆزى ئەگىشىپ كەلگەن تەركىب بىلەن ئورتاق نىسبەتتە مەقسەتلەنگەن» دېيىش: ئۆزى ئەگەشكەن تەركىب جۈملىدە قانداق ئورۇنغا ئىگە بولسا العطف مۇ شۇنداق ئورۇندا بولىدۇ دېگەنلىكتۇر، مەسىلەن: رأيت زيدا و خالدا دېگەندەك.

العطف نىڭ ئون ھەرپى تۆۋەندىكىچە: 1) «و»، 2) «ف»، 3) ثم، 4) حتى، 5) أو، 6) اما، 7) أم، 8) لا، 9) بل، 10) لكن.

[ئەگەر العطف رفع ئوقۇلغان ئۇلانما ضميرغا عطــف قىلىنسا ئايرىم ضـــمير بىلەن تەكىتلىنىدۇ. ضـــربت أنـــا و زيـــد دېگەندەك،پەقەت ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى ئايرىۋېتىلسە ضـــمير ئەكىلىش ھاجەتسىزدۇر، ضربت اليـــوم و زيـــد دېگەندەك. ئەگەر العطف جر ئوقۇلغان ضـــميرغا عطـــف قىلىنسا جـــر قىلغۇچىنى تەكرارلاش كېرەك، مررت بك و بزيد دېگەندەك. عطف قىلىنغۇچى ئۆزى ئەگەشكەن بۆلەك (معطوف عليه) بىلەن ئورتاق ھۆكۈمدىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ما زيد بقائم (أو قائما) ولا ذاهب عمرو دا پەقەت رفع لا دۇرۇس بولىدى. الذى يطير فيغضب زيد الـــذباب دېيىش دۇرۇس بولدى، چۈنكى «ف» (عطف ئۈچۈن ئەمەس بەلكى) سەبەبىيەت ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئوخشاشمىغان ئىككى خىل باشقۇرغۇچىلار ئۆزئارا عطـــف قىلىنسا دۇرۇس بولمايدۇ، ئەمما فەررا بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلمايدۇ، پەقەت فى الدار زيد و الحجرة عمرو دەك بولسا دۇرۇس بولىدۇ، بۇ پىكىرگە ئەمام سىبۇەيھ قوشۇلمايدۇ].

ئىزاھات:

فى الدار زيـــد و الحجـــرة عمـــرو دەك بولسا دۇرۇس بولىدۇ دېيىش: جر ئوقۇلغان باشقۇرۇلغۇچى رفـــع ۋە نصـــب ئوقۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باشقۇرۇلغۇچىنىڭ ئالدىدا كەلسە ئوخشاشمىغان ئىككى خىل باشقۇرغۇچىلار ئۆزئارا عطف قىلىنسا دۇرۇس بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

3. التأكيد

[التأكيد ـ ئۆزى ئەگەشكەن بۆلەكنىڭ مەزمۇنىنى ياكى ئومۇميلىقىنى تەكىتلەيدىغان ئەگەشمە بۆلەكتۇر، ئۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، شەكلەن تەكىتلەش، يەنە بىرى، مەنىۋى تەكىتلەشتۇر. شەكلەن تەكىتلەش: ئالدىنقى سۆزنى تەكرارلاشتۇر، جاءني زيد زيد دېگەندەك، ئۇ ھەرقانداق سۆزلەردە بولۇۋېرىدۇ. مەنىۋى تەكىتلەش: چەكلىك سۆزلەر بىلەن بولىدۇ، ئۇلار: نفسه، عينه، كلاهما، كله، أجمع، أكتع، أبتع، أبصع لاردۇر. ئالدىنقى ئىككىسى(نفسه، عينه) شەكىل ۋە ئالماشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ. مانا مۇنداق دەيسەن: نفسه، نفسها، أنفسهما، أنفسهم، أنفسهن. ئىككىنچىسى (كلاهما) ئىككىلىك ئىسىملار ئۈچۈندۇر، مانا مۇنداق: كلاهما، كلتاهما قالغانلىرى ئىككىلىك ئىسىملاردىن باشقىلىرى ئۈچۈن بولۇپ، ئالماشلارنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قارىتا بولىدۇ: كله، كلها، كلهم، كلهن. قالغانلىرىنى شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ مۇنداق دەيسەن: أجمع، جمعاء، أجمعون، جمع... كل ۋە أجمع پەقەت ھېسسىي ياكى ھۆكمەن ئايرىۋېتىشقا بولىدىغان بىر قانچە بۆلەكلىك نەرسىلەرنىلا تەكىتلەيدۇ، أكرمت القوم كلهم، اشتريت العبد كله دېگەندەك، جاءني زيد كله دېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر رفع ئوقۇلغان ئۇلانما ضمير نفس ۋە عين بىلەن تەكىتلەنسە ئۇ ضمير ئايرىم ضمير بىلەن تەكىتلىنىشى كېرەك، ضربت أنت نفسك دېگەندەك، أكتع ۋە ئۇنىڭ ئىككى دوستى (أبتع، أبصع) أجمع گە

ئەگىشىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتۇۋېلىشىغا بولمايدۇ، ئۇ ئىككىسىنى ئۇيغۇر تىلىغا ئېلىش ئاجىز كۆز قاراشتۇر].

ئىزاھات:

التأكيد – بۇ ئەگەشمە بۆلەكنىڭ ئۇچىنچىسىدۇر.

كل ۋە أجمع پەقەت ھېسسىي ياكى ھۆكمەن ئايرىۋېتىشقا بولىدىغان بىر قانچە بۆلەكلىك نەرسىلەرنىلا تەكىتلەيدۇ، يەنى پارچىلاشقا بولىدىغان (ئۇ پارچىلاش مەيلى ئەمەلىي بولسۇن، مەيلى مەنىۋىي بولسۇن) بۆلەكلىك نەرسىلەرنىلا تەكىتلەشكە بولىدۇ، ئەمما پارچىلانماس نەرسىلەرنى «ھەممىسى» دەپ تەكىتلەش راسا بىمەنىلىكتۇر.

4. البدل

[ البدل – ئۆزى ئەگەشكەن بۆلەككە بېرىلگەن نىسبەتتىكى ئاساسى مەقسەت بولغان ئەگەشمە بۆلەكتۇر، ئۇ تۆت خىل بولىدۇ: بدل الكل، بدل البعض، بدل الاشتمال، بدل الغلط. بىرىنچىسى(بدل الكل): كېيىنكى بۆلەك دالالەت قىلغان مەنا ئالدىنقى بۆلەك دالالەت قىلغان مەنانىڭ ئۆزىدۇر. ئىككىنچىسى (بدل البعض): كېيىنكى بۆلەك دالالەت قىلغان مەنا ئالدىنقى بۆلەك دالالەت قىلغان مەنىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۈچىنچىسى (بدل الاشتمال): كېيىنكى بۆلەك بىلەن ئالدىنقى بۆلەك ئارىسىدا كۈللىي ياكى جۇزئىي بولمىغان مەلۇم مۇناسىۋەت مەۋجۇتتۇر. تۆتىنچىسى (بدل الغلط): خاتا قىلغاندىن كېيىن ئۇنى تۈزىتىپ، بەدەل ئۆزىنى مەقسەت قىلىدۇ].

ئىزاھات:

ئۆزى ئەگەشكەن بۆلەككە بېرىلگەن نىسبەتتىكى ئاساسىي مەقسەت بولغان ئەگەشمە بۆلەك دېگەنلىك: البدل ئەگەشكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۆلەك ئاساسىي مەزمۇن ياكى ئاساسىي مەقسەت بولماستىن دەل البدل ئۆزى ئاساسىي مەقسەتتۇر.

بىرىنچىسى (بدل الكل): جاءني زيد أخوك دېسەك أخوك نىڭ ئۆزى زيد نىڭ ئۆزىدۇر. ئىككىنچىسى (بدل البعض): ضربت زيدا رأسه دېسەك، رأس – زيد نىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۈچىنچىسى (بدل الاشتمال): سلب زيد ثوبه دېسەك ثوب بىلەن زيد نىڭ ئارىسىدا كۇللىي ياكى جۇزئىي مۇناسىۋەت يوق، چۈنكى ثوب - زيد نىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىرەر نەرسە ئەمەس، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى كۇللىي ياكى جۇزئىي بولمىغان باشقا بىر خىل مۇناسىۋەتتۇر. تۆتىنچىسى (بدل الغلط): رأيت حمارا زيدا دېسەك ئەسلى ئۇ ئېشەك دېمەكچى ئەمەس بەلكى زيد دېمەكچى، غەلەت قىلىپ (خاتا قىلىپ) حمارا ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇنى تۈزىتىپ زيدا دېگەن، ئۇنىڭ مەقسىتى حمار ئەمەس زيد تۇر.

[بەدەل ئۆزى ئەگەشكەن بۆلەك بىلەن قوشۇلۇپ ئىككىلىسى معرفة مۇ بولىدۇ، نكرة مۇ بولىدۇ، ئارىلاشما ھەم بولىدۇ، ئەگەر معرفة دىن نكرة نى بەدەل ئالساق بەدەل چوقۇم سۈپەتلىنىشى كېرەك، بالناصية ناصية كاذبة دېگەندەك. بەدەل ئۆزى ئەگەشكەن بۆلەك بىلەن قوشۇلۇپ ئىككىلىسى ئاشكارا ياكى ئىككىلىسى ضمير ياكى ئىككىسى ئۆزئارا ئارىلاشما بولىدۇ، بدل الكل شەكلىدە ئاشكارا ئىسىمنى ضمير دىن بەدەل ئېلىنمايدۇ، پەقەت ئۈچىنچى شەخسنىڭ ضميرى بولۇپ قالسا دۇرۇس بولىدۇ، ضربته زيدا دېگەندەك].

ئىزاھات:

بەدەل ئۆزى ئەگەشكەن بۆلەك بىلەن قوشۇلۇپ ئىككىلىسى معرفة بولغاننىڭ مىسالى: جاءني زيد أخوك، ئىككىلىسى نكرة

بولغانلىقى مىسالى: جاءني رجل غلام لزيد، ئىككىسى ئارىلىشىپ كەلگەنلىك مىسالى: بالناصية ناصية كاذبة.

## 5. عطف البيان

[عطف البيان — ئۇ ئۆزى ئەگەشكەن بۆلەكنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدىغان، سۈپەت بولمىغان ئەگەشمىدۇر، أقسم بالله أبو حفص عمر دېگەندەك، عطف البيان نىڭ بەدەلدىن شەكىل جەھەتتىن پەرقى: أنا ابن التارك البكري بشر دېگەندەك].

ئىزاھات:

عطف البيان — بەشىنچى ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان عطف ئەمەس، ئۇ العطف بالحروف ياكى العطف بالنسق دېيىلىدۇ، بۇ عطف البيان دېيىلىدۇ. ئىككىسىنىڭ پەرقى روشەندۇر.

عطف البيان نىڭ بەدەلدىن مەنا جەھەتتىن پەرقى خېلىلا چوڭ بولۇپ، بەدەلدە بەدەل ئەگەشكەن بۆلەككە قارىغاندا بەدەل ئاساسىي مەقسەت بولىدۇ، ئەمما عطف البيان دا عطف البيان ئاساسىي مەقسەت بولماستىن ئۇ پەقەت ئۆزى ئەگەشكەن بۆلەكنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. عطف البيان نىڭ بەدەلدىن شەكىل جەھەتتىن پەرقى أنا ابن التارك البكري بشر دېگەن شېئىردا روشەن ئىپادىلىنىدۇ: ئەگەر بشر — البكري دىن بەدەل بولسا التارك دېگەن عامل چوقۇم تەكرارلىنىشى كېرەك، سەۋەبى بەدەلدە مەقسەت ئالدىنقى بۆلەك ئەمەس، بەلكى كېيىنكى بۆلەكتۇر، ئەگەر التارك تەكرارلانسا التارك بشر دەك تەركىب پەيدا بولىدۇ، بۇ دەل الضارب زيد دېگەن تەركىبكە ئوخشاپ قالىدى، ئىلگىرى بىز بۇ خىل تەركىب دۇرۇس ئەمەس دەپ قەيت قىلغان ئىدۇق...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# الباب الخامس فى المبني

[ المبني - ئۇ مبني الأصل گە ئوخشىغان ياكى باشقا ئىسىملار بىلەن بىرىكمەي يالغۇز كەلگەن ئىسىمدۇر. ئۇنىڭ ئاتالغۇللىرى زەممە، فەتھە، كەسرە، ۋەقف... دۇر، ئۇنىڭ ھۆكمى: عامل لار ئۆزگەرسىمۇ ئۇنىڭ ئاخىرى ئۆزگەرمەسلىكتۇر، مبني ئىسىملار: المضمرات، إسماء الاشارة، الموصولات، المركبات، الكنايات، إسماء الأفعال، إسماء الأصوات، قىسمەن ظرف لەردۇر].

ئىزاھات:

مبني الأصل ھەققىدە كىتابىنىڭ بېشىدىلا قىسقىچە چۈشەنچە بەرگەن ئىدۇق، مبني الأصل مۇنۇلاردىن ئىبارەت: الحروف الهجائية، الفعل الماضي، الامر بغير الىلام. مانا بۇ ئۈچىگە مەلۇم تەرەپتىن ئوخشاپ قالغان ھەر قانداق ئىسىمنى مبني دەيمىز. ئوخشاپ قېلىش تۆت خىل بولىدۇ:

1. سۆز ياسىلىشتىلا ئوخشاپ قېلىش. مەسىلەن: ضربت دېسەك، ئۇنىڭدىكى «ت» ئىسىم، چۈنكى ئۇ پېئىلنىڭ ئىگىسى، ئۇ ياسىلىشتىلا بىر دانە ھەرپكە ئوخشاپ قالدى، شۇڭا ئۇنى مبني دەيمىز.

2. مەنىدا ئوخشاپ قېلىش. مەسىلەن: «متى» دېسەك، ئۇنىڭدا سوراق مەنىسى بار، ئۇ سوراق مەنىسىدىكى «هل» گە ئوخشاپ قالدى، شۇڭا «متى»نى مبني دەيمىز.

3. ئورۇنباسارلىقتا ئوخشاپ قېلىش. مەسىلەن: «دراك زيدا» دېسەك، «دراك» مبني دۇر، چۈنكى ئۇ ئۆزى باشقۇرىدۇ، ئەمما باشقۇرۇلمايدۇ، بۇ تەرىپى ھەرپكە ئوخشاپ قالدى.

4. باشقا سۆزلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇشتا ئوخشاپ قېلىش. مەسىلەن: الذي دەك سۆزلەر داۋاملىق صلة گە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، بۇ تەرىپى ھەرپ باشقا سۆزلەرگە ئېھتىياجلىق بولغىنىغا ئوخشاپ قالدى، شۇڭا ئۇنى مبني دەيمىز.

(ئۇنىڭ ئاتالغۇلىرى): المعرب نىڭ إعرابلىرىنى بايان قىلغاندا «إعراب تۆت تۈرلۈك بولىدۇ» دەپ، تەقسىماتنى «تۈر» دېگەن ئىدى، بۇ يەردە «مبني نىڭ ئاتالغۇلىرى» دەپ، تەقسىماتنى «ئاتالغۇ» دېيىشى شۇنىڭغا ئىشارەتكى: إعراب تۈرلىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى ماھىيەتتە ئوخشاشمايدۇ، ئەمما مبني دىكى مەقسەت پەقەت شەكىلدىنلا ئىبارەت.

مبني ئىسىملار: المضمرات (ئالماش ئىسىملار)، إسماء الاشارة (كۆرسىتىش ئالماشلار)، الموصولات (ئۇلانما ئىسىملار)، المركبات (قوشما ئىسىملار)، الكنايات (كىنايە سۆزلەر)، إسماء الأفعال (پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىملار)، إسماء الأصوات (ئىملىق سۆزلەر)، قىسمەن ظرف (ئورۇن — ۋاقىت رەۋىشلىرى). بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە ئايرىم — ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

### 1. المضمر

[ المضمر (ئالماش) — ئۇ ئىلگىرى لفظا ياكى معنى ۋەياكى حكما زىكرى ئۆتكەن متكلم، مخاطب ۋە غائب ئىسىملارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىسىمدۇر، ئۇ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، بىرى متصل (ئۇلانغۇچى ئالماش)، يەنە بىرى منفصل (ئايرىم ئالماش). منفصل ئۆزى مۇستەقىل تىلغا ئېلىنىدۇ، متصل ئۆزى مۇستەقىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئالماشلار إعراب بېرىلىش جەھەتتىن رفع، نصب، جر دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ، ئالدىنقى ئىككىسى (رفع، نصب) متصل مۇ، منفصل مۇ بولىدۇ، ئۈچىنچىسى (جر) پەقەت متصل لا بولىدۇ. دېمەك بۇلار بەش خىل بولىدۇ].

ئىزاھات:

المضمر (ئالماش) – مبني الأصل گە موھتاج بولۇشتا ئوخشايدۇ، خۇددى ھەرپ باشقا سۆزلەرگە موھتاج بولغاندەك.

ضمير دىن ئىلگىرى ئۈچ شەخسنىڭ بىرەرىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرى لفظا تىلغا ئېلىنىدۇ، ضرب زيد غلامه دېگەندەك، ئىككىنچىسى معنى تىلغا ئېلىنىدۇ، اعدلوا هو أقرب للتقوى دېگەندەك، ئۈچىنچىسى حكما تىلغا ئېلىنىدۇ، قل هو الله أحد دېگەندەك. متكلم (بىرىنچى شەخس)، مخاطب (ئىككىنچى شەخس)، غائب (ئۈچىنچى شەخس):

«دېمەك بۇلار بەش خىل بولىدۇ» دېگەنلىك: ضمير متصل ئۈچ خىل (رفع، نصب، جر)، ضمير منفصل ئىككى خىل (رفع، نصب) جەمئىي بەش خىل بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

[ بىرىنچىسى ضَرَبْتُ ۋە ضُرِبْتُ دىن ضَرَبْنَ ۋە ضُرِبْنَ غىچىلىكتۇر. ئىككىنچىسى أنا دىن هن غىچىلىكتۇر. ئۈچىنچىسى ضربنى دىن ضربهن غىچىلىك، انني دىن انهن غىچىلىكتۇر. تۆتىنچىسى اياي دىن اياهن غىچىلىكتۇر. بەشىنچىسى غلامي ۋە لي دىن غلامهن ۋە لهن غىچىلىكتۇر].

ئىزاھات:

«بىرىنچىسى» يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بەش خىل ضميرنىڭ بىرىنچىسى ضمير مرفوع متصل نى كۆرسىتىدۇ، بۇ ضمير لار متصل بولغاچقا مىسال ئارقىلىق ئىپادىلەش ياخشىراقتۇر، بۇ يەردە

مەلـــۇم ۋە مەجهـــۇل پــېئىللارغا ئـــايرىم ـ ئـــايرىم مىســـال كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بىز پەقەت مەلۇمىنىلا تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتىمىز، مەجهۇلى ئۇنىڭغا قىياس قىلىنىسۇن: ضربت، ضـــربنا، ضربت، ضربتما، ضربتم، ضربت، ضربتن، ضرب، ضـــربا، ضـــربوا، ضربت، ضـــربن، تەرتىپىنىڭ مـــتكلم بىلەن باشلىنىشى ئۇنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنىڭ قالغانلارغا قارىغاندا ناھايىتى يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىدا. بۇلار جەمئىي ئون ئىككى.

«ئىككىنچىسى» ضمير مرفوع منفصل دۇر، بۇلارمۇ جەمئىي ئون ئىككى: أنا، نحن، أنت، أنتما، أنتم، أنت، أنتن، هو، هما، هم، هي، هن.

«ئۈچىنچىسى» ضمير منصوب متصل دۇر، بۇلارمۇ جەمئىي ئون ئىككى: ضربني، ضربنا، ضربك، ضربكما، ضربكم، ضربك، ضربكن، ضربه، ضربهما، ضربهم، ضربها، ضربهن ياكى انني، اننا، انك، انكمـــا، انكم، انك، انكن، انه، انهما، انهم، انها، انهن.

«تۆتىنچىسى» ضمير منصوب منفصل دۇر، بۇلارمۇ جەمئىي ئون ئىككى: اياي، ايانا، اياك، اياكما، اياكم، اياك، اياكن، ايـــاه، اياهمـــا، اياهم، اياها، اياهن.

«بەشىنچىسى» ضمير مجرور متصـــل دۇر، بۇلارمۇ جەمئىي ئون ئىككى: غلامي، غلامنا، غلامـــك، غلامكمـــا، غلامكـــم، غلامـــك، غلامكن، غلامه، غلامهما، غلامهم، غلامها، غلامهن ۋە لي، لنا، لـــك، لكما، لكم، لك، لكن، له، لهما، لهم، لها، لهن.

[ضمير مرفوع متصل ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ غائب ۋە غائبة سىدە، هازىرقى ۋە كېلىدىغان زامان پېئىلى (مضارع) نىڭ متكلم ىدە مۇتلەق، مخاطب، غائب، غائبة لىرىدە ۋە سۈپەتلەردە يوشۇرۇن كېلىدۇ. پەقەت ضمير متصل كەلتۈرۈش قىيىن بولغان جايلاردىلا ضمير منفصل كەلتۈرۈلىدۇ، ضـــمير متصـــل كەلتۈرۈشنىڭ قىيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇشى: ضمير عاملنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋالسا ياكى ضمير بىلەن عامل نىڭ ئارلىقى مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن ئايرىۋېتىلسە ياكى عامل چۈشۈپ قالسا ياكى عامل مەنىۋى عامل بولۇپ قالسا ياكى عامل ھەرپ بولۇپ ضمير مرفوع بولۇپ قالسا ياكى ضميرنىڭ ئىگىسى بولغان ئىسىمدىن باشقا بىر ئىسىمنىڭ سۈپىتى ضميرغا ئىسناد قىلىنسا... اياك ضربت، ما ضربك إلاّ أنا، اياك والشر، أنا زيد، ما أنت قائما، هند زيد ضاربته هي دېگەندەك].

ئىزاھات:

‹سۈپەتلەردە›: بۇ يەردىكى سۈپەتلەر: إسم الفاعل، إسم المفعول، إسم التفضيل، الصفة المشبه... لەرنى كۆرسىتىدۇ.

[ئەگەر ئىككى ضمير بىرگە كەلسە، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى مرفوع بولمىسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى معرفة راق (ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرىراق) بولسا، ئۇ معرفة نى يەنە بىر ضمير دىن ئىلگىرى كەلتۈرسەڭ، ئۇ ھالدا ئىككىنچى ضمير نى متصل ياكى منفصل كەلتۈرۈشۈڭ ئىختىيار (خالىساڭ متصل كەلتۈرسەن، خالىساڭ منفصل كەلتۈرسەن)، أعطيتكه، أعطيتك اياه، ضربيك، ضربي اياك دېگەندەك، ئەگەر ئۇنداق بولماي قالسا ضمير نى منفصل كەلتۈرسەن: أعطيته اياه (أو اياك) دېگەندەك].

ئىزاھات:

‹ئىختىيار› دېگەنلىك: خالىساڭ متصل كەلتۈرسەن، خالىساڭ منفصل كەلتۈرسەن دېگەنلىكتۇر.

‹ئەگەر ئۇنداق بولماي قالسا› دېگەنلىك: بىرى، ئىككى ضمير نىڭ بىرى معرفة راق (ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرىراق) بولمىسا، يەنە بىرى، ئىككىلىسى مرفوع بولۇپ قالسا، يەنە بىرى معرفة نى

يەنە بىر ضمير دىن ئىلگىرى كەلتۈرمەي قالسا بۇ ھالدا ضمير نى منفصل كەلتۈرسەن، دېگەنلىكتۇر.

[‹كان› نىڭ بابىدا خەۋەرنى منفصل كەلتۈرۈش ياخشىدۇر، كۆپ ھاللاردا لولا أنت (ئاخىرىغىچىلىك) دەپ ضمير نى منفصل كەلتۈرۈلىدۇ، عسيت دە ضمير نى متصل كەلتۈرسەن، لولاك ۋە عساك (ئاخىرىغىچىلىك) دەپ ضمير متصل بولۇپمۇ كەلدى].

ئىزاھات:

‹كان نىڭ بابى› دېيىش: ناقص پېئىللارنى كۆزدە تۇتىدۇ.

(ئاخىرىغىچىلىك) دېيىش: أنت، أنتما..... لولا نحن غىچىلىك بولغان ئون ئىككى ضمير نى كۆرسىتىدۇ. عسيت دە عسيت، عسيتما... عسينا غىچە كۆرسىتىدۇ.

[ماضي دا ‹ي› لىق ضمير بىرگە كەلسە الوقاية نىڭ نۇنىنىڭ (تۆۋەندە قىسقارتىپ نون الوقاية دەپ ئاتايمىز) كېلىشى زۆرۈردۇر. إعراب نىڭ نۇنىدىن خالىي بولغان مضارع دىمۇ نون الوقاية نىڭ كېلىشى زۆرۈردۇر. إعراب نىڭ نۇنى بولغان مضارع دا، لدن دا، ان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدا ئىختىيار ئۆزۈڭدە. ليت، من، عن، قد، قط لەردە نون الوقاية نى كەلتۈرۈش ياخشىدۇر، لعل دە نون الوقاية نى كەلتۈرمەسلىك ياخشىدۇر].

ئىزاھات:

الوقاية نىڭ لۇغەت مەناسى ‹ساقلاش، ساقلىنىش› دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، پېئىللارنىڭ ئاخىرىنىڭ جەر ئوقۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كەلگەن نون نى نون الوقاية دەيمىز. ضربني دېگەندە ‹ي› بىلەن ضرب نىڭ ئارىسىدىكى نون نون الوقاية دۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



‹ئىختىيار ئۈزۈلگەندە› يەنى خالىساڭ نون الوقاية نى كەلتۈرىسەن، خالىساڭ كەلتۈرمەيسەن.

[مبتداء بىلەن خەۋەر ئارىسىغا (مەيلى ئۇلارغا عامل داخىل بولغىچە بولسۇن ياكى عامل داخىل بولغاندىن كېيىن بولسۇن) مبتداء غا مۇناسىپ كېلىدىغان ضمير مرفوع منفصل قىسىلىدۇ، بۇ ضمير نى ضمير الفصل دېيىلىدۇ، چۈنكى ئۇ مەزكۇر ضمير الفصل دىن كېيىن كەلگەن ئىسىمنىڭ خەۋەر ياكى سۈپەتلىكىنى ئايرىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ شەرتى: خەۋەر معرفة بولغاي ياكى أفعل من كىذا شەكلىدە بولغاي، كان زيد هو أفضل من عمرو دېگەندەك، ئىمام خەلىلنىڭ قارىشىدا ضمير الفصل نىڭ إعراب دا ئورنى يوق. بەزى ئەرەبلەر ضمير الفصل نى مبتداء ، كېيىنكىلىرى خەۋەر دەپ قارايدۇ].

ئىزاھات:

‹ئۇنىڭ شەرتى› يەنى: ضمير الفصل نىڭ ئارىلىقتا قىسىلىش شەرتى.

‹أفعل من كذا شەكلىدە بولغاي› دېگەنلىك: مِنْ لىق إسم التفضيل بولغاي دېگەنلىكتۇر.

[جۈملىنىڭ ئالدىدا كەلگەن غائب ضمير نى ضمير الشأن ۋە ضمير القصة دېيىلىدۇ، ئۇ ضمير ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن جۈملە ئارقىلىق تەپسىرلىنىدۇ، ئۇ ضمير عامل ئېتىبارى بىلەن منفصل، مەخپىي متصل ۋە ئاشكارا متصل بولىدۇ، هو زيد قائم، كان زيد قائم، انه زيد قائم دېگەندەك، ئۇ ضمير نى منصوب بولغان هالدا قالدۇرۇپ قويۇش ئاجىزدۇر، ئەمما يەڭگىللىتىلگەن أن بىلەن بىرگە كەلسە ئۇ ضمير نى چوقۇم كەلتۈرۈش كېرەك].

## 2. إسماء الاشارة

[إسماء الاشارة – ئىشارەت قىلىنغان نەرسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇلغان ئىسىمدۇر، ذا بولسا مـذكر ئۈچۈنـدۇر، ئۇنىڭ ئىككىلىكى ذان ۋە ذين دۇر، مؤنث ى تا، تِي، تـه، ذه، ڤـي، ذهـي لاردۇر، ئۇنىڭ ئىككىلىكى تان ۋە تين دۇر، ئۇلار (مذكر، مؤنث) نىڭ كۆپلۈكى أولاء دۇر، سوزۇپ ۋە سوزماي (ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ)، ئۇلارغا (إسماء الاشارة لەرگە) ئاگاھلاندۇرۇش ھەرپى (ها) قوشۇلۇپ كېلىدۇ، ئۇلارغا (إسماء الاشارة لەرگە) حرف الخطـاب (ئىككىنچى شەخسنى بىلدۈرىدىغان ھەرپلەر) ئۇلىنىپ كېلىدۇ، ئۇلار بەشتە بەش بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە بەش بولىدۇ، بۇ يىگىرمە بەش: ذاك دىن ذاكـن غىچىلىك، ذانـك دىن ذانكـن غىچىلىك، قالغانلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش].

ئىزاھات:

إسماء الاشارة – مبني الأصل دىكى ھەرپكە ئوخشايدۇ.

«ئۇلار بەشتە بەش بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە بەش بولىدۇ» يەنى حرف الخطاب بەش، إسماء الاشارة بەش، ئۇلار: ذا، ذان، تا، تان، أولاء بۇلارنى كۆپەيتسەك جەمئىي يىگىرمە بەش بولىدۇ.

[ ذا يېقىنغا ئىشارەت، ذالـك يىراققا ئىشارەت، ذاك ئوتتۇراھال ئۈچۈن، تلك، تانك، ذانك (كېيىنكى ئىككىسى شەددە بىلەن) أولالك... لەر ذالك گە ئوخشاشتۇر، ثـەمّا ثمّ، هنـا، هنـا (شـەددەلىك) لار بىلـەن مەخسۇس ھالـدا ماكـان (ئـورۇن)غـا ئىشارەت قىلىنىدۇ].

## 3. الموصول

[ الموصول – پەقەت صلة ۋە عائـد بىلەنلا تامام بولىدىغان ئىسىمدۇر. ئۇنىڭ صلة سى جملة خبرية دۇر، عائد بولسا الموصول غا قايتىدىغان ضمير دۇر، «ال»نىڭ صلة سى إسـم الفاعـل ۋە إسـم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



المفعول دۇر، ئۇ إسم الموصول لار: الذي، التي، اللذان، اللتان (‹ا› ۋە ‹ي› بىلەن)، الأولى، الذين، اللائي، اللاء، اللاي، اللاتـي، اللـواتي، من، ما، أي، أية، طي قەبىلىدىكى ذو، استفهامنىڭ ما سىدىن كېيىن كەلگەن ذا، ‹ال› ... دىن ئىبارەت].

ئىزاھات:

صـلة لۇغەتتە: باغلاش، ئۇلاش دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئادەتتە إسم الموصول دىن كېيىن كەلگەن جۈملىنى كۆرسىتىدۇ. عائد بولسا لۇغەتتە قايتقۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، گرامماتىكىدا مەلۇم جۈملىدىن شۇ جۈملىگە باغلىنىشلىق بولغان ئالدىنقى بۆلەككە يانىدىغان (قايتىدىغان) ضـمير ياكى ئايرىم بەلگىدۇر. مەسىلەن: الذين كفروا دېسەك، الذين – إسم الموصول، كفروا - الذين نىڭ صلة سى، كفروا نىڭ ئاستىدىكى مەخپىي ضمير عائد دۇر.

الذي – المفرد المذكر ئۈچۈندۇر، التي – المفرد المؤنث ئۈچۈندۇر، اللذان - المثنى المذكر ئۈچۈندۇر، اللتان – المثنى المؤنث ئۈچۈندۇر (ھەر ئىككى المثنى نىڭ رفع لىكى ‹ا›بىلەن، نصـب لىكى ‹ي› بىلەن)، الأولى، الذين بۇ ئىككىسى جمع المذكر ئۈچۈندۇر، اللائي، اللاء، اللاي، اللاتى، اللواتى بۇلار جمع المؤنث ئۈچۈندۇر، مـن، مـا، أي، أيـة بۇلار المذكر، المؤنث، المفرد، المثنى، الجمـع لىكتە باراۋەردۇر، پەقەت مـن ئاقىل ئۈچۈن، مـا ئاقىل ئەمەس ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. طـي قەبىلىدىكى ذو – الذي ۋە التي مەنىسىدەدۇر، اسـتفهامنىڭ مـا سىدىن كېيىن كەلگەن ذا يەنى ماذا، ‹ال›... بولار مۇ موصـول ئىسىملاردۇر.

[المفعول بولغان عائد نى قالدۇرۇپ قويۇش دۇرۇستۇر، ئەگەر الذى ئارقىلىق خەۋەر بەرمەكچى بولساڭ، ئۇنى جۈملىنىڭ باش

تەرىپىگە كەلتۈرسەن ۋە خەۋەر قىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ئورنىغا الذى گە قايتىدىغان بىر ضمير كەلتۈرسەن ۋە خەۋەرنى الذى دىن كېيىن كەلتۈرسەن، مەسىلەن: ضربت زيدا دېگەن زيد دىن خەۋەر بەرمەكچى بولساڭ، الذى ضربته زيد دەيسەن].

ئىزاھات:

‹ئەگەر الذى ئارقىلىق خەۋەر بەرمەكچى بولساڭ› يەنى: سەن دېمەكچى بولغان گېپىڭدە الـذى نى ئىشلەتسەڭ ۋە ئۇ جۈملە خەۋەرلىك جۈملە بولسا ئۇ ھالدا الـذى نى جۈملىنىڭ بېشىغا كەلتۈرسەن...

[إسم الفاعل ياكى إسم المفعول نى قۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس جملة فعلية دىكى ‹ال› - الذى مەنىسىدە بولىدۇ، ئەگەر يۇقىرىقى شەرتلەردىن بىرەرسى قىيىن بولۇپ قالسا الـذى ئارقىلىق خەۋەر بېرىش قىيىن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ضمير الشأن، سۈپەتلەنگۈچى (الموصوف)، سۈپەت، ئەمەل قىلىدىغان مصدر، ھالەت، الـذى دىن باشقىسىغا لايىق بولغان ضمير ۋە شۇنداق ضميرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىم... لاردا الـذى ئارقىلىق خەۋەر بېرىش دۇرۇس بولمايدۇ].

ئىزاھات:

‹إسم الفاعل ياكى إسم المفعول نى قۇرۇش ئۈچۈن...› يەنى: جملة فعلية نى إسم الفاعل ياكى إسم المفعول شەكلىدىكى خەۋەرگە ئۆزگەرتمەكچى بولساق، إسم الفاعل ياكى إسم المفعول دىكى ‹ال› - الذى مەنىسىدە بولىدۇ، مەسىلەن: الذى قام زيد نى إسم الفاعل شەكلىدىكى خەۋەرگە ئۆزگەرتمەكچى بولساق القائم زيد دەيمىز.

‹ئەگەر يۇقىرىقى شەرتلەردىن بىرەرسى قىيىن بولۇپ قالسا...› يەنى: الذى ئارقىلىق خەۋەر بەرمەكچى بولساق، ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جۈملىنىڭ باش تەرىپىگە كەلتۈرۈش، خەۋەر قىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ئورنىغا الذى گە قايتىدىغان بىر ضمير كەلتۈرۈش ۋە خەۋەرنى الذى دىن كېيىن كەلتۈرۈش دېگەن شەرتلەر بار ئىدى، ئاپتور بۇ يەردە ئەنە شۇ شەرتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ.

‹شۇنىڭ ئۈچۈن...› الذى بىلەن ضمير الشأن جۈملىنىڭ بېشىنى تالاشقاچقا ضمير الشأن بار جۈملىنى الذى بىلەن خەۋەر قىلغىلى بولمايدۇ. سۈپەتنى قالدۇرۇپ قويۇپ، يالغۇز سۈپەتلەنگۈچىنى ياكى سۈپەتلەنگۈچىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، يالغۇز سۈپەتنى الذى بىلەن خەۋەر قىلغىلى بولمايدۇ، ئەمەل قىلىدىغان مصدرنى معمول دىن ئايرىپ الذى بىلەن خەۋەر قىلغىلى بولمايدۇ، ھالەتنىڭ نكرة بولۇشى زۆرۈر بولغاچقا الذى بىلەن خەۋەر قىلغىلى بولمايدۇ...

[ئىسىم بولغان ‹ما› - موصول، استفهام، شرط، سۈپەتلەنگۈچى، شئ (نەرسە) مەنىسىدىكى تولۇق ‹ما› ۋە سۈپەت بولىدۇ. ‹من› - يۇقىرىقى مەنا جەھەتتىن پەقەت نەرسە مەنىسىدىكى تولۇق ئىسىم ۋە سۈپەت بولۇش جەھەتلەردە ‹ما› غا ئوخشىمايدۇ. أي ۋە أية – من گە ئوخشاش، ئۇ تەنھالا معرب بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ صلة سىنىڭ باش تەرىپى چۈشۈپ قالغاندىلا ئاندىن مبني بولىدۇ، ماذا صنعت؟ دە ئىككى خىل ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ، بىرى ماالذى؟ ئۇنىڭ جاۋابى رفع بولىدۇ، يەنە بىرى أي شيئ؟ ئۇنىڭ جاۋابى نصب بولىدۇ].

ئىزاھات:

‹ئىسىم بولغان ‹ما››: ‹ما› ئىككى قىسىم بولۇپ، بىرى ھەرپ، يەنە بىرى ‹ئىسىم› بولىدۇ، ئىسىم بولغان ‹ما›نىڭ موصول بولغىنىنىڭ مىسالى: أعجبنى ما صنعت، استفهام بولغىنىنىڭ

مىسالى: وما تلك بيمينك يا موسى؟، شرط بولغىنىنىڭ مىسالى: ما تصنع أصنع، سۆيەتلەنگۈچى بولغىنىنىڭ مىسالى: مررت بما معجب لك، شىئ (نەرسە) مەنىسىدىكى تولۇق «ما»بولغىنىنىڭ مىسالى: فنعما هي، سۈپەت بولغىنىنىڭ مىسالى:أضربه ضربا ما.

«ماذا صنعت؟ دە ئىككى خىل ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ» يەنى: بىرى ماالذى؟ بۇ ھالەتتە «ما» دىن كېيىن كەلگەن ذا — الذى مەنىسىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ جاۋابى رفع بولىدۇ، يەنە بىرى أي شيئ؟ ئۇ چاغدا «ما» دىن كېيىن كەلگەن ذا غا ئايرىم مەنا ئېيتماستىن ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ مەنا ئېيتتۇق.

ئۇنىڭ جاۋابى نصب بولىدۇ.

### 4. إسماء الافعال

[ إسماء الأفعال — بۇيرۇق ياكى ئۆتكەن زامان پېئىلى مەنىسىدىكى ئىسىملاردۇر، مەسىلەن: رويد زيدا تەقدىرى: أمهله دېگەندەك. هيهات ذالك نىڭ تەقدىرى بَعُدَ دېگەندەك. بۇيرۇق مەنىسىدە ثلاثي مجرد دىن فعال ۋەزنىسى بىلەن إسماء الأفعال چىقىشى قىياستۇر. انزل مەنىسىدىكى نزال دېگەندەك. فعال — معرفة مصدر بولسا فجار غا ئوخشاش ياكى فساق غا ئوخشاش سۈپەت بولسا بۇيرۇق مەنىسىدىكى فعال غا عدل ۋە ۋەزن جەھەتتىن ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مبني بولىدۇ، زاتى بار نەرسىلەرگە مؤنث علم بولغان فعال — قطام ۋە غلاب غا ئوخشاش — هجازلىقلار تىلىدا — مبني دۇر. تەمىم قەبىلىسىدە معرب دۇر، پەقەت ئۇلارنىڭ (تەمىمنىڭ) قارىشىدا فعال نىڭ ئاخىرقى ھەرپى «ر» بولغان زاتى بار نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى مبني بولىدۇ، حضار غا ئوخشاش].

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىزاھات:

إسماء الأفعال – مبنيات نىڭ تۆتىنچىسى بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسىدىنلا قانداق ئىسىم ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، يەنى پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىملار دېگەن بولىدۇ.

‹بۇيرۇق ياكى ئۆتكەن زامان پېئىلى مەنىسىدىكى ئىسىملاردۇر› دېگەنلىك: إسماء الأفعال بۇيرۇق ياكى ئۆتكەن زامان پېئىلى مەنىسىدە بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

## 5. الاصوات

[إسماء الأصوات – جانلىق ۋە جانسىزلار ئاۋازى ھېكايە قىلىنغان سۆز ياكى ھايۋانلارغا قارىتىپ چىقىرىلغان ئاۋازنى إسماء الأصوات دەيمىز. بىرىنچىسى قاغىنىڭ ئاۋازىنى بىلدۈرىدىغان ‹غاق› سۆزىگە ئوخشاش، ئىككىنچىسى تۆگىنى چۆكتۈرۈش ئۈچۈن چىقىرىلغان ئاۋاز ‹نخ› گە ئوخشاش].

ئىزاھات:

إسماء الأصوات – مبنيات نىڭ بەشىنچىسىدۇر.

## 6. المركبات

[المركبات – ئارىسىدا نىسبەت بولمىغان ھەر قانداق ئىككى كلمة نىڭ بىرىكىشىدۇر. ئەگەر ئىككى كلمة نىڭ ئىككىنچىسى ھەرپ بولۇپ قالسا ھەر ئىككى ئىسىم مبني بولىدۇ، خمسة عشر، حادى عشر ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىغا ئوخشاش. پەقەت اثني عشر ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ. ئەگەر ئىككىنچى كلمة ھەرپ بولمىسا ئۇ (ئىككىنچى كلمة) معرب بولىدۇ، بعلبك گە ئوخشاش، بىرىنچى كلمة ئەڭ توغرا كۆز قاراشتا مبني بولىدۇ].

ئىزاھات:

المركبات – مبنيات نىڭ ئالتىنچىسىدۇر.

«خمسة عشر، حادى عشر ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىغا ئوخشاش» خمسة عشر نىڭ ئەسلىسى خمسة و عشر بولۇپ، «و» چۈشۈپ قالغان، قالغانلىرى مۇشۇلارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ثلاثة عشر دىن تسعة عشر غىچەدۇر.

«پەقەت اثني عشر ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ» چۈنكى ئۇ ئىزافەتلىك بىرىكمىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، بىرىنچى سۆز معرب، ئىككىنچى سۆز مبني دۇر.

«بىرىنچى كلمة مبني بولىدۇ» توغرىراق مەزھەبتە فەتھەگە مبني بولىدۇ.

## 7. الكنايات

[ الكنايات – كم ۋە كذا ساناق – سان ئۈچۈندۇر، كيت ۋە ذيت پاراڭ ۋە ھېكايىلەر ئۈچۈندۇر، استفهام ئۈچۈن كەلگەن كم (كم الاستفهامية) نىڭ تمييزى مفرد منصوب بولىدۇ، خەۋەر ئۈچۈن كەلگەن كم (كم الخبرية) نىڭ تمييزى بەزىدە مفرد مجرور بولىدۇ، بەزىدە جمع مجرور بولىدۇ. مەزكۇر ئىككى خىل كم نىڭ تمييزىگە من داخىل بولىدۇ ۋە ئۇ ئىككى خىل كم جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ، ھەر ئىككى كم نىڭ إعراب ى (ئەھۋالغا قاراپ) رفع، نصب، جر بولىدۇ، ئۇ ئىككى خىل كم دىن كېيىن ئۆز ضمير ى ياكى ئەگەشمە بۆلىكىگە قاراپ قالمىغان پېئىل كەلسە بۇ ئىككى خىل كم عامل نىڭ خاراكتېرىگە قاراپ منصوب بولىدۇ، ئۇ ئىككى خىل كم دىن ئىلگىرى حرف جر كەلسە ياكى كم مۇزاف بولسا ئۇ ئىككى خىل كم جر بولىدۇ، ئەگەر يۇقىرىقىلاردەك بولمىسا بۇ ئىككى خىل كم رفع ئوقۇلىدۇ. (رفع ئوقۇلغان ھالەتتە ئەگەر) كم ظرف بولمىسا مبتداء بولىدۇ ، ظرف بولسا خەۋەر بولىدۇ، إسماء الاستفهام ۋە إسماء الشرط لەر إعراب دا كم گە ئوخشاشتۇر. كم عمة لك يا جرير و خالة دەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەركىبلەردە ئۈچ خىل ئوقۇش دۇرۇستۇر. گاھىدا كم مالــك، كــم ضربت دەك تەركىبلەردە كم نىڭ تمييز ى چۈشۈپ قالىدۇ].

ئىزاھات:

الكنايات — مبنيــات نىڭ يەتتىنچىسىدۇر. كنايــات نىڭ ھەممىسىلا مبني بولمايدۇ، بۇ يەردىكى الكنايات دىن مەقسەت مبني بولغان كنايات لادۇر.

كم الاستفهامية نىڭ تمييزى مفرد منصوب بولىدۇ، مەسىلەن: كم درهما عندك؟ دېگەندەك. مفــرد بولىدۇ دېگىنى تثنيــة، جمـع بولمايدۇ دېگىنىدۇر،كم الخبرية نىڭ تمييزى گاھى مفــرد مجـــرور بولىدۇ، مەسىلەن: كم رجل عندك؟ دېگەندەك. گاھىدا جمع مجــرور بولىدۇ، مەسىلەن: كم رجال عندك؟ دېگەندەك.

كم نىڭ تمييزىگە داخىل بولغان من بايان ئۈچۈن كېلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقىلاردەك بولمىسا بۇ ئىككى خىل كــم رفــع ئوقۇلىدۇ، يەنى بۇ ئىككى خىل كم دىن كېيىن ئۆز ضميرى ياكى ئەگەشمە بۆلىكىگە قاراپ قالىدىغان پېئىل كەلسە ياكى ئۇ ئىككى خىل كم دىن ئىلگىرى حرف جر ياكى مۇزاف كەلمىسە بۇ ھالدا بۇ ئىككى خىل كم رفع ئوقۇلىدۇ.

‹كم عمة لك يــا جريــر و خالــة دەك تەركىبلەر› دېگىنى: جۈملىدە كم نىڭ استفهام بولۇشى، خەۋەر بولۇشى، تمييزنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ياكى ئېلىنماسلىقى قاتارلىق بىــر قانچە تەرەپكە ئېھتىماللىقى بار تەركىبلەردە دېگىنىدۇر، بۇ ھالەتتە ئۈچ خىل ئوقۇش دۇرۇستۇر...

‹كم مالك، كم ضربت دەك تەركىبلەردە› دېگىنى: كــم نىڭ تمييزى چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئوچۇق دەلىل بار يەردە دېگىنىدۇر.

## 8. الظروف

[ الظروف – ئىزافەتتىن ئۈزۈلۈپ قالغان ظـرف – مـبني بولغان ظرف لەر جۈملىسىدىندۇر، قبل، بعد دېگەندەك، لا غـير، ليس غير ۋە حسب لارمۇ مۇشۇ خىل مۇئامىلىدە بولىدۇ].
ئىزاھات:
الظروف – مبنيات نىڭ سەككىزىنچىسىدۇر، ظـرف لەرنىڭ ھەممىسىلا مبني بولمايدۇ، شۇڭا مۇئەللىپ منها دېيىش بىلەن بۇ نۇقتىنى ئىزاھلايدۇ.
«مۇشۇ خىل مۇئامىلىدە بولىدۇ» يەنى ئىزافەتتىن ئۈزۈلۈپ قبل، بعد لارغا ئوخشاش زەممەگە مبني بولىدۇ.
[حيث – مبني بولغان ظـرف لەر جۈملىسىدىندۇر، كۆپ ھاللاردا ئۇ پەقەت جۈملىگىلا ئىزاف قىلىنىدۇ. اذا – مـبني بولغان ظرف لەر جۈملىسىدىندۇر، ئۇ كېلىدىغان زامان ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭدا شەرت مەنىسى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن اذا دىن كېيىن پېئىل كېلىشى ئىختىيار قىلىنىدۇ. ئۇ (اذا) گاھىدا تاسادىپىيلىق ئۈچۈنمۇ كېلىدۇ، بۇ ھالدا اذا دىن كېيىن كەلگەن سۆز مبتـداء بولۇشى زۆرۈردۇر. اذ – مبني بولغان ظرف لەر جۈملىسىدىندۇر، ئۇ ئۆتكەن زامان پېئىلى بىلەن بىرگە كېلىدۇ، ئۇنىڭ (اذ) دىن كېيىن ئىككى جۈملە كېلىدۇ. أين ۋە أنى – مبني بولغان ظـرف لەر جۈملىسىدىندۇر، ئۇ ئىككىسى ماكان ئۈچۈن استفهام ۋە شەرت بولۇپ كېلىدۇ، مـتى – زامان ئۈچۈن استفهام ۋە شەرت بولۇپ كېلىدۇ، أيـان – زامان ئۈچۈن استفهام بولۇپ كېلىدۇ، كيف – ھالەت ئۈچۈن اسـتفهام بولۇپ كېلىدۇ ].
ئىزاھات:
مبني بولغان ظرف لەرنىڭ مىساللىرى: حيث – أحبس حيث حبس زيد، اذا – اذا جاء نصر الله، اذا يقوم زيد، خرجت فاذا السـبع

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



واقف، اذ — جئتك اذ طلعت الشمس، أين — أين تمشي؟، أين تجلس أجلس، أنى — تقم أقم، متى — تصم أصم، أيان — أيان يوم الدين، كيف — كيف أنت؟

[مذ ۋە منذ — دەسلەپكى ۋاقت مەنىسىدە كېلىدۇ، بۇ هالدا ئۇ ئىككىسىدىن كېيىن مفرد معرفة ئىسىم كېلىدۇ، يەنە ۋاقىتنىڭ ھەممىسىنى بىلدۈرۈپمۇ كېلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىككىسىدىن كېيىن مەقسەتلەنگەن ساناق سان كېلىدۇ. گاھىدا ئۇ ئىككىسىدىن كېيىن مصدر ياكى پېئىل ياكى أن ياكى ان كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىقىغا مۇزاف بولغان بىر زامان تەقدىر قىلىنىدۇ، ئۇ ئىككىسى (مذ ۋە منذ) مبتداء بولىدۇ، ئۇلارنىڭ خەۋىرى ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن جۈملە بولىدۇ، بۇ كۆز قاراشقا ئىمام زەججاج قوشۇلمايدۇ. لدى ۋە لدن — مبني بولغان ظرف لەر جۈملىسىدىندۇر، يەنە لَدُن، لَدَنْ، لُدْن، لَدْ، لُدْ، لَدُ دەپمۇ كەلدى. قط — مبني بولغان ظرف لەر جۈملىسىدىندۇر، ئۇ ئۆتكەن زامان مەنىپي پېئىلى ئۈچۈندۇر. عوض — ئۇ كېلىدىغان زامان مەنپىي پېئىلى ئۈچۈندۇر. جۈملىگە ۋە اذ گە مۇزاف بولغان ظرف لەرنى فەتھەگە مبني قىلىش دۇرۇستۇر، شۇنىڭدەك مثل، غير لەرنىمۇ ما، أن، ان بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە فەتھەگە مبني قىلىش دۇرۇستۇر.

ئىزاھات:

مۇئەللىپ ئىسىملارنى معرب ۋە مبني دەپ ئىككىگە ئايرىپ مانا مۇشۇ جايغىچە ئۇلارنى تولۇق بايان قىلدى، تۆۋەندە كېلىدىغىنى ئىسىمنىڭ يەنە بىر خىل تەقسىماتىدۇر، ئۇقۇرمەننىڭ كۆڭۈل قويۇشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ...

# الباب السادس فى انواع الإسم

1. المعرفة
[ المعرفـــــة – ئېنىـق بولغـان نەرسـىلەر ئۈچـۈن ياسـالغان ئىسىملاردۇر، ئۇلار: ضمىرلار، علم لەر، مبـــهم لەر، «ال» بىلەن ئېنىقلانغان ئىسىملار، چاقىرىش بىلەن كونكرېتلاشقان ئىسىملار، يۇقىرىقىلارنىڭ بىرەرسىگە مەنىۋى مۇزاف بولغان ئىسىملاردۇر].
2. العلم
العلـــم – بىرىنچى نۆۋەت ياسالغاندىلا باشقا نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغـان، ئېنىـق بولغـان نەرسـىلەر ئۈچـۈن ياسـالغان ئىسىملاردۇر، ئەڭ مۇكەممەل مىرفە – بىرىنچى شەخسنىڭ گمىرۇ دۇر، ئاندىن مخاطب (ئىككىنچى شەخس)دۇر.
3. النكرة
النكـــــرة – ئېنىـق بولمىغـان نەرسـىلەر ئۈچـۈن ياسـالغان ئىسىملاردۇر].
ئىزاھات:
«مبهم لەر» إسماء الاشارة بىلەن إسماء الموصول نى كۆرسىتىدۇ.
العلم – مۇشۇ بىر معرفة نىڭلا تەبىرى ۋە تەپسىلاتى يۇقىرىدا ئۆتمىگەن ئىدى، قالغانلىرىنىڭ بولسا تولۇق ئۆتكەن، شۇڭا مۇئەللىپ بۇ يەردە ئىلگىرى تەبىرى ئۆتمىگەن مۇشۇ بىرلا معرفـــة ھەققىدە چۈشەنچە بەرمەكچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



## 4. إسماء العدد

[ إسماء العدد – نەرسىلەرنىڭ بىرلىرىنىڭ مىقدارى ئۈچۈن ياسالغان ئىسىملاردۇر، ئۇنىڭ يىلتىزى ئون ئىككى سۆزدۇر. واحد دىن عشرة غىچە، مائة ۋە ألف دۇر. مۇنداق سانايسەن: واحد، اثنان، واحدة، اثنتان، ثنتان، ثلاثة دىن عشرة غىچىلىك، ثلاث دىن عشر غىچىلىك، أحد عشر، اثنا عشر، احدى عشرة، اثنتا عشرة، ثنتا عشرة، ثلاثة عشرة دىن تسعة عشر غىچىلىك، ثلاث عشرة دىن تسع عشرة غىچىلىك، تەمىم قەبىلىسى مۇنث دە «ش» نى كسرة ئوقۇيدۇ، عشرون ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مذكر ۋە مۇنث لىكتە باراۋەردۇر، (مۇنداق سانايسەن): واحد و عشرون، احدى و عشرون، ئاندىن عطف قىلىش ئارقىلىق يۇقىرىقى تەلەپپۇزلار بىلەن تسعة و تسعين غىچىلىك، مائة، ألف مائتان، ألفان دەيسەن، مذكر ۋە مۇنث لىكتە باراۋەر قىلىپ ئاندىن ئىلگىرىكىلەرگە عطف قىلىنىدۇ، ثماني عشرة دە «ي» فەتھە ئوقۇلىدۇ، ساكىن ئوقۇسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ، «ن» نى فەتھە ئوقۇپ، «ي» نى قالدۇرۇپ قويۇش ئاز كۆرۈلىدۇ].

ئىزاھات:

إسماء العدد – المعرفة و النكرة گە مۇناسىۋەتسىز بىر تەقسىماتتۇر.

«واحد دىن عشرة غىچە» يەنى: واحد، واحدة، اثنان، اثنتان، ثنتان، ثلاث، ثلاثة، أربع، أربعة، خمس، خمسة، ست، ستة، ثمان، ثمانة، تسع، تسعة، عشر، عشرة.

عشرون نىڭ ھەمراھلىرى: ثلاثون، أربعون، خمسون، ستون، سبعون، ثمانون، تسعون.

[ثلاثة نىڭ تمييزى عشرة غىچىلىك شەكىل ۋە مەنا جەھەتتىن جمع ، جر بولىدۇ، ئەمما ثلاثمائة دىن تسعمائة غىچىلىك ئۇنداق بولمايدۇ، ئەسلى قىياس مئات ۋە مئين ئىدى. أحد عشر دىن تسعة وتسعين غىچىلىك نصب، مفرد بولىدۇ. مائة، ألف، ئۇلارنىڭ ئىككىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىنىڭ تمييز ى مفرد، جر بولىدۇ، سانالغۇچى مذكر بولسا ساناق سان مؤنث بولىدۇ ياكى ئەكسىچە بولسا ساناق ساننى ئىككى خىل كەلتۈرۈش دۇرۇستۇر].

ئىزاھات:

ثلاثة نىڭ تمييزى عشرة غىچىلىك شەكىل ۋە مەنا جەھەتتىن جمع ۋە جر بولىدۇ، مەسىلەن: ثلاثة رجال دېگەندەك، ئەمما ثلاثمائة دىن تسعمائة غىچىلىك ئۇنداق بولمايدۇ، يەنى ئۇنىڭ تمييزى جمع ، جر بولمايدۇ، بەلكى مفرد، جر بولىدۇ.

سانالغۇچى (تمييز) مذكر بولسا ساناق سان مؤنث بولىدۇ، مەسىلەن: ثلاثة أشخاص دېگەندەك، ئەكسىچە بولغاندا يەنى سانالغۇچى مؤنث بولسا ساناق سان مذكر بولىدۇ، مؤنث بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

[ واحد، ۋە اثنان نىڭ ئۆزىلا تمييز دىن بىھاجەت بولغاچقا ۋە تىلغا ئېلىنغان ئىبارەت ساناق ساننى ئىپادىلەپ بەرگەچكە ئۇلارنىڭ(واحد، ۋە اثنان نىڭ) تمييزى بولمايدۇ، رجل ۋە رجلان دېگەندەك. ساناق ساننى (دەرىجە بويىچە كۆپەيتىپ) ئۆزگەرتىش ئېتىبارى بىلەن مۇنداق دەيسەن: الثانى ۋە الثانية دىن العاشر ۋە العاشرة غىچە، بۇنىڭدىن باشقىچە ساناش دۇرۇس ئەمەس. (ساناق ساننىڭ) ھالەت ئېتىبارى بىلەن مۇنداق دەيسەن: الأول، الثانى، الأولى، الثانية دىن العاشر ۋە العاشرة، الحادى عشر، الحادية عشرة، الثانى عشر، الثانية عشرة غىچىلىك، ئۇنى التاسع عشر، التاسعة عشرة

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غىچىلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى ئېتىبار (ساناق سانىنى دەرىجە بويىچە كۆپەيتىپ ئۆزگەرتىش ئېتىبارى) دا ئىككىنىڭ ئۈچىنچىسى يەنى ئىككىنى ئۈچكە ئايلاندۇرغۇچى دېگەن مەنا چىقىدۇ، ئىككىنچى ئېتىبار (ساناق — سانىنىڭ ھالەت ئېتىبارى) دا ئۈچنىڭ ئۈچىنچىسى يەنى ئۈچنىڭ بىرى دېگەن مەنا چىقىدۇ، ئىككىنچى ئېتىباردا مەخسۇس مۇنداق دەيسەن: حادى عشر أحد عشر (ئون بىرنىڭ ئون بىرىنچىسى)، خالىساڭ بۇنى يەڭگىللىتىپ: حادى أحد عشر دەيسەن، تاسع تسعة عشر غىچىلىك، (بۇ ھالدا) بىرىنچى بۆلەك معرب بولىدۇ].

## 5. 6. المذكر والمؤنث

[ المذكر و المؤنث. المؤنث - شەكلەن ياكى تەقدىرەن تأنيث نىڭ ئالامىتى بار ئىسىمدۇر. المذكر – المؤنث نىڭ ئەكسىدۇر. تأنيث نىڭ ئالامەتلىرى: «ة»، قىسقا ياكى ئۇزۇن ئەلىف (الألف الممدودة أو المقصورة)]. ئۇ (المؤنث) ئىككى قىسىمدۇر: ھەقىقىي ۋە شەكلەن.

ئىزاھات:

شەكلەن تأنيث: امرأة، ناقة دېگەندەك، تەقدىرەن تأنيث: دار، شمس دېگەندەك سماعي سۆزلەردۇر.

تأنيث نىڭ ئالامەتلىرى: «ة»، مەسىلەن: عائشة، كتابة دېگەندەك. قىسقا ياكى ئۇزۇن ئەلىف (الألف الممدودة أو المقصورة) مستشفى، صحراء دېگەندەك.

[ ئۇ (المؤنث) ئىككى قىسىمدۇر: ھەقىقىي ۋە شەكلەن.

ھەقىقىي مؤنث: جانلىقلاردىن ئەركىكى بار سۆزدۇر، امرأة، ناقة دېگەندەك. شەكلەن مؤنث: ھەقىقىي مؤنث نىڭ ئەكسىدۇر، ظلمة، عين غا ئوخشاش. ئەگەر مؤنث گە پېئىل ئىسناد قىلىنسا ئۇ پېئىلدا «ت» كېلىشى زۆرۈردۇر. ھەقىقىي ئەمەس (شەكلەن) مؤنث دە ئۇ

مۇئەننەس ئاشكارا كەلسىلا ئۇنىڭ پېئىلىغا ‹ت› كەلتۈرۈش ئىختىيارىڭدا بولىدۇ. جمع المذكر السالم دىن باشقا بارلىق جمع لەرنىڭ ئاشكارا كەلگەنلىرىنىڭ ھۆكمى ھەقىقىي بولمىغان مۇئەننەس نىڭ ئاشكارا كەلگەندىكى ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. جمع المذكر السالم دىن باشقا عاقل لارنىڭ كۆپلۈكىنىڭ ضميرى فعلت و فعلوا، النساء والأيام فعلت و فعلن دۇر].

ئىزاھات:

شەكلەن مۇئەننەس: ھەقىقىي مۇئەننەس نىڭ ئەكسىدۇر، يەنى ئۇنىڭ قارشىسىدا ئەركىكى يوق ئىسىملار.

مۇئەننەس گە پېئىل ئىسناد قىلىنغانىنىڭ مىسالى: جاءت عائشة.

ئەگەر جمع المذكر السالم دىن باشقا بارلىق جمع لەر ئاشكارا كېلىپ (يەنى ضمير ھالىتىدە كەلمەي)، ئۇنىڭغا پېئىل ئىسناد قىلىنىپ قالسا بۇنىڭ ھۆكمى ھەقىقىي بولمىغان مۇئەننەس نىڭ ئاشكار كەلگەندىكى ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر، يەنى النساء، المؤمنات، الرجال، الجمال دېگەنلەر ئاشكارا ھالدا پېئىل بىلەن ئىسنادلانسا بۇلارغا پېئىل كەلتۈرۈشتە ھەممىسى باپباراۋەردۇر. خالىساق جاء النساء و المؤمنات و الرجال و الجمال دەيمىز، خالىساق جاءت النساء و المؤمنات و الرجال و الجمال دەيمىز.

جمع المذكر السالم دىن باشقا عاقل لار - جمع المذكر السالم شەكلىدە جمع قىلىنمىغان عاقل لارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىنىڭ ضميرى فعلت و فعلوا بولىدۇ، مەسىلەن: النساء والأيام فعلت ياكى النساء والأيام فعلن دېيىلىدۇ، النساء و المؤمنات و الرجال جاءت ياكى النساء و المؤمنات و الرجال جاءوا دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەرەب گرامماتىكىسىدا عاقـل دەپ ئىنسان، پەرىشتە، جىنلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.

7. المثنى

[المثنى (ئىككىلىك ئىسىم) ــ ئاخىرى ‹ا› ياكى ‹ي› بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ‹ن› كەلگەن، مەزكۇر ‹ا› ياكى ‹ي› نىڭ ئالدىنقى ھەرپى فەتھەلىك بولغان ئىسىمدۇر. ئۇ (المثنى) ئۆز جىنسىدىن ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىرىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مقصور ئىسىملار (قىسقا ئەلىفلىك ئىسىملار) نى مثنى قىلىشتا ئەگەر ئۇنىڭ ئەلىفى ‹و› دىن يۆتكەلگەن بولسا ۋە ئۇ مقصور ئۈچ ھەرپلىك ئىسىم بولسا ئۇ ئەلىفنى ‹و› غا يۆتكەيمىز، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇنى ‹ي› غا يۆتكەيمىز].

ئىزاھات:

المثنى ( ئىككىلىك ئىسىم ) ــ ئىسىملارنىڭ يەنە بىر خىل تەقسىماتى بولۇپ، المفـــرد (بىرلىك ئىسىم) ھەققىدە توختالمىساقمۇ كىتابتا ئۇتۇلگەن بارلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر تەبىرىدە كۆپ ھاللاردا المفرد كۆزدە تۇتۇلغان، ئەمما المثنى ۋە الجمع (كۆپلۈك ئىسىم) ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىش زۆرۈردۇر، چۈنكى ئۇلارغا خاس بولغان ئايرىم ئەھكاملار بار بولۇپ، مۇستەقىل بايانغا موھتاجدۇر. المثنى بولسا رفع لىك ھالەتتە ئەلىف ۋە نۇن بىلەن كېلىدۇ. ئەلىفنىڭ ئالدى فەتھە بولىدۇ، رجلان، كتابان دېگەندەك. نصب، جـــر لىك ھالەتتە ‹ي› ۋە نۇن بىلەن كېلىدۇ. ‹ي› نىڭ ئالدى يەنىلا فەتھە بولىدۇ، رجلين، كتابين دېگەندەك.

مقصور نىڭ ئەلىفى ‹و› دىن يۆتكەلگەن بولسا ۋە ئۇ مقصور ئۈچ ھەرپلىك ئىسىم بولسا ئۇ ئەلىفنى ‹و› غا يۆتكەيمىز،

مەسىلەن: عصــا نى عصــوان قىلىمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ھەممىنى «ي» غا يۆتكەيمىز، مەسىلەن: رحا نى رحيان قىلىمىز.

[ممــدود ئىسىملار (ئۇزۇن ئەلىفلىك ئىسىملار) نى مىثنى قىلىشتا ئەگەر ئۇنىڭ ھەمزىسى ئەسلى بولسا ئۇنى ئۆز پېتى قويۇپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەمزە تأنيث ئۈچۈن بولسا مەزكۇر ھەمزىنى «و» غا يۆتكەيمىز، ئۇنداق بولمىسا ئىككى خىل ئوقۇش دۇرۇستۇر. ئىزافەتنىڭ سەۋەبىدىن مثنى نىڭ نۇنى چۈشۈپ قالىدۇ. خصيان ۋە أليان دا تأنيث نىڭ تاسى چۈشۈپ قالىدۇ].

ئىزاھات:

ممــدود نىڭ ھەمزىسى ئەسلى بولسا ئۇ ئۆز پېتى قويۇپ قويۇلىدۇ. قراء نى قراءان دەيمىز.

ممدود نىڭ ھەمزىسى تأنيث ئۈچۈن بولسا مەزكۇر ھەمزىنى «و» غا يۆتكەيمىز، مەسىلەن: حمراء نى حمراوان دەيمىز، صــحراء نى صحراوان دەيمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا (يەنى ھەمزە ئەسلىمۇ ئەمەس، تأنيــث ئۈچۈنمۇ ئەمەس بولسا) ئىككى خىل ئوقۇش دۇرۇستۇر، بىرى ئۆز پېتى قويۇپ قويۇش، يەنە بىرى «و» غا يۆتكەش.

ئىزافەتنىڭ سەۋەبىدىن مــثنى نىڭ نۇنى چۈشۈپ قالىدۇ مەسىلەن: غلاما زيد.

خصيان ۋە أليان دا تأنيث نىڭ تاسى چۈشۈپ قالىدۇ، بۇ پەقەت مۇشۇ ئىككى ئىسىمغىلا خاس بولۇپ، باشقىلارنى بۇنىڭغا قىياس قىلىشقا بولمايدۇ. خصية ج خصيان، الية ج أليان.

8. الجموع

[الجموع (كۆپلۈك ئىسىم) ــ بىرقانچە بىرلەرنى مەقسەت قىلىپ، مەلۇم دەرىجىدە بىرلىكنىڭ ھەرپلىرىنى ئۆزگەرتىش

www.uyghurkitap.com



ئاقىلىق ياسالغان ئىسىمدۇر، تمر ۋە ركب لار ئەڭ توغرا قاراشتا جمع ئەمەستۇر، فلك غا ئوخشاش ئىسىملار جمع دۇر، ئۇ (جمع) ئىككى خىلدۇر، بىرى صحيح (ساغلام)، يەنە بىرى مكسر (بىرلىكنىڭ تەرتىپى بۇزۇلغان) دۇر. صحيح سى ئىككى قىسىمدۇر، بىرى مؤنث، يەنە بىرى مذكر، صحيح بولغان جمع المذكر: ئۆزىگە ئوخشاشتىن بىرقانچىسىنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىش ئۈچۈن ئاخىرى ‹و›، ‹و›نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك ياكى ئاخىرى ‹ي›، ‹ي› نىڭ ئالدى كەسرەلىك، مەزكۇر ‹و› ياكى ‹ي› دىن كېيىن فەتھەلىك نۇن بولغان ئىسىمدۇر].

ئىزاھات:

تمر ۋە ركب لار ئەڭ توغرا قاراشتا جمع ئەمەستۇر، چۈنكى ئۇلار كۆپلۈككە دالالەت قىلسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە بىرگىمۇ دالالەت قىلىدۇ، ئۇنداق ئىسىملار ئىسىم جىنسى دېيىلىدۇ.

فلك غا ئوخشاش ئىسىملار جمع دۇر، چۈنكى ئۇنىڭدا تەقدىرەن بولسىمۇ ئۆزگىرىش بار.

صحيح سى ئىككى قىسىمدۇر، بىرى مذكر (بۇ ئادەتتە جمع المذكر السالم دېيىلىدۇ)، يەنە بىرى مؤنث (بۇ ئادەتتە جمع المؤنث السالم دېيىلىدۇ) . بۇ ئىككى خىل جمع قوشۇلۇپ گاھىدا جمع السالم دېيىلىدۇ.

[(جمع المذكر السالم شەكلىدە جمع قىلىش جەريانىدا، ئەسلى) ئىسىمنىڭ ئاخىرى ‹ي› بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولسا مەزكۇر ‹ي› ئېلىۋېتىلىدۇ. قاضون دېگەندەك. ئەگەر ئۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرى قىسقا ئەلىفلىك (الإسم المقصور) بولسا ئۇنىڭ ئەلىفى ئېلىۋېتىلىدۇ، ئەلىفتىن ئىلگىرىكى ھەرپىنىڭ فەتھەسى ئۆز پېتى قالىدۇ، مصطفون دېگەندەك]

ئىزاھات:

قاضون نىڭ بىرلىكى قاض، ئۇنىڭ ئەسلىسى قاضي ئىدى.

[(جمع المذكر السالم شەكلىدە) جمع قىلىشنىڭ شەرتى: ئەگەر جمع قىلىنماقچى بولغان سۆز ئىسىم بولسا، ئۇ ئىسىم چوقۇم مذكر، علم ۋە عاقل بولغاي، ئەگەر ئۇ سۆز سۈپەت بولسا مذكر، عاقل بولغاي، أحمر م حمراء، – فعلان م فعلى سكران م سكرى دېگەندەك – بولمىغاي. يەنە مذكر ۋە مؤنث لىكتە باراۋەر بولغان ئىسىم بولمىغاي، جريح، صبور دېگەندەك، يەنە تأنيث نىڭ ‹ة› سى بولمىغاي، علامة دېگەندەك. جمع السالم نىڭ نۇنى ئىزافەتنىڭ سەۋەبىدىن ئېلىۋېتىلىدۇ، سنين، أرضين گە ئوخشاشلار ئاز كۆرۈلىدۇ].

ئىزاھات:

جمع السالم شەكلىدە جمع قىلىشنىڭ بىر شەرتى جمع قىلماقچى بولغان ئىسىم مذكر ۋە مؤنث لىكتە باراۋەر بولغان ئىسىم بولمىغاي، چۈنكى ئۇنداق ئىسىملارنى جمع السالم شەكلىدە جمع قىلىنسا يا مذكر شەكلىدە ياكى مؤنث شەكلىدە جمع قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئىككى خىل جمع نىڭ بىرى بىلەن جمع قىلساق ئۇنىڭ باراۋەرلىكى يوقايدۇ، شۇڭا، ئۇنداق ئىسىملارنى بۇ خىل جمع قىلغىلى بولمايدۇ.

‹سنين، أرضين گە ئوخشاشلار ئاز كۆرۈلىدۇ› دېگەن سۆز – سنين، أرضين لەر جمع السالم شەكلىدە جمع قىلىشنىڭ ھېچقانداق شەرتىگە توشمايدىغان تۇرۇپ يەنىلا ‹ي› ۋە ‹ن› بىلەن جمع قىلىنىپتىغۇ؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى.

[جمع المؤنث (الصحيح أو السالم) – ئاخىرىغا ‹ات› قوشۇلغان ئىسىمدۇر، (جمع المؤنث السالم شەكلىدە) جمع قىلىشنىڭ شەرتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەگەر جمع قىلىنماقچى بولغان سۆز سۈپەت بولسا ئۇنىڭ مـذكرى بولغاي ۋە ئۇ مذكرى جمع المذكر السالم شەكلىدە جمـع قىلىنىدىغان بولغاي، ئەگەر ئۇنىڭ مذكرى بولمىسا حائض غا ئوخشاش ‹ة› سىز بولمىغاي، ئەگەر جمع قىلىنماقچى بولغان سۆز سۈپەت بولمىسا (يەنى ئىسىم بولسا) مۇتلەق ھالدا ‹ات› بىلەن جمع قىلىنىدۇ. جمـع التكسير — بىرلىكنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىسىمدۇر. رجال و أفراس دېگەندەك. جمع القلة — أفعل، أفعال، أفعلـة، فعلـة ۋەزنلىرى بىلەن جمـع قىلىنغان ئىسىملاردۇر، ئەڭ توغرا كۆز قاراشتا بۇلاردىن باشقىلىرى جمع الكثرة دۇر].

ئىزاھات:

‹ئەگەر ئۇنىڭ مـذكرى بولمىسا› دېگىنى: بەزى سۈپەتلەر ئاياللارغىلا خاس بولغاچقا، ئەنە شۇنداق سۈپەتلەر بولۇپ قالسا دېگىنىدۇر، مەسىلەن: طـالق (تالاق قىلىنغۇچى) دېگەن سۈپەت ئەرلەردە بولمايدۇ...

خۇلاسىلىغاندا جمع نىڭ تەقسىماتى مۇنداق بولىدۇ: مذكر ، مؤنث. يەنە 1) الصـحيح أو السـالم (ئۆز ئىچىدىن يەنە ئىككى قىسىم بولىدۇ: جمع المذكر السالم، جمع المؤنث السالم)، 2) جمع التكسير (جمع التكسير ئۆز ئىچىدىن يەنە ئىككى قىسىم بولىدۇ: جمع القلـة، جمع الكثرة).

## 9. المصدر

[المصـدر — پېئىلغا جارى بولغان ئىش — ھەرىكەتنىڭ ئىسمىدۇر. ئۇ ثلاثي مجرد دىن سماعي دۇر. ئۇنىڭدىن باشقىلىرىدا قىياسىيدۇر. ئۇ مفعـول مطلـق بولمىسىلا ئۆزىنىڭ پېئىللىرىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، مەيلى ئۇ ئۆتكەن زامان بولسۇن، مەيلى باشقىسى بولسۇن مصدرنىڭ معمولى مصدرنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ

ۋە ئۇ مصدر دە ضمير بولمايدۇ، فاعل نى تىلغا ئېلىشمۇ زۆرۈر ئەمەس، ئۇ (مصدر) نى فاعلغا ئىزاف قىلىشقا بولىدۇ، گاھىدا ئۇ مفعول بىغىمۇ مۇزاف بولىدۇ، ئۇنىڭغا «ال» بىلەن ئەمەل بېرىش ئازدۇر، ئەگەر ئۇ مفعول مطلق بولۇپ قالسا ئەمەل قىلىش پېئىلدا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ پېئىلدىن بەدەل بولسا ئىككى خىل يول دۇرۇستۇر].

ئىزاھات:

المصدر — بۇمۇ ئىسىمنىڭ يەنە بىر تەقسىماتى بولۇپ، ئىلگىرى تىلغا ئالغان شبه الفعل (پېئىلغا ئوخشايدىغان ئىسىملار) دېگەن دەل مۇشۇ المصدر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تەپسىلاتى بايان قىلىنىدىغان إسم الفاعل، إسم المفعول، إسم التفضيل، الصفة المشبهة قاتارلىقلاردۇر.

«ئۆز پېئىللىرىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ» يەنى ئۇ مصدرنىڭ پېئىلى ئۆتۈملۈك بولسا مصدرمۇ ئۆتۈملۈك بولىدۇ، ئەگەر پېئىل ئۆتۈمسىز بولسا ئۇنىڭ مصدرى مۇ ئۆتۈمسىز بولىدۇ. مصدرنىڭ پېئىلى قانچە مفعول غا ئۆتسە مصدر مۇ شۇنچە مفعول غا ئۆتىدۇ.

مصدرنىڭ معمولى مصدرنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ يەنى مصدر باشقۇرىدىغان ئەگەشمە بۆلەكلەر مصدرنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ.

ئىشارە — بەلگىلەر بولغاندا مصدر ئۆز مفعولىغا مۇزاف بولسا بولىدۇ.

ئەگەر مصدر پېئىلدىن بەدەل بولسا ئىككى خىل يول دۇرۇستۇر، بىرى ئەسلى بولغانلىقى ئۈچۈن پېئىلغا ئەمەل بېرىش، يەنە بىرى مصدر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، پېئىلنىڭ ئورۇنباسارى بولغانلىقى ئۈچۈن مصدر گە ئەمەل بېرىش.

### 10. إسم الفاعل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



[إسم الفاعل – پېئىلنى پەيدا قىلغۇچى (نى ئىپادىلەش) ئۈچۈن يېڭىدىن يېڭى ئىش - ھەرىكەت مەنىسىدىكى پېئىلدىن تۈرلەنگەن ئىسىمدۇر. ئۇنىڭ صيغة سى الثلاثي المجرد دىن فاعل ۋەزنىسى بىلەن كېلىدۇ، الثلاثي المجرد دىن باشقا پېئىللاردىن شۇ پېئىلنىڭ مضارعى سىدىن زەممەلىك ‹م› ۋە ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ئالدىنقى ھەرپى كەسرەلىك بولغان ھالدا كېلىدۇ، مدخل ۋە مستغفر دېگەندەك].

ئىزاھات:

إسم الفاعل نىڭ صيغة سى الثلاثي المجرد دىن فاعل ۋەزنىسى بىلەن كېلىدۇ، مەسىلەن: ضربا – ضارب، شربة – شارب.

[إسم الفاعل تۆۋەندىكى شەرتلەر بىلەن ئۆز پېئىلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ: إسم الفاعل ھازىرقى ياكى كېلىدىغان زامان مەنىسىدە بولغاي ياكى ئۆز ساھىبىغا يۆلەنگەي ياكى ھەمزىگە يۆلەنگەي ياكى ‹ما›غا يۆلەنگەي].

ئىزاھات:

إسم الفاعل ئۆز پېئىلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ، يەنى إسم الفاعل نىڭ پېئىلى ئۆتۈملۈك بولسا إسم الفاعل مۇ ئۆتۈملۈك بولىدۇ، ئەگەر پېئىل ئۆتۈمسىز بولسا ئۇنىڭ فاعلى مۇ ئۆتۈمسىز بولىدۇ. إسم الفاعل نىڭ پېئىلى قانچە مفعول غا ئۆتسە إسم الفاعل مۇ شۇنچە مفعول غا ئۆتىدۇ.

إسم الفاعل ھازىرقى ۋە كېلىدىغان زامان مەنىسىدە بولۇشى كېرەك، يەنى حال، مستقبل مەنىلەردە بولۇشى كېرەك، چۈنكى إسم الفاعل مضارع غا ئوخشايدىغان بولۇپ ماضي مەنىسىدە بولسا زاماندا قارىمۇ - قارشىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

‹يۆلەنگەي›: إسم الفاعل ئەمەل قىلىش جەريانىدا مەلۇم نەرسىلەرگە يۆلىنىشى ئۇنىڭ ئەمەل قىلىشىنىڭ پېئىلدەك كۈچلۈك بولماسلىقىدىندۇر.

‹ياكى ھەمزىگە يۆلەنگەي› بۇ يەردىكى ھەمزە استفهام نىڭ ھەمزىسىدۇر، أقائم زيد؟ دېگەندەك.

‹ياكى ‹ما› غا يۆلەنگەي› بۇ يەردىكى ‹ما› - نفي نىڭ ‹ما› سىدۇر، ما قائم زيد؟ دېگەندەك.

[ ئەگەر إسم الفاعل ماضي (ياكى استمرار — داۋاملىشىش) مەنىسىدە بولۇپ قالسا مەنۇۋى ئىزاف قىلىش زۆرۈردۇر. ئىمام كەسائىي بۇ قاراشقا قوشۇلمايدۇ. ئەگەر ئۇ (إسم الفاعل) نىڭ باشقا معمولى بولسا تەقدىر قىلىنغان پېئىل بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، زيد معطي عمرو درهما دېگەندەك. ئەگەر ئۇنىڭغا ‹ال› داخىل بولسا ھەممە باراۋەر بولىدۇ].

ئىزاھات:

إسم الفاعل ماضي ياكى استمرار مەنىسىدە بولۇپ قالسا مەنىۋى ئىزاف قىلىش زۆرۈردۇر. ضارب زيد عمرو أمس دېگەندەك.

‹ئىمام كەسائىي بۇ قاراشقا قوشۇلمايدۇ›، ئۇنىڭ قارىشىچە ھەرقانداق إسم الفاعل ئىزاف بولماي ئەمەل قىلىدۇ.

‹ئەگەر ئۇنىڭغا ‹ال› داخىل بولسا ھەممە باراۋەر بولىدۇ› يەنى ماضي، حال، مستقبل ئەمەلدە باراۋەر بولىدۇ.

[ضراب، ضروب، مضراب، عليم، حذر ... لەرگە ئوخشاش إسم الفاعل دىن مۇبالغە ئۈچۈن ياسالغان ئىسىملار (ھەممە جەھەتتە) إسم الفاعل غا ئوخشاشتۇر، ئۇنىڭ تثنية، جمع لىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. إسم الفاعل ئەمەل قىلغاندا ۋە ‹ال› بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



معرفة بولغاندا يەكەككىلىك ئۇچۇن ئۇنىڭ (تثنية ۋە جمع لىرىدىكى) نۇننى ئېلىۋېتىش دۇرۇستۇر].

ئىزاھات:

إسم الفاعل ئەمەل قىلغاندا ۋە «ال» بىلەن معرفة بولغاندا يەڭگىللىك ئۈچۈن ئۇنىڭ تثنية ۋە جمع لىرىدىكى نۇننى ئېلىۋېتىش دۇرۇستۇر، والمقيمي الصلاة دېگەندەك.

11. إسم المفعول

[إسم المفعول -پېئىل ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشكۈچىنى (ئىپادىلەش ئۈچۈن) پېئىلدىن تۈرلەنگەن ئىسىمدۇر. ئۇنىڭ صيغة سى الثلاثي المجرد دىن مفعول ۋەزنىسى بىلەن كېلىدۇ، الثلاثي المجرد دىن باشقا پېئىللاردىن شۇ پېئىلنىڭ فاعلى نىڭ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ئالدىنقى ھەرپىنى فەتھە قىلىش بىلەن كېلىدۇ، مستخرج دېگەندەك. ئۇنىڭ ئەمەل قىلىش ۋە شەرت قويۇش ئىشلىرى إسم الفاعل نىڭ ئىشلىرىغا ئوخشاشتۇر، زيد معطَى غلامه درهما دېگەندەك].

ئىزاھات:

إسم المفعول نىڭ صيغة سى الثلاثي المجرد دىن مفعول ۋەزنىسى بىلەن كېلىدۇ، ضربا – مضروب، شربة – مشروب دېگەندەك.

12. الصفة المشبهة

[الصفة المشبهة – پېئىلنى پەيدا قىلغۇچى ئۈچۈن ئىزچىللىقنى بىلدۈرىدىغان، ئۆتتۈمسىز پېئىلدىن تۈرلەنگەن ئىسىمدۇر، ئۇنىڭ صيغة سى إسم الفاعل نىڭ صيغة سىگە ئوخشىمايدۇ، ئەرەبلەردىن ئىشىتكەن بويىچە بولىدۇ، حسن، صعب، شديد دېگەندەك، ئۇ مۇتلەق ھالدا ئۆز پېئىلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ، ئۇ (الصفة المشبهة) نىڭ مەسىلىلىرىنىڭ تەقسىماتى

مۇنداق. مەزكۇر سۈپەت يا ‹ال› بىلەن بولىدۇ ياكى ‹ال› سىز بولىدۇ، ئۇ سۈپەتنىڭ معمولى يا مۇزاف بولىدۇ، ياكى ‹ال› بىلەن بولىدۇ ياكى ھەر ئىككىسى بولمايدۇ، مانا بۇ ئالتە (خىل ھالەت)، بۇ (ئالتە خىل ھالەت) نىڭ ھەر بىر معمولى رفع، نصب، جر بولىدۇ، (مەسىلە) ئون سەككىز بولدى. رفع - معمولنىڭ فاعل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، نصب - معمول معرفة بولسا ئۇنىڭ مفعول غا ئوخشايدىغانلىقىنى، نكرة بولسا تمييز غا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، جر - ئىزافەتنى بىلدۈرىدۇ].

ئىزاھات:

الصفة المشبهة (ئوخشاتما سۈپەت) — بۇ إسم الفاعل ۋە إسم المفعول لار بىلەن ئەمەل قىلىش جەھەتتە پەرقلەندۈرۈش بىرئاز قىيىن بىلىنىدىغان، ئۆزى تولىمۇ ئاسان بىر سۈپەتتۇر، بىلىشىمىزچە خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنىڭ ئەرەبچە ئاتالغۇسىمۇ يىرىك تۇيۇلىدىغان ئەھۋاللار بار، شۇڭا دىققەت - ئېتىبارىنى يەنە بىر بۇراش ئۈچۈن بۇ قۇرلارنى تىزدۇق... غەيرەت قىلىش چوققىغا چىقىشنىڭ ئاساسىدۇر.

‹مانا بۇ ئالتە خىل› يەنى سۈپەت ‹ال› بىلەن بولىدۇ ياكى ‹ال› سىز بولىدۇ، ‹ال› بىلەن بولغان سۈپەتنىڭ معمولى ئۈچ خىل بولىدۇ، ‹ال› سىز بولغان سۈپەتنىڭ معمولى ئۈچ خىل بولىدۇ، بۇ جەمئىي ئالتە خىل.

‹نصب – معمول معرفة بولسا ئۇنىڭ مفعول غا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ› دېگەنلىك، الصفة المشبهة نىڭ مفعولى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆتۈمسىز پېئىلدىن چىقىدۇ، ئۇنى تمييز دېمەسلىكىمىز تمييز معرفة بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



[ بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: حسن وجهُه ئۈچ، شۇنىڭدەك حسن الوجهُ، حسن وجهٌ، الحسن وجهُه، الحسنَ الوجهُ، الحسن وجهٌ بۇنىڭ ئىچىدە گە ئوخشاش الحسنَ وجهه، الحسنَ وجه دېگەنئىككىسى مۇمكىن بولمايدۇ (قائىدىگە خىلاپ)، حسن وجهه دا ئىختىلاپ بار، قالغانلىرىنىڭ ئىچىدە بىر ضمير بولغىنى ئەڭ ياخشى، ئىككى ضمير بولغىنى ياخشى؛ ضمير يوق بولغىنى قوپالدۇر، ئەگەر الصفة المشبهة سەۋەبى بىلەن (كېيىكى ئىسمنى) رفع ئوقۇساڭ الصفة المشبهة دە ضمير بولمايدۇ، ئەگەر (كېيىكى ئىسمنى) رفع ئوقۇساڭ الصفة المشبهة دە سۆيەتلەنگۈچىنىڭ ضميرى بولىدۇ، الصفة المشبهة – مؤنث، تثنية، جمع بولىدۇ، ئۆتۈمسىز إسم الفاعل، إسم المفعول لار يۇقىرىقى مەسىلىلەردە الصفة المشبهة گە ئوخشايدۇ ].

13 . إسم التفضيل

[إسم التفضيل – باشقىلاردىن ئارتۇق سۈپەتلەنگۈچى ئۈچۈن پېئىلدىن تۈرلەنگەن ئىسىمدۇر، ئۇنىڭ صيغة سى أفعل دۇر، ئۇنىڭ شەرتى أفعل نى ياساش مۇمكىن بولسۇن ئۈچۈن ثلاثي مجرد دىن ياسالغاي، رەڭ ۋە ئەيىب مەنىسىدە بولمىغاي، چۈنكى بۇ ئىككى خىل مەنىدىكى سۆزلەردىن أفعل ۋەزنىسى بىلەن كېلىپ إسم التفضيل دىن باشقا مەنىگە دالالەت قىلىدىغان سۆزلەر بار، زيد أفضل الناس دېگەندەك. ثلاثي مجرد دىن باشقىلىرىدا إسم التفضيل نى أشد ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، هو أشد منه استخراجا و بياضا و عمى دېگەندەك].

ئىزاھات:

‹ئۇنىڭ شەرتى› يەنى أفعل نى ياساشنىڭ شەرتى.

هو أشد منه استخراجا و بياضا و عمى دېگەن مىسالدا هو أشد منه استخراجا بۇ ثلاثي مجرد دىن باشقىلىرى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسال، هو أشد منه بياضا رەڭگە كەلتۈرۈلگەن مىسال، هو أشد منه عمى ئەيىبكە كەلتۈرۈلگەن مىسال.

[ إسم التفضيل نىڭ قىياسى فاعل ئۈچۈندۇر، گاهىدا مفعول ئۈچۈنمۇ بولىدۇ، أعذر، ألوم، أشغل، أشهر دېگەندەك. ئۈچ خىل ئىستېمال قىلىنىدۇ. مۇزاف بولۇپ، من بىلەن، «ال» بىلەن معرفة بولۇپ، زيد الأفضل من عمرو، زيد أفضل دېيىش دۇرۇس بولمايدۇ، پەقەت (كىمدىن ئارتۇقلۇقى) بىلىنسە (ئۈچ خىل يولنى تاشلىسىمۇ) بولىدۇ].

ئىزاهات:

«إسم التفضيل نىڭ قىياسى فاعل ئۈچۈندۇر» يەنى إسم التفضيل- فاعل مەناسى بىلەندۇر.

«ئۈچ خىل ئىستېمال قىلىنىدۇ» دېگەنلىك، ئۈچ خىلنىڭ بىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ دېگەنلىكتۇر، ئۈچىنى بىراقلا ياكى ئىككىسىنى بىر ۋاقىتتا ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ، ئۈچىلىسىنى بىراقلا ئىشلەتمەسلىككە هەم بولمايدۇ.

پەقەت (كىمدىن ئارتۇقلۇقى) بىلىنسە (ئۈچ خىل يولنى تاشلىسىمۇ) بولىدۇ، الله أكبر دېگەندەك.

[ئەگەر إسم التفضيل ئىزافى قىلىنسا ئۇنىڭ ئىككى مەنىسى بولىدۇ. بىرى — بۇ مەنا كۆپرەك - إسم التفضيل گە موصوف بولغان نەرسە إسم التفضيل گە مضاف اليه بولغۇچىدىن مەنا جەهەتتە ئارتۇق ئىكەنلىكى مەقسەت قىلىنغاي، بۇ چاغدا إسم التفضيل گە موصوف بولغان نەرسە مضاف اليه جۈملىسىدىن بولۇش شەرت قىلىنىدۇ، زيد أفضل الناس دېگەندەك. يۇسۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(ئەلەيھىسسالام)نىڭ قېرىنداشلىرىنى يۇسۇپكە ئىزاق قىلغانلىق سەۋەبىدىن يۇسۇپ (ئەلەيھىسسالام) قېرىنداشلىرى ئىچىدىن چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن يوسف أحسن اخوته دېگىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، مۇتلەق ئارتۇقچىلىق مەقسەت قىلىنغاي، بۇ هالدا إسم التفضيل ئوچۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىزاف قىلىنىدۇ، بۇ چاغدا يوسف أحسن اخوته دېيىش دۇرۇس بولىدۇ، ئاۋۋالقىسىدا إسم التفضيل نى مفرد كەلتۈرسىمۇ ياكى سۈپەتلەنگۈچىسىگە مۇۋاپىق كەلتۈرسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما ئىككىنچىسىدە ۋە ‹ال› بىلەن معرفة بولغاندا چوقۇم سۈپەتلەنگۈچىسىگە مۇۋاپىق كەلتۈرۈش لازىم، من بىلەن بولغان إسم التفضيل مفرد مذكر بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسى بولمايدۇ].

ئىزاھات:

‹ئاۋۋالقىسىدا› يەنى إسم التفضيل گە موصوف بولغان نەرسە إسم التفضيل گە مضاف اليه بولغۇچىدىن مەنا جەھەتتە ئارتۇق ئىكەنلىكى مەقسەت قىلىنغاندا.

إسم التفضيل نى مفرد كەلتۈرۈش دېگەنلىك: مضاف اليه ياكى سۈپەتلەنگۈچى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر إسم التفضيل نى مفرد لا كەلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

‹ئىككىنچىسىدە› يەنى مۇتلەق ئارتۇقچىلىق مەقسەت قىلىنغاندا.

[ إسم التفضيل ئاشكارا ئىسىملاردا ئەمەل قىلمايدۇ، ئەمما إسم التفضيل – شەكلىدە بىر نەرسىگە سۈپەت، مەنىدە بولسا ئۆزىنىڭ سۈپىتىگە سەۋەبچى بولغان نەرسىگە سۈپەت بولسا ھەمدە سۈپىتىگە سەۋەبچى بولغان نەرسە ئاۋۋالقى ئېتىبار بىلەن مفضل بولسا كېيىنكى ئېتىبار بىلەن مفضل عليه بولسا ھەمدە إسم

التفضيل مەنپىيي بولسا بۇ چاغدا ئۇ إسم التفضيل ئەمەل قىلىدۇ، ما رأيت رجلا أحسن فى عينه الكحل منه فى عين زيد دېگەندەك، چۈنكى (بۇ جۈملىدىكى أحسن) حَسُنَ مەنىسى بىلەندۇر، ئەگەر گراممانىكاشۇناسلار (أحسن نى) رفع ئوقۇشسا إسم التفضيل بىلەن ئۇنىڭ معمولى (ئۇنىڭ معمولى – منه) نىڭ ئارىلىقىنى يات نەرسە (الكحل) بىلەن ئايرىۋەتكەن بولىدۇ. (ما رأيت رجلا) أحسن فى عينه الكحل من عين زيد دېيىشكە بولىدۇ، ئەگەر سەن مۇشۇ مەسىلىدە العين نى إسم التفضيل دىن ئىلگىرى تىلغا ئالساڭ مۇنداق دەيسەن: ما رأيت كعين زيد أحسن فيها الكحل. بۇ تۆۋەندىكى پارچىدا كەلگەن ولا أرى غا ئوخشايدۇ].

مررت على وادى السباع ولا أرى، كوادى السباع حين يظلم واديا.

أقل به ركب أتوه تأية، و أخوف إلاَّ ما وقى الله ساريا.

[نەسرىي يەشمىسى: يىرتقۇچلار باياۋانىغا ئۆتتۇم، ئەتراپ قاراڭغۇلاشقاندا ئۇنداق ۋادىدەك قورقۇنچلۇق ۋادىنى كۆرمىگەنمەن، كارۋانلارمۇ ئاز ئۆتەركەن، قورقانلىقىدىن ئاستا مېڭىشىپ ئۆتەركەن، ئاللاھ كارۋانلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلىمىسا بۇنداق قورقۇنچلىق ۋادىنى ھېچ كۆرمىگەنمەن)]

ئىزاھات:

ما رأيت رجلا أحسن فى عينه الكحل منه فى عين زيد دېگەن مىسالنىڭ تەپسىلاتى: (1. إسم التفضيل – شەكىلدە بىر نەرسىگە سۈپەت)، يەنى أحسن دېگەن إسم التفضيل – رجلا دېگەن ئىسمنىڭ سۈپىتى، (2. مەنىدە بولسا ئۆزىنىڭ سۈپىتىگە سەۋەبچى بولغان نەرسىگە سۈپەت) يەنى أحسن دېگەن إسم التفضيل – مەنا جەھەتتىن ئۆزىنىڭ سۈپەت بولۇشىغا سەۋەبچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بولغان الكحـــل دېگەن سۆزگە سۈپەت، (3. سۈپەتتىكە سەۋەبچى بولغان نەرسە ئاۋۋالقى ئېتىبار بىلەن مفضـــل بولسا، كېيىنكى ئېتىبار بىلەن مفضل عليه) يەنى إســـم التفضـــيل نىڭ سۈپەتتىكە سەۋەبچى بولغان نەرسە (الكحل) ئاۋۋالقى ئېتىبار (منه فى عين زيـــد دېگەن بۆلەكنى قوشمىغان ئېتىبار) بىلەن مفضل دۇر، كېيىنكى ئېتىبار (منه فى عين زيد دېگەن بۆلەكنى قوشقان ئېتىبار) بىلەن مفضل عليه دۇر، (4. إسم التفضيل مەنپىي) يەنى ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك بۇ جۈملە مەنپىيدۇر، مانا مۇشۇنداق شەرتكە توشقان بۇ مەسىلىدىكى إسم التفضيل ئەمەل قىلىپ الكحل نى فاعل دەپ رفع قىلدى.

ئەگەر گىرامماتىكاشۇناسلار أحسن نى رفع ئوقۇشسا يەنى أحسن نى ئىلگىرى كەلگەن خەۋەر قىلىپ، الكحل نى كېيىن كەلگەن مبتداء قىلسا أحسن نىڭ معمـــولى — (منـــه) نىڭ ئارىلىقىنى يات نەرسە (الكحل) بىلەن ئايرىۋەتكەن بولىدۇ.

# الباب السابع فى الفعل

[الفعل ــ مۇستەقىل مەنىگە، ئۈچ زاماننىڭ بىرىگە يېقىن بولغان سۆزدۇر، ئۇنىڭ خاس ئالامەتلىرىدىن: قد، سين، سوف ۋە جەزم قىلغۇچى عامل لارنىڭ داخىل بولۇشى، مۇئنث نىڭ ساكىنلىق «ت» سى ۋە فعلت نىڭ «ت» سىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى... دۇر].

ئىزاھات:

باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان ئايرىم ئالامەت ــ بەلگە «خاسلىق» ياكى «خۇسۇسىيەت» دېيىلىدۇ، ئاپتور بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئالامەت ــ خۇسۇسىيەتلەر پەقەت پېئىلدىلا تېپىلىپ، ئىسىم ۋە ھەرپ (قوشۇمچە) لەردە تېپىلمايدۇ دېمەكچى. تەبىردىن كېيىن خاسلىقنى بايان قىلىش تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

مۇئنث نىڭ ساكىنلىق «ت» سى ضربتْ دېگەندەك، فعلتُ نىڭ «ت» سىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى... ضربتُ، ضربتَ، ضربتِ دېگەندەك.

1. الماضى

[الماضي ــ سەن (سۆزلەۋاتقان) زاماندىن ئىلگىرىكى ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان پېئىلدۇر، ئۇ ضمير مرفوع متحرك ۋە «و» قوشۇلمىغان ئەھۋالدا فەتھەگە مبني دۇر].

ئىزاھات:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ضمير مرفوع متحرك – متكلم، مخاطب ۋە مخاطبة لەرنى ئىپادىلەپ كەلگەن ضميرلار بولۇپ، تەپسىلاتى ضمير لار بايانىدا ئۆتتى. ‹و› قوشۇلغان دېگىنى جمع مذكر غائبين دۇر، ضربوا دېگەندەك.

2. المضارع

[المضارع – نأيت نىڭ ھەرپلىرىنىڭ بىرى ئارقىلىق ئىسىمغا ئوخشايدىغان پېئىلدۇر، ئۇنىڭ (مضارع نىڭ) ھازىرقى زامان بىلەن كېلىدىغان زامان ئارىسىدا ئورتاق بولۇشى، سين ياكى سوف ئارقىلىق خاسلىنىشى ئۇنىڭ ئىسىمغا ئوخشىغىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ].

ئىزاھات:

مضارع نىڭ ھازىرقى زامان بىلەن كېلىدىغان زامان ئارىسىدا ئورتاق بولۇشى – إسم الفاعل نىڭ ھازىرقى زامان بىلەن كېلىدىغان زامان ئارىسىدا ئورتاق بولۇشىغا ئوخشايدۇ، مضارع نىڭ سين ياكى سوف ئارقىلىق خاسلىنىشى – نكرة ئىسىملارنىڭ ‹ال› ئارقىلىق خاسلاشقىنىغا ئوخشايدۇ.

[ (نأيت دېگى) ھەمزە - مفرد متكلم ئۈچۈندۇر. نۇن - متكلم مع الغير ئۈچۈندۇر. ‹ت› - مۇتلەق مخاطب ۋە مؤنث نىڭ غائبة ۋە غائبتين سى ئۈچۈندۇر. ‹ي› - مؤنث نىڭ غائبة ۋە غائبتين سىدىن باشقا بارلىق غائب لار ئۈچۈندۇر. حرف المضارعة رباعي پېئىللاردا زەممەلىكتۇر، رباعي دىن باشقا پېئىللاردا فەتھەلىكتۇر، تأكيد ۋە جمع مؤنث نىڭ نۇنلىرى ئۇلىنىپ كەلمىسىلا پېئىللارنىڭ ئىچىدە پەقەت مضارع لا معرب بولىدۇ، ئۇنىڭ إعرابى رفع، نصب، جزم دۇر].

ئىزاھات:

ھەمزە - مفرد متكلم ئۈچۈندۇر، أضرب دېگەندەك، نۇن - متكلم مع الغير ئۈچۈندۇر، نضرب دېگەندەك، «ت» - مۇتلەق مخاطب ۋە مؤنث نىڭ غائبة ۋە غائبتين سى ئۈچۈندۇر، تضرب، تضربان، تضربون، تضربين، تضربن دېگەندەك، «ي» - مؤنث نىڭ غائبة ۋە غائبتين سىدىن باشقا بارلىق غائب لار ئۈچۈندۇر، يضرب، يضربان، يضربون، يضربن دېگەندەك.

[ تثنية، جمع ۋە مؤنث مخاطبة لەرنىڭ ضمير بارز مرفوعى دىن خالىي بولغان صحيح فعل مضارع نىڭ إعرابى – رفع لىك ھالىتى زەممە بىلەن، نصب لىك ھالىتى فەتھە بىلەن، جەزملىك ھالىتى سۈكۈن بىلەن بولىدۇ، يضربُ، لن يضربَ، لم يضربْ دېگەندەك. ئەگەر يۇقىرىقى ضمير لار ئۇلىنىشىپ كەلسە رفع لىك ھالىتى نۇننىڭ مۇقىم تۇرۇشى بىلەن، نصب ۋە جەزملىك ھالىتى نۇننىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى بىلەن بولىدۇ، يضربان، يضربون، تضربين دېگەندەك، «و» ياكى «ي» بىلەن ئىللەتلىك بولغان مضارع نىڭ رفع لىك ھالىتى زەممەنى تەقدىر قىلىش بىلەن، نصب لىك ھالىتى ئاشكارا فەتھە بىلەن، جەزملىك ھالىتى مەزكۇر ئىللەتلىك ھەرپىنى ئېلىپ تاشلاش بىلەن بولىدۇ. نصب قىلغۇچى ۋە جەزم قىلغۇچى عامل لاردىن خالىي بولغان پېئىل مضارع – رفع ئوقۇلىدۇ. ئۇ (مضارع) أن، لن، كي، اذن لەر بىلەن ھەمدە حتى، لام كي، لام جحود، «ف»، «و»، «أو»...... لاردىن كېيىن تەقدىر قىلىنىدىغان أن بىلەن نصب ئوقۇلىدۇ. أن بىلەن نصب ئوقۇلغاننىڭ مىسالى: أريد أن تحسن الي، وأن تصوموا خير لكم...]

ئىزاھات:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



‹يضربان، يضربون، تضربين دېگەندەك› بۇ رفع لىك ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن مىسال، ئەمما نصب ۋە جەزملىك ھالىتىنىڭ مىسالى: لىن يضربا، لن يضربوا، لن يضربي، لم يضربا، لم يضربوا، لم يضربي.

مضارع لن بىلەن نصب ئوقۇلغانلىك مىسالى: لن أضربه، كي بىلەن نصب ئوقۇلغانلىك مىسالى: أسلمت كي أدخل الجنة، اذن بىلەن نصب ئوقۇلغانلىك مىسالى: اذن يغفر الله لك! ، حتى كېيىن تەقدىر قىلىنىدىغان أن بىلەن نصب ئوقۇلغانلىك مىسالى: سرت حتى أدخلها، لام كي كېيىن تەقدىر قىلىنىدىغان أن بىلەن نصب ئوقۇلغانلىك مىسالى: سرت لأدخلها، لام جحود كېيىن تەقدىر قىلىنىدىغان أن بىلەن نصب ئوقۇلغانلىك مىسالى: ما كان الله ليعذبهم، ‹ف› دىن كېيىن نصب ئوقۇلغانلىك مىسالى: زرني فأكرمك، ‹و› دىن كېيىن نصب ئوقۇلغانلىك مىسالى: لا تأكل السمك و تشرب الماء، ‹أو› دىن كېيىن نصب ئوقۇلغانلىك مىسالى: لألزمنك أو تعطيني.

[علم دىن كېيىن كەلگەن أنْ ئېغىر أنَّ دىن يەڭگىللىتىلگەن أنْ بولۇپ، نصب قىلمىدىغان أنْ ئەمەس. علمت أن سيقوم و(علمت) أن لا يقوم دېگەندەك. ظن دىن كېيىن كەلگەن أن ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ. لن – لن أبرح دېگەندەك، ئۇ (لن) نىڭ مەنىسى كېلىدىغان زامانى ئىنكار قىلىشتۇر. اذن – اذن نىڭ كېيىنكى بۆلىكى ئالدىنقى بۆلىكىگە يۆلەنمىسە ۋە پېئىل كېلىدىغان زامان بولسا (اذن ئۆزىدىن كېيىنكى پېئىلنى نصب قىلىدۇ)، اذن تدخل الجنة دېگەندەك. ئەگەر ‹و› ۋە ‹ف› دىن كېيىن كەلسە ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ. كي – أسلمت كي أدخل الجنة دېگەندەك، ئۇنىڭ مەنىسى سەبەبىيەتتۇر. حتى – حتى دىن ئىلگىرىكى بۆلەكنى

ئېتىبارغا ئالغاندا حتى دىن كېيىن كەلگەن بۆلەك كېلىدىغان زامان پېئىلى بولسا ئۇ (حتى) كي ياكى الى مەنىسىدە بولىدۇ: أسلمت حتى أدخل الجنة، كنت سرت حتى أدخل البلد، أسير حتى تغيب الشمس دېگەندەك. ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ياكى ھېكايەتەن ھالەتنى ئىرادە قىلساڭ ئۇ (حتى) ابتداء نىڭ ھەرپى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن سۆزنى رفع ئوقۇيسەن، (حتى ابتداء نىڭ ھەرپى بولسا) سەبەبىيەت مەنىسىدە بولۇشى زۆرۈردۇر، مرض حتى لا ترجونه دېگەندەك، شۇنىڭ ئۈچۈن كان سيري حتى أدخلها دېگەن ناقص پېئىللىق جۈملىدە ۋە أسرت حتى تدخلها دېگەن (مخاطب و استفهام لىق) جۈملىدە رفع ئوقۇش مۇمكىن بولمايدۇ، ئەگەر جۈملە تولۇق (ناقص ئەمەس) جۈملە بولسا رفع ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ، كان سيري حتى أدخلها، أيهم سار حتى يدخلها دېگەندەك].

ئىزاھات:

«علم دىن كېيىن...» دېگەن سۆز ـ شۇ پېئىلنىڭ مەنىسىدىكى پېئىللاردىن تۈرلەنگەن باشقا پېئىللاردىن كېيىن كەلگەن أنْ مۇ ئېغىر أنَّ دىن يەڭگىللىتىلگەن أنْ بولۇپ، نصب قىلىدىغان أنْ ئەمەس دېگەنلىكتۇر. بۇ ۋاقىتتا أنْ بىلەن پېئىلنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىۋېتىمىز، علمت أن سيقوم دېگەندەك.

[ لام كي – أسلمت لأدخل الجنة دېگەندەك. لام الجحود – مەنپىيي كان دىن كېيىن كەلگەن تأكيد نىڭ لام ىدۇر، وما كان الله ليعذبهم دېگەندەك. «ف» ئىككى شەرت بىلەن (نصب قىلىدۇ)، بىرى سەبەبىيەت مەنىسىدە بولغاي، ئىككىنچىسى مەزكۇر «ف» دىن ئىلگىرى أمر ياكى نهي ياكى استفهام ياكى نفي ياكى تمني ياكى عرض كەلگەي. «و» ـ ئىككى شەرت بىلەن (نصب قىلىدۇ)، بىرى بىرگە بولۇش (مع) مەنىسىدە بولۇش، يەنە بىرى «و» نىڭ ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



‹ف› دىن ئىلگىرى كېلىدىغان (ثالثە) نەرسە بولغاي. ‹أو› – الى أن، إلاّ أن مەنىسىدە بولۇش ۋە عطف بولغاندا معطوف عليه ئىسىم بولۇش شەرتى بىلەن (نصب قىلىدۇ). لام كي ۋە واو العاطفة بىلەن أن نى ئاشكارا كەلتۈرۈش دۇرۇستۇر. لام كي دىن كېيىن كەلگەن لا بىلەن كەلگەن أن نى ئاشكارا كەلتۈرۈش زۆرۈردۇر].

ئىزاھات:

‹ف› دىن ئىلگىرى أمر كەلگەننىڭ مىسالى: زرني فأكرمك، ‹ف› دىن ئىلگىرى نهي كەلگەننىڭ مىسالى: لا تشتمني فأضربك، ‹ف› دىن ئىلگىرى استفهام كەلگەننىڭ مىسالى: هل عندكم ماء فأشربه؟، ‹ف› دىن ئىلگىرى نفي كەلگەننىڭ مىسالى: ما تأتينا فتحدثنا، ‹ف› دىن ئىلگىرى تمني كەلگەننىڭ مىسالى: ليت لي مالا فأنفقه، ‹ف› دىن ئىلگىرى عرض كەلگەننىڭ مىسالى: ألا تنزل بنا فتصيب خيرا.

[ مضارع تۆۋەندىكىلەر بىلەن جەزم بولىدۇ. لم، لما، لام الامر، لا النهي ۋە شەرت – جازانىڭ سۆزلىرى، ئۇلار: ان، مهما، اذاما، اذما، حيثما، أين، متى، ما، من، أي، أنى، ئەمما كيفما، اذا (ما سىز)بىلەن جەزم قىلىش ئازدۇر، تەقدىر قىلىنغان أن بىلەن مۇ مضارع جەزم بولىدۇ].

ئىزاھات:

لم – مەسىلەن: لم يضرب زيد، لما– مەسىلەن:لما يدخل زيد، لام الامر– مەسىلەن: ليأكل زيد، لا النهي– مەسىلەن: لا تضربه، شەرت – جازانىڭ سۆزلىرى، ئۇلار: ان– مەسىلەن: ان تكرمني أكرمك، مهما – مەسىلەن: مهما تأتيني آتيك، اذاما – مەسىلەن: اذا ما تأتيني أكرمك، اذما – مەسىلەن: اذما تأتيني أكرمك، حيثما – مەسىلەن: حيثما تجلس أجلس، أين – مەسىلەن: أين تذهب أذهب، متى –

مەسىلەن: متى تخرج أخرج، ما – مەسىلەن: ما تصنع أصنع، مىن – مەسىلەن: من يأتيني أكرمه، أي – مەسىلەن: أيا تضرب أضرب، أنى – مەسىلەن: أنى تذهب أذهب، كيفما – مەسىلەن: كيفما تقرأ أقرأ، اذا – مەسىلەن: اذا تشرب أشرب، تەقدىر قىلىنغان أن – مەسىلەن:

[ لم – مضارع نى ماضي غا ئايلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنى (ماضي نى) ئىنكار قىلىدۇ. لما – لم گە ئوخشاش، ئوخشىمايدىغان يېرى لما دا داۋاملىشىش مەنىسى بار ۋە لما دىن كېيىنكى پېئىلنى تاشلىۋېتىشكە بولىدۇ. لام الامر – ئۇنىڭ بىلەن پېئىل تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۇ مەكسۇر كەسرە ئوقۇلىدۇ. لا النهي – ئۇنىڭ بىلەن پېئىل ئىش – ھەرىكەتنى قىلماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. شەرت – جازانىڭ سۆزلىرى ئىككى پېئىلغا داخىل بولىدۇ، بىرىنچى پېئىل سەۋەب ئۇچۇن، ئىككىنچى پېئىل نەتىجە ئۇچۇن بولىدۇ، بۇ ئىككى پېئىلنى شەرت ۋە جازا دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر (مەزكۇر ئىككى پېئىلنىڭ) ئىككىلىسى مضارع بولسا ياكى ئاۋۋالقىسى مضارع بولسا جەزم ئوقۇلىدۇ، ئەگەر ئىككىنچىسى مضارع بولسا ئىككى خىل ئوقۇش دۇرۇس، ئەگەر جازا (ئىككىنچى پېئىل) قد سىز شەكلەن ياكى مەنىۋى ماضي بولسا ئۇنىڭغا «ف» نى كەلتۈرۈش دۇرۇس بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ (جازا) مۇسبەت مضارع ياكى لا بىلەن مەنپىي بولغان مضارع بولسا ئىككى خىل ئوقۇش دۇرۇس، ئۇنداق بولمىسا «ف» نى كەلتۈرۈش زۆرۈردۇر].

ئىزاھات:

«ئۇنداق بولمىسا» يەنى جازا قد سىز شەكلەن ياكى مەنىۋى ماضي بولمىسا ياكى جازا مۇسبەت مضارع ياكى لا بىلەن مەنپىي بولغان مضارع بولمىسا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[ اذا – ‹ف› نىڭ ئورنىغا ئىسىملىق جۈملە بىلەن بىرگە كېلىدۇ. الامر، النهي، الاستفهام، التمني، العرض لەردىن كېيىن كەلگەن تەقدىر قىلىنىدىغان ان بىلەن سەبەبىيەت مەقسەتلەنسە (مضارع نى جەزم ئوقۇلىدۇ)، أسلم تدخل الجنة، لا تكفر تدخل الجنة دېگەندەك. لا تكفر تدخل النار دېيىش دۇرۇس بولمايدۇ، ئىمام كەسائىي بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تەقدىرى ان لا تكفر دۇر].

ئىزاھات:

‹چۈنكى ئۇنىڭ تەقدىرى ان لا تكفر دۇر› بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ دەلىلىدۇر، ئەمما ئىمام كەسائى يۇقىرىقى جۈملىگە مەنپىي مضارع نى تەقدىر قىلماستىن مۇسبەت مضارع نى تەقدىر قىلمىز، ئۇنىڭ تەقدىرى ان تكفر تدخل النار دۇر، دەپ قارايدۇ.

3. الامر

[الامر – حرف المضارعة نى قالدۇرۇۋېتىش ئارقىلىق مخاطب فاعل دىن پېئىل تەلەپ قىلىنىدىغان صيغة دۇر. ئۇنىڭ ئاخىرىنىڭ ھۆكۈمى جەزم قىلىنغۇچىنىڭ ھۆكۈمىگە ئوخشاشتۇر. ئەگەر حرف المضارعة نى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ساكىن بولۇپ قالسا ۋە ئۇ مضارع – رباعي بولمىسا قارايسەن. ئەگەر ساكىندىن كېيىن زەممەلىك ھەرپ بولسا ساكىننىڭ ئالدىغا زەممەلىك ھەمزە وصل كەلتۈرىسەن، ئۇنىڭدىن باشقا بولسا كەسرەلىك ھەمزە كەلتۈرىسەن؛ أقتل، اضرب، اعلم دېگەندەك. ئەگەر ئۇ مضارع – رباعي بولسا ھەمزە قطع كەلتۈرىسەن].

ئىزاھات:

بۇ پېئىلنىڭ يەنە بىر تارمىقىدۇر.

4. فعل ما لم يسم فاعله

[ فعل ما لم يسم فاعله (مەجھۇل پېئىل) — ئۇ فاعىلى تىلغا ئېلىنمايدىغان پېئىلدۇر، ئەگەر ئۇ ماضي بولسا ئاۋۋالقى ھەرپ زەممە ئوقۇلىدۇ، ئاخىرىنىڭ ئالدىنقى ھەرپى كەسرە بولىدۇ، ئۈچىنچى ھەرپ ھەمزە وصل بىلەن زەممە ئوقۇلىدۇ، ئىككىنچى ھەرپ ‹ت› بىلەن زەممە ئوقۇلىدۇ، بۇ ئارىلىشىپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىپ شۇنداق بولىدۇ. عيني ئىللەتلىك پېئىللاردا ئەڭ پاساھەتلىكى قيل و بيع دۇر، ئىشمام ۋە ‹و› بىلەنمۇ كەلدى، قيل و بيع نىڭ ئوخشىشى أختير و أنقيد نىڭ بابىدۇر، أستجير و أقيم ئۇنداق بولمايدۇ. ئەگەر پېئىل مضارع بولۇپ قالسا ئاۋۋالقى ھەرپى زەممە ئوقۇلىدۇ، ئاخىرىنىڭ ئالدىنقى ھەرپى فەتھە ئوقۇلىدۇ. عيني ئىللەتلىك بولسا ‹ع› ئەلىفقا يۆتكىلىدۇ].

ئىزاھات:

ما لم يسم فاعله نى بۇ يەردە تىلغا ئېلىش ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئىشمام: ‹و› مۇ ئەمەس، ‹ي› مۇ ئەمەس، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىن تەلەپپۇز قىلىشتۇر. («و» بىلەنمۇ كەلدى) دېگىنى: قول، بوع دەپ ئوقۇلدى دېگىنىدۇر.

### 5.، 6. المتعدى و غير المتعدى

[المتعدى و غير المتعدى. المتعدى — ئۆزنى چۈشىنىش ئەگەشمە بۆلەكلىرىگە باغلىق بولۇپ قالغان پېئىلدۇر، ضرب گە ئوخشاش. غير المتعدى — المتعدى نىڭ ئەكسىدۇر. المتعدى — بىر مفعول غا ئۆتىدىغانمۇ بولىدۇ، ضرب گە ئوخشاش، ئىككى مفعول غا ئۆتىدىغانمۇ بولىدۇ، أعطى، علم گە ئوخشاش، ئۈچ مفعول غا ئۆتىدىغانمۇ بولىدۇ، أعلم، أرى، أنبأ، نبأ، أخبر، خبر، حدث... لەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشاش. بۇلارنىڭ بىرىنچى مفعولى – أعطيت نىڭ مفعولى غا ئوخشاشتۇر، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى مفعولى – علمت نىڭ ئىككى مفعول غا ئوخشاشتۇر].

ئىزاھات:

المتعدى: ئۆتۈملۈك پېئىلنى، غير المتعدى: ئۆتۈمسىز پېئىلنى كۆرسىتىدۇ.

7. أفعال القلوب

[أفعال القلوب – ظننت، حسبت، خلت، زعمت، علمت، رأيت، وجدت بۇلار قەلبتىن پەيدا بولغان نەرسىلەرنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئىسىملىق جۈملىگە داخىل بولۇپ، ئىككىلا بۆلەكنى نصب قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ بىر مفعولى تىلغا ئېلىنسا – أعطيت نىڭ بابىنىڭ ئەكسىچە - يەنە بىر مفعولى مۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنە بىرى، ئەگەر ئۇ پېئىللار ئىككى مفعولى نىڭ ئارىسىدا بولۇپ قالسا ياكى ئىككىسىنىڭ ئارقىدا قالسا ئىككى بۆلەكنىڭ مۇستەقىل جۈملە بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ پېئىللارنىڭ ئەمەل قىلىشىنى بىكار قىلىشقا بولىدۇ. يەنە بىرى، ئەگەر مەزكۇر پېئىللار استفهام، نفـي ۋە لام دىن ئىلگىرى كەلسە تعليق قىلىنىدۇ، علمت أزيد عندك أم عمرو دېگەندەك. يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ فاعلى ۋە مفعولى بىر نەرسىگە قارىتىلغان ضمير بولسا بولىدۇ، علمتني منطلقا دېگەندەك. ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ يەنە باشقا مەنىلىرى بولۇپ، ئۇ مەنالار سەۋەبىدىن بىر مفعول غا ئۆتىدۇ، (بۇلارنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:) ظننت – اتهمت مەنىسى بىلەن، علمت – عرفت مەنىسى بىلەن، رأيت – أبصرت مەنىسى بىلەن، وجدت – أصبت مەنىسى بىلەندۇر].

ئىزاھات:

**أفعال القلوب** – دىللارنىڭ پېئىللىرى دېگەن مەنىدە. بۇلار يەنە **أفعال الشك و اليقين** دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر ئۇ پېئىللار ئىككى **مفعولى** نىڭ ئارىسىدا بولۇپ قالسا مەسىلەن: **زيد ظننت قائم** ياكى ئىككىسىنىڭ ئارقىدا قالسا مەسىلەن: **زيد قائم ظننت**.

**تعليق** – شەكىلدە ئەمەل قىلىشنى بىكار قىلىپ، مەنىدە ئەمەل بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

## 8. الأفعال الناقصة

[ **الأفعال الناقصة** – سۈپەت ئۈستىگە فائىل نى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياسالغان پېئىللاردۇر. ئۇلار: **كان، صار، أصبح، أمسى، أضحى، ظل، بات، آض، عاد، غدى، راح، مازال، ماانفك، ما فتئ، ما برح، ما دام، ليس...** يەنە مۇنداق دەپمۇ كەلدى: **ما جائت حاجتك، قعدت كأنها حربة. الأفعال الناقصة** – ئۆزلىرىدىكى مەنالارنىڭ ھۆكۈمىنى خەۋەرگە بېرىش ئۈچۈن ئىسىملىق جۈملىلەرگە داخىل بولىدۇ. ئاۋۋالقى بۆلەكنى رفع قىلىپ، ئىككىنچى بۆلەكنى نصب قىلىدۇ، **كان زيد قائما** دېگەندەك].

ئىزاھات:

**الأفعال الناقصة** – بۇ پېئىللارنىڭ تولۇق ۋە تولۇق بولماسلىق ئېتىبارى بىلەن يەنە بىر خىل تەقسىملىنىشىدۇر.

[ **كان** – ئۇنىڭ خەۋىرىدە ئىزچىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن ناقص بولۇپ، ماضي، دائم، منقطع مەنىلىرىدە كېلىدۇ. صار مەنىسى بىلەنمۇ كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ضمير الشأن بولىدۇ. ئۇ (كان) يەنە ثبت مەنىسى بىلەن تامة بولۇپمۇ كېلىدۇ، ئۇ يەنە ئارتۇق (زائدة) بولۇپمۇ كېلىدۇ].

ئىزاھات:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



كان نىڭ ماضي مەنىسىدە كەلگىنىنىڭ مىسالى: كان زيد قائما، دائم مەنىسىدە كەلگىنىنىڭ مىسالى: كان الله غفورا رحيما، منقطع مەنىسىدە كەلگىنىنىڭ مىسالى: كان زيد غنيا، صار مەنىسىدە كەلگىنىنىڭ مىسالى: وكان (صار) من الكافرين (الآية)، ثبت مەنىسىدا كەلگىنىنىڭ مىسالى: وان كان ذو عسرة فنظرة الى ميسرة (الآية)، زائدة بولۇپ كەلگىنىنىڭ مىسالى: جياد ابني ابي بكر تسامي، على كان المسومة العراب (يەشمىسى: ئوغلۇم ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارغىمىقى ئەرەبلەرنىڭ قاشقىلىق ئارغىماقلىرىدىن ئېشىپ كەتتى).

[صار – يۆتكىلىش مەنىسىدە كېلىدۇ. أصبح، أمسى، أضحى لار جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن ۋاقىتلارغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىدۇ، يەنە صار مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ ۋە يەنە بۇ پېئىللار تولۇق (تامة) پېئىللار بولىدۇ. ظل، بات جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن ۋاقىتلارغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىدۇ، يەنە صار مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مازال، ما برح، ما فتىء، ماانفك بۇلار فاعىل – خەۋەرنى قوبۇل قىلغانىدىن تارتىپ، خەۋەرنىڭ ئۆز فاعىللىرى ئۈچۈن داۋاملىشىش مەنىسىدە كېلىدۇ، بۇ پېئىللار داۋاملىق مەنپىي كېلىدۇ. ما دام – خەۋەر فاعىل نىڭ ئۈستىگە چۈشكەندىن تارتىپ، خەۋەرگە ۋاقىت بەلگىلەش ئۈچۈندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جۈملىگە موھتاج بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ظرف دۇر. ليس – جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى ھازىرقى زاماندا ئىنكار قىلىش ئۈچۈندۇر. بەزىلەر ھەر قانداق ۋاقىتتا دەيدۇ. الأفعال الناقصة نىڭ خەۋەرلىرىنى ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنى ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش ئۈچ قىسىم بولىدۇ. بىر قىسمى دۇرۇس بولىدۇ، بۇ قىسىم كان دىن

راج گىچەدۇر. بىر قىسمى دۇرۇس بولمايدۇ، بۇ قىسىم ئالدىدا (ما) بار پېئىللاردۇر، ئىبنى كەيسان ما دام دىن باشقىلىرىنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىغا قوشۇلمايدۇ. ئاخىرقى قىسمى دۇرۇس بولۇش — بولماسلىق ھەققىدە ئىختىلاپ بار قىسمى بولۇپ، ئۇ ليس دۇر].

9. أفعال المقاربة

[ أفعال المقاربة — ئۈمىد قىلىش، ھاسىل بولۇش ۋە باشلاش جەھەتلەردە خەۋىرىنىڭ ئىسمىسىغا يېقىنلاشقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ياسالغان پېئىللاردۇر. بىرىنچىسى (ئۈمىد قىلىش) عسى دۇر. ئۇ تۈرلەنمەيدۇ، عسى زيد أن يخرج، عسى أن يخرج زيد دېگەندەك. گاھىدا أن چۈشۈپ قالىدۇ. ئىككىنچىسى (ھاسىل بولۇش)، كاد دۇر. كاد زيد يجيئ دېگەندەك، گاھىدا أن داخىل بولىدۇ، ئەگەر كاد گە نفي داخىل بولسا ئەڭ توغرا مەزھەبتە ئۇ ئادەتتىكى پېئىللارغا ئوخشايدۇ، بەزىلەر ئۇ (كاد) گە گە نفي داخىل بولسىمۇ مۇسبەت ئۈچۈن بولىدۇ دېسە، بەزىلەر وما كادوا يفعلون دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ ماضي دا مۇسبەت ئۈچۈن، مضارع دا ئادەتتىكى پېئىللارغا ئوخشايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە ذي الرمة نىڭ بۇ بېيىتىنى دەلىل قىلىدۇ: اذا غير الهجر المحبين لم يكد رسيس الهوى من حب مية يبرح، ئۈچىنچىسى (باشلاش)، طفق، كرب، جعل، أخذ بۇ پېئىللار ئىستېمالدا كاد گە ئوخشايدۇ، أوشك ئىستېمالدا عسى ۋە كاد گە ئوخشايدۇ].

10. فعل التعجب

[ فعل التعجب — ھەيرانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ياسالغان پېئىلدۇر، ئۇنىڭ ئىككى صيغة سى بار: ما أفعله!، أفعل به! بۇ ئىككى صيغة تۈرلەنمەيدۇ، ما أحسن زيدا! أحسن بزيد دېگەندەك، بۇ ئىككى صيغة پەقەت إسم التفضيل قۇرۇلىدىغان پېئىلدىن قۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



چىقىلىدۇ. أفعل ۋەزنىسى بىلەن إسم التفضيل ياسىغىلى بولمايدىغان پېئىللاردا ما أشد استخراجه! اشدد باستخراجه دېگەندەك شەكىل بىلەن ھەيرانلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىلنى ئىلگىرى ـ كېيىن ياكى ياسىل ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئەمما مازىنىي ئارىلىقنى ظرف بىلەن ئايرىۋېتىشكە رۇخسەت قىلدى. (ما) ئەمما سىبۋەيھ قارىشىدا نكرة مبتداء دۇر، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى خەۋەردۇر. ئەمما ئەخفەشنىڭ قارىشىدا (ما) موصول دۇر، خەۋەر ئېلىۋېتىلگەندۇر. (به) ئەمما سىبۋەيھ نىڭ قارىشىدا فاعل دۇر، أفعل دە ضمير يوقتۇر. ئەمما ئەخفەشنىڭ قارىشىدا ئۇ ((به)) مفعول دۇر، (ب) ئۆتۈملۈك ئۈچۈندۇر ياكى زىيادەدۇر، أفعل دە ضمير باردۇر].

ئىزاھات:

(بۇ ئىككى صيغة پەقەت إسم التفضيل قۇرۇلىدىغان پېئىلدىن قۇرۇپ چىقىلىدۇ) يەنى أفعل ۋەزنىسى بىلەن إسم التفضيل ياسىلىدىغان پېئىللاردىن بۇ ئىككى صيغة ياسىلىدۇ.

## 11. أفعال المدح و الذم

[أفعال المدح و الذم ـ ماختاش ياكى سۆكۈشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ياسالغان پېئىلدۇر، ئۇ پېئىللارنىڭ جۈملىسىدىن: نعم و بئس. ئۇ ئىككىسىنىڭ شەرتى: فاعل (ال) لىق بولغاي ياكى (ال) لىق ئىسىمغا مۇزاف بولغاي ياكى نكرة منصوبة (ياكى (ما)) بىلەن تمييز كەلتۈرۈلگەن ضمير بولغاي، فنعما هي دېگەندەك. شۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن نەرسە خاس قىلىنغۇچىدۇر ۋە ئۇ (خاس قىلىنغۇچى) مبتداء دۇر، مبتداءنىڭ ئالدىدىكى بۆلەك ئۇنىڭ خەۋىرىدۇر ياكى مبتداء نىڭ خەۋىرى ئېلىۋېتىلگەندۇر، نعم الرجل زيد دېگەندەك. خاس قىلىنغۇچىنىڭ شەرتى ـ فاعل نىڭ ئۇنىڭ ماس (مۇۋاپىق) كېلىشىدۇر. بئس مثل القوم

الـــذين كفـــروا (الآيـــة) گـە ئوخشاشـلار ئىزاھلانغۇچىـدۇر. خـاس قىلىنغۇچىنىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكى بىلىنىدىغان جايدا ئېلىۋېتىلىدۇ، نعم العبد، فنعم الماهدون (الآيتان) دېگەندەك. ساء - بئس گە ئوخشاشتۇر. ئۇ پېئىللارنىڭ جۇملىسىدىن: حبـــذا . ئۇنىڭ فـاعلى ذا دۇر. بۇ پېئىل ئۆزگـەرمەيدۇ، ذا دىـن كېيىنكىسـى خـاس قىلىنغۇچىـدۇر، ئۇنىڭـدىن كېيىنكىسى خاس قىلىنغۇچىنىڭ ئـەھۋالىغا قارىتا يا تمييز ياكى ھالـەت بولىدۇ].

ئىزاھات:

فاعل «ال» لىق بولغانلىقى مىسالى: نعم الرجل زيد، فاعل «ال» لىق ئىسىمغا مۇزاف بولغانلىقى مىسالى: نعم صاحب الرجل.

«شۇنىڭدىن كېيىن» يەنى أفعال المدح و الـذم نىڭ يۇقىرىقى شەرتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان معمولى دىن كېيىن...

«خاس قىلىنغۇچىدۇر» يەنى أفعال المدح و الذم نىڭ يۇقىرىقى شەرتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان معمـــولى دىـن كېيىن كەلگەن ئىسىم ماختاش ياكى سۆكۈش ئوبيېكتىدۇر.

«بۇ پېئىل ئۆزگـەرمەيدۇ» يەنى تثنية، جمع بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# الباب الثامن فى الحرف

[ الحرف - ئۆزگىدىكى مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ياسالغان سۆزدۇر، شۇڭا ئۇ ئىسىم ۋە پېئىلغا موھتاج بولىدۇ].

1. حروف الجر

[حروف الجر – پېئىل ياكى پېئىل مەنىسىدىكى سۆزلەرنى ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن بۆلەكلەرگە باغلاش ئۈچۈن ياسالغان ھەرپلەردۇر. ئۇلار: من، الى، حتى، فى، ‹ب›، ‹ل›، رب، واورب، واو القسم، باء القسم، تاء القسم، عن، على، ‹ك›، مذ، منذ، خلا، عدا، حاشالاردۇر. من – باشلىنىش نۇقتىسى، ئېنىقلىغۇچى، قىسمەنلىك مەنىلىرىدە كېلىدۇ، ئۇ يەنە موجب ئەمەس جۈملىلەردە ئارتۇقچە (زائدة) بولۇپ كېلىدۇ، كۇفەلىكلەر ۋە ئىمام ئەخفەش بۇنىڭ (من نىڭ ئارتۇقچە بولۇپ كېلىشىگە) قوشۇلمايدۇ، وقد كان من مطر گە ئوخشاشلار ئىزاھلانغۇچىدۇر. الى – ئاخىرلىشىش نۇقتىسى ۋە بىرگە، بىرلىكتە (بۇ مەنا ئاز كېلىدۇ) دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. حتى – مەنا جەھەتتە الى غا ئوخشاش، (بىراق) ئۇنىڭ بىرگە. بىرلىكتە دېگەن مەنىلەردە كېلىشى كۆپتۇر. ئۇ ئاشكارا ئىسىملارغا داخىل بولىدۇ؛ ئىمام مۇبەررەد بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. فى – ظرفية مەنىسىدە بولۇپ على مەنىسىدىمۇ قىسمەن كېلىدۇ. ‹ب› - ئالاقە – مۇناسىۋەت، ياردەم تەلەپ قىلىش، ھەمراھلىق، تەڭ قىممەتنى ئىپادىلەش، ظرفية... مەنىلەردە ھەمدە ئۆتۈمسىز

پېئىللارنى ئۆتۈملۈك قىلىش، ، استفهام، نفي لىك جۈملىلەردە قىياسەن، باشقا جۈملىلەردە سماعي زائدة بولۇپ كېلىدۇ، بحسبك زيد و ألقي بيده دېگەندەك].

ئىزاھات:

ئاپتور بۇ يەردە ئىسىم ۋە پېئىللار ھەققىدە تەپسىلىي توختالغاندىن كېيىن ھەرپ (قوشۇمچە) ھەققىدە توختىلىۋاتىدۇ.

«ئۆزگىدىكى مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن» يەنى ئۆزى مۇستەقىل مەنىگە ئىگە ئەمەس، بىراق باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىكى مەنالارنى ئوچۇقلاشتۇرۇش، كۈچلەندۈرۈش جەھەتلەردە ئالاھىدە رولغا ئىگە سۆز تۈركۈمى ـ قوشۇمچە بولىدۇ. ئۇ ئۆز مەنىسىنى باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قېتىلىپ تۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ.

«ئۇ ئاشكارا ئىسىملارغا داخىل بولىدۇ» يەنى ضمير غا داخىل بولمايدۇ.

[«ل» ـ ئىگە قىلىش (ئىگىلەش)، سەۋەبنى ئىپادىلەش مەنىلىرىدە كېلىدۇ، قول (ئېيتىش، دېيىش، سۆزلەش) سۆز يىلتىزىدىن چىققان سۆزلەر بىلەن بىرگە كەلسە عن مەنىسىدە بولىدۇ. زائدة بولۇپمۇ كېلىدۇ، قەسەمدە «و» مەنىسىدە بولىدۇ، ھەيرانلىق مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. رب ـ ئۇ كەملىكنى (ئازلىقنى) بىلدۈرىدۇ، ئۇ (ئەڭ توغرا قاراشتا) كۆپ ھاللاردا عاملى ئېلىپ تاشلىنىدىغان نكرة موصوفة گە داخىل بولۇپ، جۈملىنىڭ بېشىدىن ئورۇن ئالىدۇ، ئۇنىڭ عاملى ئۆتكەن زامان پېئىلىدۇر، ئۇ (رب) گاھىدا نكرة منصوبة بىلەن تمييز لەنگەن مبهم ضمير غا داخىل بولىدۇ، ئۇ ضمير مفرد مذكر بولىدۇ، كۇفەلىكلەر بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ، ئۇلار ضميرنى تمييزگە مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا (رب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گە) ‹ما› قوشۇلۇپ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۈملىگە داخىل بولىدۇ].

[ واورب — ئۇ نكرة موصوفة گە داخىل بولىدۇ. واو القسم - قەسەمنىڭ پېئىلى تاشلىۋېتىلگەندە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ سوئال ئەمەس جۈملىلەر ئۈچۈن كېلىدۇ، ئۇ ئاشكارا ئىسىملارغىلا خاستۇر. تاء القسم — گە ئوخشاشتۇر، ئۇ پەقەت ئاللانىڭ ئىسمىغىلا خاستۇر. باء القسم — ھەممە جەھەتتە يۇقىرىقى ئىككى قەسەم ھەرپلىرىدىن ئومۇمىراقتۇر، قەسەمنىڭ جاۋابى لام، ان، حرف النفي لەر بىلەن كېلىدۇ. قەسەمنىڭ جاۋابى قەسەمنىڭ ھەرپى بىلەن ئايرىلىپ كەتسە ياكى جاۋابقا دالالەت قىلىدىغان بىرەر بۆلەك قەسەم ھەرپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالسا قەسەمنىڭ جاۋابى تاشلىۋېتىلىدۇ. عن —ئۆتۈپ كېتىش مەنىسىدە. على — ئۈستۈنلۈك مەنىسىدە. گاھىدا بۇ ئىككىسى(عن، على) من داخىل بولۇش بىلەن ئىسىمغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ‹ك› - ئوخشىتىش ئۈچۈن، شۇنداقلا زائىدة بولۇپ كېلىدۇ، گاھىدا ئىسىممۇ بولىدۇ، ئۇ ئاشكارا ئىسىملارغا خاستۇر. مذ، منذ — ئۆتكەن زاماندىكى زاماننىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى كۆرسىتىش ۋە ھازىرقى ۋاقىتتا ظرفية نى كۆرسىتىش ئۈچۈن كېلىدۇ، ما رأيته مذ شهرنا و منذ يومنا دېگەندەك. حاشا، عدا،خلا — ئىستىسنا ئۈچۈندۇر].

ئىزاھات:

‹ئۇ ئاشكارا ئىسىملارغىلا خاستۇر› يەنى واو القسم گە ضمير كەلتۈرۈپ قەسەم قىلغىلى بولمايدۇ.

## 2. الحروف المشبهة بالفعل

[الحروف المشبهة بالفعل — ئۇلار: ان، أن، كأن، لكن، ليت، لعل دۇر، أن دىن باشقىلىرى ھەر ۋاقىت جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ، أن

بولسا ئۇلارنىڭ ئەكسى بويىچە كېلىدۇ، ئۇلارغا ما ئۇلىنىپ كېلىدۇ، ئەڭ توغرا كۆز قاراشتا ئۇلارنىڭ ئەمىلى بىكار قىلىنىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار پېئىلغا داخىل بولىدۇ. ان جۇملىنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، أن جۇملىسى بىلەن قوشۇلۇپ مفرد نىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇملىلەرنىڭ ئورنىدا (اننى)كەسرە ئوقۇش زۆرۈردۇر. مفرد جايلاردا فەتھە ئوقۇش زۆرۈردۇر. جۇملە باشلانغاندا، قول دىن كېيىن، الموصول دىن كېيىن كەسرە ئوقۇش كېرەك. (ئەگەر ان) فاعل، مفعول، مبتداء بولسا ياكى يۇقىرىقىلارغا مۇزاف بولسا فەتھە ئوقۇيسەن. ئۇلار (ئەرەبلەر) لولا انك دېدى، چۈنكى ئۇ مبتداء، ولو أنك دېدى، چۈنكى ئۇ فاعلدۇر. ئەگەر ئىككى خىل تەقدىر قىلىش دۇرۇس بولسا ئىككىلىسى (ان نى فەتھە ياكى كەسرە ئوقۇش) دۇرۇس بولىدۇ، من يكرمنى فاني أكرمه دېگەندەك ۋە بۇ بېيىتقا ئوخشاش: اذا أنه عبد القفا و اللهازم. شۇنىڭ ئۈچۈن شەكلەن ياكى ھۆكمەن كەسرەلىك بولغان ان نىڭ ئىسمىسىغا - رفع بولغان بۆلەكنى عطف قىلىش دۇرۇستۇر. فەتھەلىك أن دە دۇرۇس بولمايدۇ. (ان نىڭ ئىسمىسىغا - رفع بولغان بۆلەكنى عطف قىلىشتا) ان نىڭ خەۋىرى معطوف دىن ئىلگىرى شەكلەن ياكى تەقدىرەن زىكرى قىلىنىشى شەرت قىلىنىدۇ، كۇفەلىكلەر بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ، انك وزيد ذاهبان دەك مىساللاردا ان نىڭ ئىسمىسىنىڭ مبني بولۇشىنىڭ عطف كە تەسىرى يوقتۇر. ئىمام مۇبەررەد ۋە ئىمام كەسائىي بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ].

ئىزاھات:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



‹ئۆلارغا ما ئۇلىنىپ كېلىدۇ› بۇ ما نى ما الكافة دېيىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار پېئىلغا داخىل بولىدۇ، مەسىلەن: لعلك تشرب شايا دېگەندەك.

‹ان جۈملىنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ› بەلكى شۇ جۈملىنىڭ مەنىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، مەزمۇنىنى چىڭىتىدۇ.

‹قول دىن كېيىن› يەنى قال – يقول – قولا دېگەن پېئىلدىن تۈرلەنگەن سۆزلەردىن كېيىن.

[ لكن – ان گە ئوخشاشتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن (فەتھەلىك أن گە ئەمەس) كەسرەلىك ان نىڭ خەۋرىگە ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئىسمىسى ئايرىۋېتىلسە ئىسمىسىغا ياكى خەۋرى بىلەن ئىسمىسى ئارىسىدىكى سۆزگە لام داخىل بولىدۇ، بۇنداق ھالەتتە لام داخىل بولۇش لكن دە ئاجىزدۇر. گاھىدا كەسرەلىك ان يەڭگىللىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ لام بىلەن كېلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەمەل قىلىشىنى بىكار قىلىشقىمۇ بولىدۇ ۋە مبتداء غا داخىل بولغان پېئىللاردىن بىرەر پېئىلغا داخىل بولۇشى ھەم دۇرۇس بولىدۇ. ئۇنىڭ (يەڭگىللىتىلگەن ان نىڭ) ھەرقانداق پېئىلغا داخىل بولۇشىدا كۇفەلىكلەر بىلەن ئىختىلاپ باردۇر. فەتھەلىك أن يەڭگىللىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەقدىر قىلىنغان ضمير الشأن دە ئەمەل قىلىدۇ ـ دە، مۇتلەق جۈملىگە داخىل بولىدۇ، فەتھەلىك يەڭگىللىتىلگەن أن نىڭ ضمير الشأن دىن باشقا جايدا ئەمەل قىلىشى ئاجىز بولدى. يەڭگىللىتىلگەن أن دە پېئىلغا سين، سوف، قد، حرف النفي قاتارلىقلارنىڭ بىرى چوقۇم كېلىشى كېرەك].

ئىزاھات:

‹لكن ـ ان گە ئوخشاشتۇر› يەنى لكــن مۇ ان گە ئوخشاشلا جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ محلى گە عطف قىلىش قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

[ كـــأن ـ ئوخشىتىش مەنىسىدە كېلىدۇ، گاھىدا ئۇ يەڭگىللىتىلىدۇ ـ دە، ئەڭ توغرا قاراشتا ئۇنىڭ ئەمەل قىلىشى بىكار قىلىنىدۇ. لكــن ـ ئەسكەرتىش مەنىسىدە، مەنا جەھەتتە قارىمۇ قارشى ئىككى جۈملە ئارىسىدا كېلىدۇ. گاھىدا ئۇ يەڭگىللىتىلىدۇ ـ دە، ئەمەل قىلىشى بىكار قىلىنىدۇ، ئۇ ‹و› بىلەن بىرگە كەلسە بولىدۇ. ليت ـ ئارزۇ ـ ئىستەكنى بىلدۈرىدۇ. ئىمام فەررا ليت زيدا قائما دېيىشكە رۇخسەت قىلدى. لعل ـ ئۈمىد مەنىسىدە بولۇپ، حرف الجر بولۇشى نادىردۇر].

3. الحروف العاطفة

[الحروف العاطفة ـ ئۇلار: ‹و›، ‹ف›، ثم، حتى، أو، اما، أم، لا، بل، لكن ئالدىنقى تۆتى جمع ئۈچۈندۇر. ‹و› - مۇتلەق جمع ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭدا تەرتىپ يوق. ‹ف› ـ تەرتىپ ئۈچۈندۇر. ثم ـ ‹ف›گە ئوخشاش بولسىمۇ تەرتىپىدە ئۈزۈلۈش باردۇر. حتى ـ ثم گە ئوخشاشتۇر، ئۇنىڭ معطوفى ـ معطوف عليه دىن بىر بۆلەكتۇر، بۇمعطوف دىكى قۇۋۋەت ياكى ئاجىزلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر. أو، امــا، أم ـ مۇبھەم بولغان ئىككى ئىشنىڭ بىرى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىما أم ـ چوقۇم استفهام نىڭ ھەمزىسى بىلەن بىرگە كېلىشى كېرەك؛ ئىككى تەرىپى باراۋەر بولغان ئىككى بۆلەكنىڭ بىرى مۇقەررەر بولۇپ، سوراق شۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە قارىتىلغان بولۇشى كېرەك، ئۇ (ئۇلارنىما أم) مەزكۇر ئىككى بۆلەكنىڭ بىرىگە يېقىن بولىدۇ، يەنە بىر تەرىپىدە بولسا استفهام نىڭ ھەمزىسى بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ جاۋابى ‹ھەئە!›

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياكى ‹ياق!› بولماستىن، ئىككىسىنىڭ بىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رأيت زيدا أم عمرو دېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇزۇك أم – بل ۋە ھەمزىگە ئوخشاشتۇر. انها لابل أم شاء؟ دېگەندەك. اما - ئۇ عطف بولغاندا معطوف عليه دىن ئىلگىرى يەنە بىر اما كېلىشى كېرەك، أو، لا، بل كەلسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. لكن – ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ. لكن – نفي نى لازىم تۇتىدۇ].

ئىزاھات:

بۇ يەردىكى جمع ساناق مەنىسىدىكى جمع بولماستىن، عطف نىڭ ئالدى - كەينىدىكى بۆلەكلەر بىر مەزمۇندا بولۇشىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

4. حروف التنبيه

[ حروف التنبيه – ألا، أما، ها قاتارلىقلاردۇر].

5. حروف النداء

[ حروف النداء – ‹يا› بۇ ئەڭ ئومۇمىراقى، أيا، هيا – يىراق ئۈچۈن، أي، ھەمزە (أ)يېقىن ئۈچۈن].

6. حروف الايجاب

[ حروف الايجاب – نعم، بلى، اي، أجل، جير، ان. نعم – ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. بلى – مەنپىي جۈملىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. اي – استفهام دىن كېيىن مۇسبەت ئۈچۈن كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قەسەم بىرگە كېلىدۇ. أجل، جير، ان... لار خەۋەر بەرگۈچىنى تەستىقلاش ئۈچۈن كېلىدۇ].

7. حروف الزيادة

[ حروف الزيادة – ئۇلار: ان، أن، ما، لا، من، ب، لام لاردۇر. ان – ما النافية بىلەن بىرگە كېلىدۇ، ما المصدرية ۋە لما بىلەن بىرگە كېلىشى ئازدۇر. أن – لما بىلەن بىرگە كېلىشى كۆپ بولۇپ، لـو بىلەن قەسەمنىڭ ئارىلىقىدىمۇ كۆپ كېلىدۇ، كـاف بىلەن كېلىشى ئازدۇر. ما – اذا، متى، أي، أين، شەرت مەنىسىدىكى ان ۋە بەزى حـروف الجـر بىلەن بىرگە كېلىدۇ. مۇزاف بىلەن بىرگە كېلىشى ئازدۇر. لا – نفي دىن كېيىنكى ‹و› ۋە أن المصدرية بىلەن كۆپ كېلىدۇ، أقسـم دىن ئىلگىرى كېلىشى ئاز، مۇزاف بىلەن كېلىشى نادىردۇر. مـن، ب، لام – بۇلارنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى ئۆتتى].

8. حرفا التفسير

[حرفا التفسير – أي، أن. أن – قول مەنىسىدىكى سۆزلەرگە خاستۇر].

9. حروف المصدر

[حروف المصدر – مـا، أن، أنَّ. ئاۋۋالقى ئىككىسى پېئىللىق جۈملىلەر ئۈچۈن، كېيىنكىسى ئىسىملىق جۈملىلەر ئۈچۈندۇر].

10. حروف التحضيض

[حروف التحضيض – هلا، ألا، لولا، لومـا. بۇلار جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشى ۋە ئۇلاردىن كېيىن شەكلەن ياكى تەقدىرەن پېئىل كېلىشى شەرت].

11. حرف التوقع

[حرف التوقع – قد – ئۇ مضارع دا ئاز كېلىدۇ].

12. حرفا الاستفهام

[حرفا الاستفهام – الهمـزة، هـل. بۇلار جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ، أزيد قائم؟ أقام زيد؟ دەيسەن، هل دىمۇ شۇنداق دەيسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھەمزىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئومۇمراق؛ أزيدا ضربت؟، أتضرب زيدا وهو أخوك؟ أزيد عندك أم عمرو؟ أثم اذا ما وقع؟ أفمن كان؟ أومن كان؟ (الآيات)]·

## 13· حروف الشرط

[ حروف الشرط — ان، لو، أما. بۇلار چوقۇم جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشى كېرەك. ان — ئۆتكەن زامان پېئىلىغا داخىل بولۇپ قالسىمۇ كېلىدىغان زامان مەنىسىدە كېلىدۇ. لو — ان نىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بۇ ئىككىسىدىن كېيىن شەكلەن ياكى تەقدىرەن پېئىل كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن لو أنك دەپ فەتھە بىلەن ئوقۇلىدۇ، چۈنكى ئۇ فاعل دۇر. (يەنە مۇنداقمۇ دېيىلىدى) إسم الفاعل ئورنىدىكى مەزكۇر پېئىلدىن عوض بولسۇن ئۈچۈن منطلق نىڭ ئورنىدا انطلقت دەپ پېئىل بىلەن كېلىدۇ. ئەگەر خەۋەر جامىد بولسا دۇرۇس بولىدۇ. قەسەم شەرتنىڭ ئالدىدا جۈملىنىڭ بېشىغا چىقۋالسا ئۇنىڭدىن (قەسەمدىن) كېيىن كەلگەن شەرت شەكلەن ياكى تەقدىرەن ماضي بولۇشى كېرەك، شۇندىلا شەرت جاۋاپقا مۇۋاپىق بولىدۇ، قەسەمنىڭ جاۋابى پەقەت شەكلەن بولىدۇ، والله ان أتيتني أو لم تأتني لأكرمتك دېگەندەك. شەرت ئىلگىرى كېلىش بىلەن ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئەگەر قەسەم جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە قەسەم ئېتىبارغا ئېلىنىسىمۇ، ئېلىنمىسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. أنا والله ان تأتني آتك و ان أتيتني والله لآتينك دېگىنىڭدەك. قەسەمنى تەقدىر قىلىش ئۇنى تەلەپپۇز قىلغانغا ئوخشاشتۇر، لئن أخرجوا لا يخرجون، وان أطعتموهم (الآيتان) دېگەندەك. أما — تەپسىلىي تونۇشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ پېئىلى ھەر ۋاقىت تاشلىۋېتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ (ف) سىنىڭ ئارىلىقىدا ئۇنىڭ تەركىبىدىكى مۇتلەق بىر بۆلەك

كەلتۈرۈلىدۇ. يەنە دېيىلىدىكى أمـــا دىن كېيىن كەلگەن نەرسە تاشلىۋېتىلگەن پېئىلنىڭ معمولى بولىدۇ. مەسىلەن: أما يوم الجمعة فزيد منطلق دېگەندەك. يەنە دېيىلدى: ئەگەر أما بىلەن ‹ف› نىڭ ئارىلىقىدىكى بۆلەكنى ‹ف›نىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش دۇرۇس بولسا ئاۋۋالقى قائىدە بويىچە بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئىككىنچى قائىدە بويىچە بولىدۇ].

14. حرف الردع

[حرف الردع – كلا. ئۇ گاھىدا ھەقىقەتەن دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ].

15. تاء تأنيث الساكنة

[ تاء تأنيث الساكنة – ئۇ مسند اليه نى تأنيث قىلىش ئۈچۈن ماضي غا ئۇلىنىپ كېلىدۇ، ئەگەر مسند اليه ئاشكارا ئىسىم بولۇپ، ھەقىقي مؤنث بولمىسا ‹ة› نى كەلتۈرۈش ياكى كەلتۈرمەسلىك ئىختىيارىي ئىشتۇر. ئەمما تثنية، جمع لارنىڭ ئالامەتلىرىنى قوشۇش كېرەك دېگەن قاراش ئاجىزدۇر].

16. التنوين

[ التنـــوين – ئۇ – پېئىلنى تەكىتلەپ ئەمەس، ئاخىرقى ھەرپكە ئەگىشىپ كېلىدىغان ساكىنلىق نۇندۇر. تمكـــن، تــنكير، عوض، مقابلة ۋە ترنم ئۈچۈن كېلىدۇ. ئەگەر علم يەنە بىر علـــم گە سۈپەت بولۇپ قوشۇلغاندا تەنۋىن چۈشۈپ قالىدۇ].

17. نون التوكيد

[ نون التوكيـــد – ئۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى يەڭگىل ساكىنلىق نۇن، يەنە بىرى ئەلىفى يوق فەتھەلىك ئېغىر نۇندۇر. ئۇ كېلىدىغان زامان پېئىلىغا خاس بولۇپ، أمر، نهي، استفهام، تمـــني، عرض، قسم... لەردە ئىشلىتىلىدۇ. نفي دا ئاز كېلىدۇ. قەسەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇسبەت جاۋابىدا چوقۇم كېلىدۇ. اما تفعلن گە ئوخشاش شەكىلدە كۆپ كېلىدۇ. جمع مذكرنىڭ نون التوكيد دىن ئىلگىرىكى ضـــمىرى زەممەلىكتۇر. مخاطبـــة نىڭ ضـــمىرى كەسرەلىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقىلىرى فەتھەلىكتۇر. تثنية و جمع المؤنث دە اضــربان، فضــربنان دەيسەن. ئۇ ئىككىسىگە (تثنية و جمع المؤنث گە) يەڭگىل تەكىتنىڭ نۇنى داخىل بولمايدۇ، ئىمام يۇنۇس بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. بۇ ئىككى نۇن - تثنية و جمع المؤنث دىن باشقىلىرىدا ضمير بارز بىلەن ئايرىم سۆزدەك كېلىدۇ. ئەگەر ضمير بارز بىلەن بولمىسا بىر سۆزدەك كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن: هل ترين، ترون، ترين، اغزون، اغزن، اغزن دېيىلىدۇ. يەڭگىل نۇن ساكىنغا ئۇچرىسا ۋە وقــف دە تاشلىنىۋېتىلىدۇ ـ دە، چۈشۈپ قالغان ئەسلى ھەرپ قايتۇرۇلىدۇ. نون التوكيد نىڭ ئالدىدىكى فەتھە ئەلىفقا ئۆزگەرتىلىدۇ].

## ئەزەلدىن مۇئەننەس ئاتىلىپ كەلگەن ئىسىملار

1. عين كۆز
2. الاذنان ئىككى قۇلاق
3. نفس جان
4. دار هويلا
5. دلو چېلەك
6. سن چىش
7. كفان ئىككى ئالقان
8. جهنم دوزاخ
9. سعير ئوت، دوزاخ
10. عقرب چايان
11. ارض زېمىن
12. إست كاسا
13. عضدان ئىككى بىلەك
14. جحيم دوزاخ
15. نار ئوت، دوزاخ
16. عصى هاسا
17. ريح بوران
18. لظى ئۇچقۇن
19. يدان ئىككى قول
20. غول ئىشكەل
21. فردوس جەننەت
22. فلك كېمە
23. قرأن قۇرئان
24. عروض ماللار
25. ذراع غۇلاچ
26. ثعلب تۈلكە
27. ملح تۇز
28. فأس پالتا
29. وركان كاسا
30. قوس ياچاق
31. منجنيق مەنچاناق
32. أرنب توشقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



33. خمر هاراق
34. بير قۇدۇق
35. خدان ئىككى مەڭز
36. ذهب ئالتۇن
37. ضرب قويۇق ئاق هەسەل
38. ينبوع بۇلاق
39. درع ساۋۇت
40. قدمان ئىككى پۇت
41. كبد جىگەر
42. كرش ئۈچەي
43. افعى ئاق يەر يىلىنى
44. شمس كۈن
45. عقبان ئىككى تاپان
46. فرس ئات
47. كأس پىيالە
48. سقر دوزاخ
49. حرب ئۇرۇش
50. ثديان ئىككى ئەمچەك
51. شمال سول
52. عنكبوت ئۆمۈچۈك
53. رجل پۇت
54. ضبع كىلە
55. كتف دۈمبە
56. سراويل ئىشتان
57. ساقان ئىككى پاچاق
58. يمين ئوڭ تەرەپ
59. إصبع بارماق
60. موسى ئۇستىرا

# مذكر، مؤنث كە ئورتاق بولغانلىرى

1. سلم تىنچلىق
2. قدر قازان
3. مسك ئىپار
4. حال ھال – ئەھۋال
5. بيت ئۆي
6. طريق يول
7. ثرى تۇپراق
8. عنق گەردەن
9. لسان تىل
10. سماء ئاسمان
11. سبيل يول
12. ضحى چاشكا ۋاقتى
13. صلاح ياخشىلاش
14. قفا ئارقا مېڭە
15. رحم بالا ياتقۇ
16. سكين پىچاق
17. سرطان راك

# ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىدىكى يېگانە گۆھەر

مۇئەللىپ ئېيتىدۇ:

1. س: كالام دېگەن نېمە؟

ج: كالام دېگەن ئۆز ئورنىدىكى پايدىلىق، قۇراشتۇرۇلغان تەلەپپۇزدۇر.

2. س: تەلەپپۇز(لفظ) دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ بەزى ئېلىپبە ھەرپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاۋازدۇر.

3. س: قۇراشتۇرۇلغان (مركب) دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز (كلمة) دىن قۇراشتۇرۇلغان جۈملىدۇر.

4. س: پايدىلىق (مفيد) دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ سۆزلىگۈچىنىڭ ياخشى سۆزلەپ (سۆزنىڭ قائىدىلىك تۈگىگەنلىكى ئۈچۈن) جىم تۇرۇشىغا پايدىلىق دېگەنلىكتۇر.

5. س: ئۆز ئورنىدىكى (بالوضع) دېگەن نېمە؟

ج: ئەرەبچە جۈملىنىڭ گىراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى دېگەنلىكتۇر.

6. س: ئۇنىڭ مىسالىچۇ؟

ج: مىسالى: ئىلىم پايدىلىق، بىلىمسىزلىك زىيانلىق.

7. س: كالام نېمىلەردىن تۈزۈلىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ج: ئۇ كۆپلىگەن سۆز (كلمة) لەردىن تۈزۈلىدۇ.

8. س: سۆز (كلمة) دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ — مەنىسى بار تەلەپپۇزدۇر.

9. س كەلىمە (سۆز) نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

ج: كەلىمە (سۆز) ئۈچ قىسىمدۇر: ئىسىم، پېئىل ۋە مەنىلىك ھەرپ.

10. س: ئىسىم دېگەن نېمە؟

ج: ئۆز ئالدىغا مەنا كۆرسىتىدىغان، زامانغا بېقىنمىغان سۆز ئىسىم دېيىلىدۇ. مەسىلەن: شاگىرت، كىتاب، قەلەم.

11. س: پېئىل دېگەن نېمە؟

ج: ئۆز ئالدىغا مەنا كۆرسىتىدىغان ۋە ئۈچ زاماننىڭ بىرىگە بېقىنىدىغان سۆز پېئىل دېيىلىدۇ ماضـــى (ئۆتكەن زامان)، مەسىلەن: كَتَبَ (يازدى)، ومضارع (كېلىدىغان زامان)، مەسىلەن: يَكْتُبُ (يازىدۇ).

وأمر (بۇيرۇق)، مەسىلەن: أُكْتُبْ (يازغىن).

12. س: ھەرپ دېگەن نېمە؟

ج: ئۆزىدىن باشقا مەنىنى كۆرسىتىدىغان، زامانغا بېقىنمىغان سۆز ھەرپ دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ... مۇ، دە، ... مىدى.

13. س: ئىسىمنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

ج: ئىسىمنىڭ ئالامەتلىرى: زىر، تەنۋىن ۋە ئەلىف، لامنىڭ كىرىش، زىر قىلغۇچى ھەرپلەر: ئۇلار مِنْ، إلىٰ، عَنْ، عَلـــىٰ, فى، رُبَّ، الباء، الكاف، اللام ۋە قەسەم ھەرپلىرى ئۇلار: الواو، الباء، التاء.

ئۇنىڭ مىسالى: طلب العلم فريضة على كل مسلم و مسلمة (ئىلىم ئۆگىنىش ھەربىر ئەر — ئايال مۇسۇلمانغا پەرز).

14. س: پېئىلنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

ج: پېئىلنىڭ ئالامەتلىرى: «قَدْ» بۇ ئۆتكەن زامان ۋە كېلىدىغان زامانغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: قَدْقَرَأَ (ئۇ ئوقۇپ بولدى). قَدْيَقْرَأُ (بەزىدە ئوقۇيدۇ) ۋە «السين، سوفَ» بۇلار پەقەت كېلىدىغان زامانغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: سَيَتَعَلَّمُ، سَوْفَ يَتَعَلَّمُ (ئۆگىنىۋالىدۇ) ۋە مۇئەننەسنىڭ ساكىنلىق «ت» سى، (ئۇ پەقەت ئۆتكەن زامانغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «كَتَبَتْ» يازدى، يەنى ئۇ ئايال يازدى) ۋە ئىككىنچى شەخس مۇئەننەسنىڭ ياء سى. (ئۇ پەقەت بۇيرۇق پېئىلغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: فكلي واشربي وقري عينا(بۇ شېرىن خورمىدىن يېگىن <بۇ تاتلىق سۇدىن> ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن).

15. س: ھەرپنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

ج: ھەرپنىڭ ئالامەتلىرى يۇقىرىدىكى ئالامەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مەسىلەن: مۇ، دا،... مىدى.

# الإعراب (بەلگە قوبۇل قىلىدىغان) ۋە البناء (بەلگە قوبۇل قىلمايدىغان ) سۆزلەر

1. س: ئىئراب دېگەن نېمە؟

ج: ئىئراب دېگەن ئاممىللارغا ئاساسەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا بولىدىغان پەش، زەۋەر، زېر ۋە ساكىندۇر.

2. س: بىنائ دېگەن نېمە؟.

ج: سۆز ئاخىرىنىڭ بىر خىل ھالەتتە قېلىشى بىنائ دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى پەش ياكى زەۋەر ياكى زېر ياكى ساكىن. مەسىلەن: حَيْثُ (چاغدا) أَيْنَ (قەيەر) هٰؤُلاَءِ (ئۇلار) كَمْ (نەچچە؟)

ئۇيغۇر كىتاب تورى كتاب
www.uyghurkitap.com



3. س: مۇئرەب دېگىنىمىز (يەنى ھەرىكەت قوبۇل قىلىدىغان سۆز) دېگەن نېمە؟

ج: مۇئرەب دېگەن ئىسىملار ۋە تەئكىد نۇنى ۋە مۇئەننەسنىڭ نۇنى كىرمىگەن كېلىدىغان زامان پېئىلى.

4. س: مەبنىي (يەنى ھەرىكەت قوبۇل قىلمايدىغان سۆز) دېگەن نېمە؟

ج: مەبنىي دېگەن ئۆتكەن زامان پېئىلى، بۇيرۇق پېئىلى ۋە بارلىق ھەرپلەر.

5. س: ئىسىملارغا ئىئرابتىن نېمىلەر كىرىدۇ؟

ج: ئىسىملارغا پەقەت پېش، زەۋەر ۋە زىر كىرىدۇ. مەسىلەن: قَامَ زَيْدٌ (زەيد تۇردى) رَأَيْتُ زَيْدًا (مەن زەيدنى كۆردۈم)، مَرَرْتُ بِزَيْدٍ (مەن زەيدنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم).

6. س: كېلىدىغان زامان پېئىلىغا ئىئرابتىن نېمىلەر كىرىدۇ؟

ج: كېلىدىغان زامان پېئىلىغا پەقەت پېش، زەۋەر ۋە ساكىن كىرىدۇ. مەسىلەن: يَضْرِبُ (ئۇرىدۇ)، لَنْ يَضْرِبَ (ئۇ ھەرگىز ئۇرمايدۇ) لَمْ يَضْرِبْ (ئۇرمىدى).

7. س: ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ ھۆكۈمى داۋاملىق زەۋەرگە قاتقان، يەنى زەۋەر وقۇلىدۇ. مەسىلەن: كَتَبَ (يازدى) ذَهَبَ (باردى).

8. س: بۇيرۇق پېئىلىنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ ھۆكۈمى داۋاملىق ساكىنغا قاتقان (يەنى ساكىن وقۇلىدۇ). مەسىلەن: اُكْتُبْ (يازغىن) اِذْهَبْ (بارغىن).

## إعراب بەلگىلىرى

1. س: ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى نەچچە؟

ج: ئىئرابىنىڭ بەلگىلىرى ئىككى قىسىم: ھەرىكەت ۋە ھەرپتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ھەرىكەت بولسا تۆت: پەچ، زەۋەر، زىر، ساكىن.

ھەرپلەرمۇ ھەم تۆت: الواو، الألف, الياء، النون.

2. س: ھەرىكەت بىلەن مۇئرەب بولغانلار نېمە؟

ج: ھەرىكەت بىلەن مۇئرەب بولغانلار تۆت تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: «الإسم المفرد» (يەككە ئىسىم)، «جمع التكسير» (بۇزۇلغان كۆپلۈك)، «جمع المؤنث السالم» (ساغلام ئاياللىق جىنس تۈرىنىڭ كۆپلۈكى)، «والفعل المضارع» (كېلىدىغان زامان پېئىلى).

3. س: ھەرپ بىلەن مۇئرەب بولغانلار دېگەن نېمە؟

ج: ھەرپ بىلەن مۇئرەب بولغانلار تۆت تۈرلۈك: «جمع المذكر السالم» (ساغلام ھالەتتىكى ئەرلىك جىنس تۈرىنىڭ كۆپلۈكى) «والمثنى» (ئىككىلىك «الأسماء الخمسة» (بەش ئىسىم)، «والأفعال الخمسة» (بەش پېئىل).

4. س: يەككە ئىسىم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: بىرلا نەرسىنى كۆرسىتىدىغان نەرسىنى يەككە ئىسىم دەيمىز. ئۇنىڭ ھۆكۈمى رفع بىلەن پەچ قىلىنىدۇ. نصب بىلەن زەۋەر قىلىنىدۇ. جرّ بىلەن زىر قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مىسالى: «رفع الله العالم بالعلم» ئاللا ئالىمنى ئىلىم بىلەن كۆتۈرىدۇ.

5. س: يەككە شەكلى بۇزۇلغان كۆپلۈك دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك نەرسە كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ يەككە ھالەتتىكى قۇرۇلمىسى ئۆزگەرگەن نەرسىنى بۇزۇلغان كۆپلۈك دەيمىز. ئۇنىڭ ھۆكۈمى رفع بىلەن پەچ ئوقۇلىدۇ، رفع بىلەن زەۋەر ئوقۇلىدۇ، جرّ بىلەن زىر ئوقۇلىدۇ، ئۇنىڭ مىسالى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«العلماء ورثة الأنبياء» (ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى)، «أحبّ الله العلماء» (ئاللا ئالىملارنى ياخشى كۆرىدۇ).

6. س: ساغلام ھالەتتىكى مۇئەننەس جىنس تۈرىنىڭ كۆپلۈكى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ساغلام ھالەتتىكى مۇئەننەس جىنس تۈرىنىڭ كۆپلۈكى دېگىنىمىز، ئارتۇق بولغان ئەلىف ۋە تائ بىرلەشكەن نەرسە، ئۇنىڭ ھۆكۈمى رفع بىلەن پېش ئوقۇلىدۇ، نصب، جرّ بىلەن زىر ئوقۇلىدۇ، ئۇنىڭ مىسالى: «جاءت المؤمناتُ» (مۆمىن ئاياللار كەلدى)، «خلق الله السموات» (ئاللا ئاسمانلارنى ياراتتى)، «مررتُ بالمؤمنات» (مۆمىن ئاياللارنىَ ئۆتكۈزۈۋەتتىم).

7. س: كېلىدىغان زامان (ھازىرقى زامان) پېئىلى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: كېلىدىغان زامان پېئىلى دېگىنىمىز، ھازىرقىنى ۋە كەلگۈسىنى كۆرسەتكەن نەرسە: ئۇنىڭ بېشىدا تۆت ھەرپنىڭ بىرى بولغان بولىدۇ. ئۇلار: الألف، النون، الياء، التاء دۇر، ئۇنى بىرلەشتۈرسە «أنَيْتُ» بولىدۇ. مەسىلەن: «أقوم» (تۇرىمەن) «نقوم» (تۇرىمىز) «يقوم» (تۇرىدۇ). «تقوم» (تۇرسەن). ئۇنىڭ ھۆكۈمى: رفع بىلەن پەش ئوقۇلىدۇ، نصب بىلەن زەۋەر ئوقۇلىدۇ، جزم بىلەن ساكىن ئوقۇلىدۇ، ئۇنىڭ مىسالى: «يضربُ» (ئۇرىدۇ)، «لن يضربَ» (ھەرگىز ئۇرمايدۇ)، «لم يضربْ» (ئۇرمىدى).

8. س: ساغلام ھالەتتىكى مۇزەككەر جىنسى تۈرىنىڭ كۆپلۈكى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ساغلام ھالەتتىكى مۇزەككەر جىنس تۈرىنىڭ كۆپلۈكى دېگىنىمىز، ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك نەرسىنى كۆرسەتكەن، رفع لىك ھالىتىدە ۋاۋ بىلەن نون بىرلەشكەن، نصب ۋە جرّ

ۋىرلىك ھالىتىدە، ياء بىلەن نۇن بىرلەشكەن نەرسە. ئۇنىڭ ھۆكۈمى: ۋاۋ بىلەن **رفع** ئوقۇلىدۇ. ياء بىلەن **نصب**، **جرّ** ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ مىسالى: «**قد أفلح المؤمنون**» مۆمىنلەر ھەقىقەتەن نىجات تاپتى، «**رَأَيْتُ المؤمنينَ**» مەن مۆمىنلەرنى كۆردۈم. «**مررتُ بالمؤمنين**» (مەن مۆمىنلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم).

9. س: ئىككىلىك ئىسىم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئىككىلىك دېگىنىمىز، پەقەت ئىككىلا نەرسىنى كۆرسەتكەن نەرسە ئۇ **رفع** ھالىتىدە «ئەلىف ۋە نۇن» بىلەن ئىككىلىك قىلىنىدۇ. **نصب** ۋە **جرّ** ھالىتىدە ياء، نۇن بىلەن ئىككىلىك قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «**قَالَ رَجُلاَنِ**» (ئىككى ئەر دېدى). «**رأيتُ رَجُلَيْنِ**» مەن ئىككى ئەرنى كۆردۈم. «**مررت برجُلَيْنِ**» (مەن ئىككى ئەرنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم).

10. س: بەش ئىسىم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: بەش ئىسىم دېگىنىمىز، «**أَبُوْكَ، أَخُوْكَ، حَمُوْكَ فُوْكَ، ذُو مال**». ئۇنىڭ ھۆكۈمى: ۋاۋ بىلەن **رفع** ئوقۇلىدۇ. ئەلىف بىلەن **نصب** ئوقۇلىدۇ، ياء بىلەن جرّ ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ مىسالى: «**جَاءَ أَبُوْكَ وأَخُوْكَ وذو مَال**» (سېنىڭ داداڭ، قېرىندىشىڭ ۋە پۇلدار كەلدى)، «**رَأَيْتُ أَبَاكَ وأَخَاكَ وَذَا مَال**» (مەن داداڭنى، قېرىندىشىڭنى ۋە پۇلدارنى كۆردۈم) «**مَرَرْتُ بأَبِيْكَ وَأَخِيْكَ وَذِيْ مَال**» (مەن داداڭنى، قېرىندىشىڭنى ۋە پۇلدارنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم).

11. س: بەش پېئىل دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: بەش پېئىل دېگىنىمىز، **يفعلان، تفعلان، يفعلون، تفعلون، تفعلينَ** قاتارلىق ۋەزنى بىلەن بولغان نەرسىدۇر. ئۇنىڭ ھۆكۈمى: نۇنىنىڭ بولۇشى بىلەن **رفع** ئوقۇلىدۇ، ئۇنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن **نصب** ۋە **جزم** ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ مىسالى: **يفعِلان، تفعِلان**،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يفعلون، تفعلون، تفعلين. «لَنْ يَفْعَلاَ» (ئۇ ئىككىسى ھەرگىزمۇ قىلمايدۇ) «لن تفعَلاَ» (سىلەر ئىككىڭلار ھەرگىزمۇ قىلمايسىلەر)، «لن يفعلوا» (ئۇلار ھەرگىزمۇ قىلمايدۇ)، «لن تفعلوا» (سىلەر ھەرگىزمۇ قىلمايسىلەر)، لَنْ تفعلي (ھەرگىز سىز (ئايال) قىلمايسىز)، «لم يفعَلاَ» (ئۇ ئىككىسى قىلمىدى)، «لم تفعلا» (سىلەر ئىككىڭلار قىلمىدىڭلار)، «لم يفعلوا» (ئۇلار قىلمىدى)، «لم تفعلوا» (سىلەر قىلمىدىڭلار)، «لم تفعلي» ((ئايال) سىز قىلمىدىڭىز).

12. س: تۈرلەنمەيدىغان ئىسىم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: تۈرلەنمەيدىغان ئىسىم دېگىنىمىز، تۈنلاشمايدىغان ئىسىم. ئۇنىڭ ھۆكۈمى: رفع بىلەن پەش ئوقۇلىدۇ. نصب، جرّ، بىلەن زەۋەر ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ مىسالى: «جاء أحمدُ وعثمانُ وابراهيمُ وزكرياءُ» (ئەھمەد، ئوسمان، ئىبراھىم ۋە زەكەرىيا كەلدى). «رأيتُ أحمدَ وعثمانَ وابراهيمَ وزكرياءَ» (مەن ئەھمەدنى، ئوسماننى، ئىبراھىمنى ۋە زەكەرىيانى كۆردۈم). «مَرَرْتُ أحمدَ وعثمانَ وا براهيمَ وزكرياءَ» (مەن ئەھمەدنى، ئوسماننى، ئىبراھىمنى ۋە زەكەرىيانى ئۆتكۈزۈۋەتتىم).

13. س: ئاخىرى كېسەل بولغان كېلىدىغان زامان پېئىلى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئاخىرى كېسەل ھەرپ بولغان كېلىدىغان زامان پېئىلى دېگىنىمىز، ئاخىرىدا كېسەل ھەرپىدىن بىرسى بولغان نەرسە، ئۇلار الألف، الواو، الياء مەسىلەن: يَخْشَى وَيَدْعُوْ وَيَرْمِيْ قورقىدۇ، چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمى: ئەلىف نى ئۈستىگە قويۇش ئاۋارىچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ۋاۋ بىلەن يائىنىڭ ئۈستىگە رفع

ئىغىر كەلگەنلىكى ئۈچۈن تەقدىر قىلىنغان رفع بىلەن رفع ئوقۇلىدۇ. ئەلىف نى ئۈستىگە قويۇش ئاۋارىچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن تەقدىر قىلىنغان نصب بىلەن نصب ئوقۇلىدۇ. ئەمما ۋاۋ بىلەن ياﺋ ئاشكارە نصب قىلىنىدۇ ۋە كېيىن ھەرپىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن جزم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مىسالى: «يخشى زيدٌ» (زيد قورقىدۇ)، «يدعو زيدٌ» (زيد چاقىرىدۇ)، «يرمي زيدٌ» (زەيد ئاتىدۇ)، «لن يخشى زيدٌ» (زيد ھەرگىز قورقمايدۇ)، «لن يدعو زيدٌ» (زيد ھەرگىز چاقىرمايدۇ)، «لن يرمي زيدٌ» زيد ھەرگىز ئاتمايدۇ (ئوق)، «لم يَخْشَ زيدٌ» زيد قورقمىدى، «لم يدعُ زيدٌ» (زيد چاقىرمىدى)، «لم يرمِ زيدٌ» (زيد ئاتمىدى).

14. س: ئىلگىرىكىلەردىن ھاسىل قىلىنغان نەرسە دېگەن نېمە؟

ئىلگىرىكىلەردىن ھاسىل قىلغان نەرسە دېگىنىمىز، جەزمەن يەككە ئىسىم رفع بىلەن پىچ قىلىنىدۇ، نصب بىلەن زەۋەر قىلىنىدۇ، جرّ بىلەن زىر قىلىنىدۇ.

يەككە شەكلى بۇزۇلغان كۆپلۈك: رفع بىلەن پىچ قىلىنىدۇ، نصب بىلەن زەۋەر قىلىنىدۇ، جرّ بىلەن زىر قىلىنىدۇ.

ساغلام ھالەتتىكى مۇئەننەس جىنس تۈرىنىڭ كۆپلۈكى: رفع بىلەن پىچ قىلىنىدۇ، نصب، جرّ بىلەن زىر قىلىنىدۇ.

كېلىدىغان زامان پېئىلى: رفع بىلەن پىچ قىلىنىدۇ، نصب بىلەن زەۋەر قىلىنىدۇ، جزم بىلەن ساكىن قىلىنىدۇ.

ساغلام ھالەتتىكى مۇزەككەر جىنس تۈرىنىڭ كۆپلۈكى: ۋاۋ بىلەن رفع قىلىنىدۇ، ياﺋ بىلەن نصب، جزم قىلىنىدۇ.

ئىككىلىك ئىسىم: ئەلىف بىلەن رفع قىلىنىدۇ، ياﺋ بىلەن نصب، جزم قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەش ئىسىم: ۋاۋ بىلەن رفع قىلىنىدۇ، ئەلىف بىلەن نصب قىلىنىدۇ، يائ بىلەن زىر قىلىنىدۇ.

بەش پېئىل: نۇننىڭ بولۇشى بىلەن رفع قىلىنىدۇ ۋە نۇننىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن نصب، جزم قىلىنىدۇ.

تۈرلەنمەيدىغان ئىسىم بولسا رفع بىلەن پىچ ئوقۇلىدۇ، نصب، جرّ بىلەن زەۋەر ئوقۇلىدۇ، ئاخىرى كېسەل ھەرپ بىلەن بولغان كېلىدىغان زامان پېئىلى تەقدىر قىلىنغان رفع بىلەن پىچ قىلىنىدۇ، ئەلىف ئۈستىگە تەقدىر قىلىنغان نصب بىلەن زەۋەر قىلىنىدۇ، ۋاۋ، ياء نىڭ ئۈستىگە ئاشكارا زەۋەر قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن ساكىن قىلىنىدۇ.

# ئىسىملارنىڭ ھۆكۈملىرى

1. س: ئىسىملارنىڭ رفع ئوقۇلىدىغانلىرى نەچچە؟

ج: ئىسىملارنىڭ رفع ئوقۇلىدىغانلىرى يەتتە: ئۇلار: فائل (ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى)، «نائب الفاعل» (فائل نىڭ ئورنىغا دەسسىگۈچى) مۇبتەدا، خەۋەر، كان نىڭ ئىسمىسى ۋە كان تۈرىدىكىلەرنىڭ ئىسمى، «إنّ» نىڭ خەۋىرى ۋە إنّ تۈرىدىكىلەرنىڭ خەۋىرى، رفع ئوقۇلغۇچىغا ئەگەشكۈچى ۋە ئۇلار تۆت نەرسە: النعت (سۈپەت)، والعطف (ئەتفە، يەنى باغلاش)، والتوكيد (تەكىت)، والبدل (بەدەل) يەنى ئورنىغا دەسسىتىش.

## ئىش ـ ھەرىكەت پەيدا قىلغۇچى ئىسىم

1. س: پائىل دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئۇ ئالدىدىكى ئىش ـ ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ئىسمى،

ئۇنىڭ ھۆكۈمى ئاشكارا ئىسىملاردا لفظ جەھەتتە رفـــع ، ضـــمير (ئالماشلار)دا تەقدىرەن (كۆڭۈلدە) رفع.

2. س: ئاشكارا ئىسمنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: (فى القـــران) قـــال رجـــلان (ئىككى ئەر دېدى)، (فى القران)جاءك المؤمناتُ (مۆمىن ئاياللار سېنىڭ قېشىڭغا كەلدى)، (فى القران)جاءك المعـــذرون (ئۆزرە بايان قىلغۇچىلار)، (فى القران) قال أبوهم (ئۇلارنىڭ دادىسى ئېيتتى).

3. س: فاعل بولغان ضمير لارنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ضمير لارنىڭ مىساللىرى ئون ئىككى: ضَـــرَبْتُ (مەن ئۇردۇم)، ضَرَبْنَا (بىز ئۇردۇق)، ضَرَبْتَ (سەن ئۇردۇڭ)، ضَرَبْتِ (سىز ئۇردىڭىز)، ضَرَبْتُمَا (سىلەر ئىككىڭلار ئۇردۇڭلار)، ضَـــرَبْتُمْ (سىلەر ھەممە ئەرلەر ئۇردۇڭلار)، ضَرَبْتُنَّ (سىلەر ھەممە ئايالالار ئۇردۇڭلار)، ضَرَبَ (ئۇ ئۇردى)، ضَرَبَتْ (ئۇ ئايال ئۇردى)، ضَـــرَبَا (ئۇ ئىككىسى ئۇردى)، ضَرَبُوا (ئۇلار ئۇردى)، ضَرَبْنَ (ئۇلار ئايالالار ئۇردى).

## پائىلنىڭ ئورنىغا دەسسىگۈچى ئىسىم

1. س: نائب الفاعل پائىلنىڭ ئورنىغا دەسسىگۈچى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئـۇ چۈشـۈپ قالغانـدىن كېيىنكـى پـائىلنىڭ ئورنىغـا تۇرغـۇزۇلغان مفعـــــول (تولدۇرغـۇچى)دۇر. شـۇنىڭ بىلـەن بىرگـە پېئىلنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمى پەشتۇر.

2. س: پېئىلنىڭ قۇرۇلمىسى قايسى ھالەتتە ئۆزگىرىدۇ؟

ج: ئەگـەر الفعـــل الماضـــي بولسـا ئۇنىڭ بـاش ھـەرپ پـىچ قىلىنىدۇ، ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىر قىلىنىدۇ، مەسىلەن: نُصِرَ (ياردەم بېرىلدى)، عُرِفَ (تونۇلدى)، عُظِمَ (ھۆرمەتلەندى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەگەر الفعل المضارع بولسا ئۇنىڭ باش ھەرپى پەش قىلىنىدۇ، ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەر قىلىنىدۇ. مەسىلەن: يُنْصَرُ (ياردەم بېرىلىدۇ)، يُعْرَفُ (تونۇلىدۇ)، يُعْظَمُ (ھۆرمەتلىنىدۇ).

3. س: ئۇنىڭغا ئاشكارا ئىسىمدا مىسال نېمە؟

ج: ئاشكارا ئىسىمدا ئۇنىڭ مىسالى: ضُرِبَ مَثَلٌ (مىسال كەلتۈرۈلدى)، قُضِيَ الأَمْرُ (ئىشلار ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى) قُتِلَ الْخَرَّاصُوْنَ (كاززابلارغا لەنەت بولسۇن)، يُعْرَفُ الْمُجْرِمُوْنَ (گۇناھكارلار تونۇلىدۇ).

4. س: ضمير ئىسىملاردا ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ضمير ئىسىملاردا ئۇنىڭ مىسالى: ضُرِبْتُ (ئۇرۇلدۇم)، ضُرِبْنَا (ئۇرۇلدۇق)، ضُرِبْتَ (ئۇرۇلدۇڭ)، ضُرِبْتِ (ئۇرۇلدىڭىز)، ضُرِبْتُمَا (ئۇرۇلدۇڭلار سىلەر ئىككىڭلار)، ضُرِبْتُمْ (ئۇرۇلدۇڭلار سىلەر ھەممە ئەرلەر)، ضُرِبْتُنَّ (ئۇرۇلدۇڭلار سىلەر ھەممە ئاياللار)، ضُرِبَ (ئۇ ئۇرۇلدى)، ضُرِبَتْ (ئۇ ئايال ئۇرۇلدى)، ضُرِبَا (ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلدى)، ضُرِبُوا (ئۇلار ئەرلەر ئۇرۇلدى)، ضُرِبْنَ (ئۇلار ئاياللار ئۇرۇلدى).

## ئىگە ۋە خەۋەر

1. س: مبتدء (ئىگە) ۋە خەۋەر دېگەن نېمە؟ ئۇ ئىككىسىنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: مبتدء (ئىگە) لفظى ئامىللاردىن خالىي بولغان ئىسىم. خەۋەر بولسا ئۇنىڭغا (يەنى مۇبتەداغا) تايىنىپ كەلگەن ئىسىم، مەسىلەن: زَيْدٌ قَائِمٌ (زيد ئۆرە تۇرغۇچى) دېسەك زَيْدٌ لەبزى ئامىللاردىن خالىي بولغان ئىسىم، قَائِمٌ خەۋەر، بىز ئۇنى ئۇنىڭغا

تاياندۇردۇق، ئۇ ئىككىلىسىنىڭ ھۆكۈمى رفع.

2. س: مبتدء نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

ج: مبتدء ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، ئاشكارا ۋە ضميرلىق.

3. س: ئاشكارا كەلگىنىنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئاشكارا كەلگەننىڭ مىسالى: اللهُ خالقُ كُـلِّ شَـيْءٍ (اللـە ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى)، اَلطَّالِبَـانِ مُجْتَهِـدَانِ (بـۇ ئىككى ئوقۇغۇچى تىرىشچان)، المتـأدّبون محبوبـون (ئەدەبلىكلەر سۆيۈملۈكتۇر)، أبوك واجبالتعظيم (داداڭ ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك).

4. س: مبتدء نىڭ ضمير ھالەتتىكى مىسالى نېمە؟

ج: ضمير لارنىڭ مىسالى ئون ئىككى: أنا (مەن)، نَحْنُ (بىز)، أنت (سەن)، أنْتَ (سىز)، أنتما (سىلەر ئىككىڭلار)، أنـتم (سىلەر ھەممە ئەرلەر)، أنتنَّ (سىلەر ھەممە ئاياللار)، هُـوَ (ئۇ)، هـي (ئۇ، ئايال)، همـا (ئۇ ئىككىسى)، هـم (ئۇلار)، هُـنَّ (ئۇلار ئاياللار). مەسىلەن: أَنَا أَوَّلُ الْمُؤْمِنِيْن (مەن مۆمىنلەرنىڭ ئەۋۋىلى)، وَنَحْنُ لَهُ مُسْـلِمُوْنَ (بىز ئاللاغا بويسۇنغۇچىلار)، أَنْـتُمُ الْفُقَـرَاُ (سىلەر كەمبەغەللەر)، هُمُ الصَّادِقُوْنَ (ئۇلار راستچىللاردۇر) . . . ۋەھاكازالار.

5. س: خەۋەر نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

ج: خەۋەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: يەككە ۋە جۈملە.

6.س: يەككە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ مىسالىچۇ؟

ج: بۇ يەردىكى يەككە دېگەن جۈملە بولمىغان نەرسە، ئۇنىڭ مىسالى: الصـابرون ظـافرون )سەۋر قىلغۇچىلار غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر)، التواضع مَحْمُودٌ (كەمتەرلىك ماختاشقا لايىق ۋە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ۋە ھاكازالار).

7. س: جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ مىسالىچۇ؟

ج: بۇ يەردىكى جۈملە ياكى (جارّ ومجـرور) زىر قىلغۇچى ۋە

زىر قىلىنغۇچى ياكى ظرف (رەۋىش) ياكى پېئىل ۋە پېئىل ئىگىسى (فاعل) ياكى مبتدء ۋە خەۋەر. ئۇنىڭ مىسالى: اَلْحَمْدُ لله (بارلىق ھەمدۇ سانا ئاللاغا خاستۇر)، وَالرَّكْبُ أَسْفَلَ مِنْكُمْ (كارۋان سىلەرنىڭ ئاستى تەرىپىڭلاردا)، اَللهُ يَقْبِضُ وَيَبْسُطُ (ئاللا خالىغان ئادەمنىڭ رىسقىنى تار قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ رىسقىنى كەڭ قىلىدۇ)، اَللهُ يَتَوَفَّى الأَنْفُسَ (ئاللا جانلارنى ۋاپات تاپتۇرىدۇ)، قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ (ئېيتقىن! ئۇ ئاللا بىردۇر).

## كان ۋە ئۇنىڭ تۇرىدىكىلەر

1. س: كان ۋە ئۇنىڭ تۇرىدىكىلەر دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئۇلار كان، أمسى، أصبح، أضحى، ظل، بات، صار، ليس، مازال، مافتئ، ماانفكّ، مَابَرِحَ، مَادَامَ ۋە شۇنىڭدىن تۈرلىنىپ چىققانلىرى.

ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى: «مبتدأ»نى ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى سۈپىتىدە رفع قىلىدۇ ۋە خەۋىرىنى ئۆزلىرىنىڭ خەۋىرى سۈپىتىدە نصب قىلىدۇ.

ھىجازلىقلارنىڭ «ما»سى مۇ ھۆكۈمدە ئاشۇلارغا ئوخشاش.

2. س: ئۇلارنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇلارنىڭ مىسالى: وكان ربُّك قديرا (سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەممە ئىشقا قادىردۇر)، ويكون الرسول عليكم شهيدا (ئەلچى يەنى پەيغەمبەر سىلەرگە گۇۋاھچى بولىدى).

قل كونوا حجارة أو حديدا (سىلەر تاش ياكى تۆمۈر بولۇپ كېتىڭلار، دېگىن)، أمسى العالم مرشدي (ئالىم ئوقۇتقۇچىمغا ئايلاندى)، أصبح الطالبُ مدّرسا (ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىغا ئايلاندى)،

**أضحى العلم منتشراً** (ئىلىم كېڭەيگۈچى بولدى)، **ظلّ المتعلم مطالعاً** (ئوقۇغۇچى دەرس چۈشەندۈرگۈچى بولۇپ قالدى)، **بات العابد مصلياً** (ئابىد ناماز ئوقۇغۇچىغا ئايلاندى)، **صار الطالح صالحاً** (چۈش ئادەم سالىھ ئادەمگە ئايلاندى)، **ليس المتكاسل رابحاً** (ھورۇن، سۇس ئادەم پايدا ئالغۇچى ئەمەس)، **مازال الله مجيباً** (ئاللا ھەمىشە ئىجاۋەت قىلغۇچى)، **ولا يزالــــون مخــــتلفين** (ئۇلار ھەمىشە ئىختىلاپ قىلىشىمىدى)، **ما فتئَ الطالب متفهماً** (ئوقۇغۇچى چۈشەندۈردى)، **ماانفكّ التائب باكياً** (تەۋۋا قىلغۇچى داۋاملىق يىغلىدى)، **مابرح الجعل مهلكاً** (جاھىل ھالاك بولىۋەردى)، **لن برح عليه عاكفين** (بىز ئۇنىڭغا چوقۇنغۇچى بولمىدۇق)، **لا أصجك مادام الجاهل صاجك** (بىلىمسىز سېنىڭ ھەمراھىڭلا بولىدىكەن، مەن ساڭا ھەمراھ بولمايمەن)، **ظلّ وجهه مسودّاً** (ئۇنىڭ يۈزى باشتىن ئاخىر قارىيىپ كەتتى)، **ليسوا سواءً** (ئۇلار ئوخشاش ئەمەس)، **ماهذا بشراً** (بۇ ئادەم ئەمەس).

## «إِنَّ» تىپىدىكى ھەرپلەر

1. س: «إنّ» تىپىدىكى ھەرپلەر دېگەن نېمە؟

ج: ئۇلار: «إنّ» (ھەقىقەتەن)، «أنّ» (شەكسىز، شۈبھىسىز)، «لكــنّ» (لېكىن)، «كــأنّ» (ئوخشاش، دەك، تەك)، «ليــت» (بولسىچۇ)، «لعلّ» (ئېھتىمال، بەلكىم)، **«لاالنافيــة للجــنس في النكرات خاصّةْ»** (مەخسۇس ئېنىقسىز ئىسىملاردىكى جىنسنى ئىنكار قىلىدىغان «لا»).

ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى: «مبتدأ»نى ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى سۈپىتىدە **نصب** قىلىدۇ ۋە خەۋەرنى ئۆزلىرىنىڭ خەۋىرى سۈپىتىدە **رفع** قىلىدۇ.

2. س: ئۇلارنىڭ مىسالى نېمە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ج: ئۇنىڭ مىسالى: إنّ عاقبة الصدق محمودة (شەكسىزكى راستچىللىقنىڭ ئاقىۋىتى ماختالغۇچىدۇر)، إنّ الساعة آتية (شەكسىزكى قىيامەت كەلگۈچىدۇر)، لاتكذب لأنّ الكذب فاحشةَ (يالغان سۆزلىمە، چۈنكى يالغان سۆزلەش ئېغىر جىنايەت)، لايستفيد المتهاون لكن المجتهدَ مستفيد (ھۇرۇنلار پايدا ئالالمايدۇ، لېكىن تىرىشچانلار پايدا ئالغۇچىدۇر)، كأنّ المتأدّبَ جوهرة (ئەدەپ خۇددى گۆھەرگە ئوخشاش)، ليت الجد سهل (سېخىلىق ئاسان ئەمەس)، لعلّ رحمة الله قريبة (بەلكىم اللەنىڭ رەھمىتى يېقىندۇر)، لاريب فيه (ئۇنىڭدا شەك يوق)، ونّ رحمة الله قريب من المحسنين (ھەقىقەتەن اللەنىڭ رەھمىتى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا يېقىن)، ونّ الله بريءٌ من المشركين (جەزمەن ئاللا دىنسىزلاردىن بىزار)، لا أحد أغيرُ من الله (ئاللاتىن بەكرەك كۈنلىگۈچى يوق)، لا صاحبَ تواضعٍ ممقوت (ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقۇچى ۋەيران بولمايدۇ).

3. س: رفع ئۇقۇلغۇچىغا ئەگەشكۈچى دېگەن نېمە؟

ج: رفع ئۇقۇلغۇچىغا ئەگەشكۈچىلەر تۆت: النعت (سۈپەت)، والعطف (باغلاش قوشۇمچىسى)، والتوكيد (تەكىت)، والبدل (بەدەل يەنى سۆز ئالماشتۇرۇش).

ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ئىسىملارنىڭ زىر ئوقۇلۇشىنىڭ بابىدا كېلىدۇ.

# ئىسىملارنىڭ نصب ئوقۇلۇشى

1. س: نصب ئوقۇلىدىغان ئىسىملار قانچە؟

ج: ئىسىملارنىڭ نصب ئوقۇلىدىغانلىرى يەتتىدۇر، المفعول (تولدۇرغۇچى)، والمفعول المطلق (مۇتلەق تولدۇرغۇچى)، وظرف الزمان وظرف المكان (ۋاقىت ۋە ئورۇن رەۋىشلىرى)، والمفعول لأجله (سەۋەب، مەقسەت تولدۇرغۇچى)، والمفعول معه (تولدۇرغۇچىغا قوشۇلغۇچى)، والحال (هالەت) والتمييز (پەرقلەندۈرگۈچى)، والمستثنى (ئايرىلغۇچى)، والمنادى (چاقىرىلغۇچى)، وخبر كان وأخواتها (كان ۋە ئۇنىڭ تۈرىدىكىلىرىنىڭ خەۋىرى)، وإسم إنّ وأخواتها («إنّ» ۋە ئۇنىڭ تۈرىدىكىلەرنىڭ ئىسمى)، ومفعولي ظننت وأخواتها (ظننت ۋە ئۇنىڭ تۈرىدىكىلىرىنىڭ تولدۇرغۇچى، «والتابع للمنصوب» نصب ئوقۇلغۇچىغا ئەگەشكۈچى ئۇ تۆتتۇر: «النعت» (سۈپەت)، «والعطف» (باغلىنغۇچى)، «والتوكيد» (كۈچلەندۈرۈش)، «والبدل» (بەدەل يەنى سۆز ئالماشتۇرۇشى).

## تولدۇرغۇچى

1. س: المفعول به دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ هۆكۈمىچۇ؟

ج: ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىش ـ هەرىكەت يۈز بەرگەن ئىسىم، ئۇنىڭ هۆكۈمى نصب مەسىلەن: ضربَ زيدٌ عمرًا ــ (زيد ئەمرىنى ئۇردى)، بۇ جۈملىدە «ضرب» (پېئىل)، زيدٌ فاعل، عمرًا المفعول به بولغاچقا نصب ئوقۇلغان. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىش ــ هەرىكەت يۈز بەرگەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



2. س: المفعول به قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟
ج: المفعول به ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ئاشكارا ۋە ضميرلىق.
3. س: ئاشكارا كەلگەننىڭ مىسالى نېمە؟
ج: ئۇنىڭ مىسالى: ورث سليمان داوُدَ (سۇلايمان پەيغەمبەر داۋۇدنىڭ ئىز باسارى بولدى). خُذ العَفْوَ (ئەپۇ قىل)، يقيمون الصّلاةَ (ئۇلار نامازنى ئوقۇيدۇ)، وأتَ ذاالقربى حقه (تۇغقانلىقىغا ھەققىنى بەر)، احترم أباكَ (داداڭنى ھۆرمەتلە)، أحبب أخاك (قېرىنداشىڭنى ياخشى كۆر)، لَنْ يغلب عُسرٌ يسرين (بىر قىيىنچىلىق ئىككى ئاسانلىقنى ھەرگىزمۇ يېڭەلمەيدۇ).
4. س: ضمير لار بۇ نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟
ج: ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: متصل(ئۇلىنىپ كېلىدۇ) ۋە منفصل(مۇستەقىل) ئايرىم ھالدا كېلىدۇ.
5. س: ئۇلىنىپ كېلىدىغانلىرى (ئالماشلار) دېگەن نېمە؟
ج: ئۇلىنىپ كېلىدىغان المفعول به ضميرلار ئون ئىككى:
أكَرمَني، أكرمنا، أكرمكَ، أكرمَكِ، أكرمكما، أكرمكم، أكرمكنَّ، أكرمه، أكرمَهَا، أكرمَهُمَا، اكرمهم، أكرمهن.
6. س: منفصل (ئايرىم) كەلگەن المفعول به دېگەن نېمە؟
ج: منفصل كېلىدىغانلىرى ئون ئىككى، ئۇلار: «إيّاىَ» (ماڭىلا)، «إيّانا» (بىزگىلا)، «إيّاكَ» (ساڭىلا)، «إياكِ» (سىزگىلا)، «إياكما» (سىلەر ئىككىڭلارگىلا)، «إياكم» (سىلەرگىلا)، «إياكُنَّ» (سىلەرگىلا)، «إيّاه» (ئۇنىڭغىلا)، «إيّاها» (ئىككىسىگىلا)، «إيّاهما» (ئىككىسىگىلا)، «إياهم» (ئۇلارغىلا)، «إياهنَّ» (ئۇلارغىلا).
مەسىلەن: وإيّاىَ فاعبدون (ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار)، إياك نعبد وإياك نستعين (بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم

تەلەپ قىلىمىز)، إيـا كـم كـانوا يعبـدون (ئۇلار سىلەرگىلا بويسۇناتتى).

## مۇتلەق تولدۇرغۇچى

1. س: المفعول به (مۇتلەق تولدۇرغۇچى) دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: المفعول المطلق دېگەن پائىلنىڭ پېئىلىنىڭ ئىسمى. ئۇ مصــدر دەپ ئاتىلىدۇ ۋە پېئىل تۈرلەشتە ئۈچىنچى ئورۇندا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ھۆكۈمى نصب مەسىلەن: قال، يقول، قولاً. قَـوْلاً دېگىنىمىز نصب ئوقۇلغان مصدر.

2. س: مصدر (سۆز تومۇرى) قانچە قىسىم؟

ج: مصـدرنىڭ قىسىملىرى تۆت. ئۇلار: ئۇنىڭ ئامىلىنى تەكىتلىگۈچى ئۇنىڭ تۈرىنى بايان قىلغۇچى، سانىنى بايان قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىز باسارى.

3. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: وكلّم اللهُ موسى تكليما (ئاللا مۇساغا بىر خىل سۆز بىلەن سۆزلىدى)، وعمل عملا صـالحًا (ئۇ ياخشى بىر ئىشنى قىلدى)، فاصـبر صـبرًا جمـيلا (ياخشى سەۋر قىلغىن)، فأخذناهم أخــذَ عزيــز مقتــدر (بىز ئۇلارنى قۇدرەتلىك زاتنىڭ تۇتۇشىدا تۇتتۇق)، سِرْ سيرَ العقلاء (ئاقىللارنىڭ يولىدا ماڭغىن)، قرأت قراْة المجتهد (تىرىشچاننىڭ ئوقۇشىدەك ئوقۇدۇم)، دُكّتا دكـةً واحدةً (ئۇ ئىككى بىر سوقاشتۇرۇشتا سوقاشتۇرۇلىدۇ)، كتبـت الرسالة كتابتين (خەتنى ئىككى كىتابقا يازدىم)، فلا تميلوا كلَّ الميـل (پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ كەتمەڭلار)، فهمت بعـض الفهـم (ئازراق چۈشەندىم)، فاجلدوهم ثمانين جلدةً (ئۇلارنى سەكسەن دەررە ئۇرۇڭلار).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ۋاقىت ۋە ئورۇن رەۋىشى

1. س: ظرف الزمان(ۋاقىت رەۋىشى) دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ظرف الزمان دېگەن مۇتلەق بىر زاماننى كۆرسىتىدىغان ئىسىم. ئۇنىڭ ھۆكۈمى نەسب. مەسىلەن: «اليوم» (بۈگۈن)، «الليلة» (كېچە)، «غُدوةً» (ئەتە)، «بُكرةً» (ئەتىگەن)، «أصيلا» (ئاخشام)، «سحرا» (سەھەر)، «غدا» (ئەتە)، «عتمة» (ئاخشام)، «صَبَاحًا» (ئەتىگەندە)، «مَسَاءً» (كەچتە) «أبدا»(مەڭگۈ)، «أمدا» (خېلى ۋاقىت)، «حينا» (بەزى ۋاقىت) «عاما» (يىل)، «شهرا» (بىر ئاي)، «أسبوعا» (ھەپتە)، «ساعة» (سائەت) «لحظة» (بىر ئاز ۋاقىت) ۋاھاكازالار ...

2. س: ظرف المكان ئورۇن رەۋىشى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ظرف المكان دېگەن نامەلۇم بىر ئورۇننى كۆرسىتىدىغان ئىسىم. ئۇنىڭ ھۆكۈمى نەسب. مەسىلەن: «أَمَامَ» (ئالدىدا)، «خَلْفَ» (كەينىدە)، «قدام» (ئالدى)، «وراء» (ئارقىسى)، «فَوْقَ» (ئۈستىدە)، «تَحْتَ» (ئاستىدا)، «عندَ» (يېنىدا)، «ومَعَ» (بىلەن، بىرگە)، «ازاء» (قارىمۇقارشى)، «تُجاه» (تەرەپ)، «تلقاء» (قارشى تەرەپ)، «حَذاء» (ئالدى تەرەپ)، «ثَمَّ» (يىراقنى كۆرسىتىش ئۈچۈن)، «هُنا» (يېقىننى كۆرسىتىش ئۈچۈن)، «ميلا» (مىل)، «فرسخا» (پەرسەخ)، «مجلس» (ئولتۇرىدىغان ئورۇن)، «مقعد» (ئولتۇرىدىغان ئورۇن)، ۋاھاكازالار...

3. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: صُمْتُ اليوم (مەن بۈگۈن روزا تۇتتۇم)،

قُمْتُ الليلةَ (مەن بۈگۈن كېچە تۇردۇم)، دعوت الله سحرًا (ئاللاغا ئەتىگەندە دۇئا قىلدىم)، سبحوه بكرة وأصيلا (ئاللاغا ئەتىگەن، ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار)، لهم رزقهم فيها بكرة وعشيا (ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئەتىگەنلىك ۋە ئاخشاملىق تامىقى بار)، سرتُ أمام القوم (كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ماڭدىم)، صليت خلف الإمام (ئىمامنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇدۇم)، إرجعوا ورائكم (ئارقاڭلارغا قايتىڭلار)، «جلست مجلس الخطيب» (ناتىق ئورنىدا ئولتۇردۇم)، والله معكم (ئاللا سىلەر بىلەن بىرگە).

## سەۋەب ـ مەقسەت تولدۇرغۇچىسى

1. س: المفعول لأجله (سەۋەب ـ مەقسەت تولدۇرغۇچىسى) دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ پېئىلنىڭ كېلىش سەۋەبىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئىسىم، ئۇنىڭ ھۆكۈمى نصب، ئۇنىڭ ئالامىتى: لِمَ فعلت كذا (نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ)غا جاۋاب بولۇپ كېلىش، ئەگەر «لِمَ صَمَتَ التلاميذ» (ئوقۇغۇچىلار نېمىشقا جىم تۇردى) دېيىلسە «قلنا إجلالاً للشيخ» (ئوقۇتقۇچىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن) دېيىلىدۇ، بۇ يەردە «إجلالاً» سۆز نصب ئوقۇلغان المفعول لأجله بولدى.

2. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: يُنفقون أموالهم ابتغاءَ مرضات الله (ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ)، «تركتُ المناهي خوفًا من الله» (چەكلەنگەن ئىشلارنى ئاللادىن قورقۇپ تاشلىدىم).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## بىللە كېلىش تولدۇرغۇچىسى

1. س: المفعول معه (بىللە كېلىش تولدۇرغۇچىسى) دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىش - ھەرىكەت يۈز بەرگەن كىشىنى بايان قىلىپ بەرگەن، بىللە كەلگەن ۋاۋدىن كېيىن كەلگەن ئىسىم، ئۇنىڭ ھۆكۈمى: نصب.

2. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: سرتُ والطريق (مەن يولدا ماڭدىم)، جاء المتعلم وغروب الشمس (ئوقۇغۇچى قۇياش پېتىش بىلەنلا كەلدى)، جئت الرباط واول الدرس (مەن راباتقا تۇنجى قېتىملىق دەرستە كەلدىم)، حفظت التقرير وطلوع الشمس (قارار نامىنى كۈن چىققاندا يادقا ئېلىپ بولدۇم) «جاء الأميرُ والجُنْدَ» (قوماندان ئەسكەرلەر بىلەن كەلدى).

## ھالەت

1. س: ھالەت دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئۇ ئىسىمنىڭ ھالىتىنىڭ ۋە كۆرۈنۈشىنىڭ سۈپىتى، مەيلى ئۇ ئىسىم فاعل (ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى) بولسۇن، مفعول (تولدۇرغۇچى) بولسۇن ياكى باشقىسى بولسۇن، ئۇنىڭ ھۆكۈمى نصب، ئۇنىڭ ئالامىتى كيف (قانداق)قا جاۋاب بولۇپ كېلىش، ئەگەر «كيف جاء عبدالله» (ئابدۇللا قانداق كەلدى؟) دېيىلسە، «مستبشرًا» (كۈلۈمسىرىگەن ھالدا) دېيىلىدۇ.

«كۈلۈمسىرىگەن ھالدا» دېگىنىمىز، ئابدۇللانىڭ ھالىتى ئۇچۇن بولغان بىر سۈپەت، ئۇ نصب ئوقۇلغان.

2. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: ولا تمش فى الأرض مرحًا (زېمىندا مەغرۇر هالەتتە ماڭما)، إنّا أرسلناك شاهدًا ومبشرًا ونذيرًا (شۈبھىسىزكى بىز ساڭا گۇۋاھچىنى ۋە خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىنى ئەۋەتتۇق)، واتيناه الحكم صبيا (ئۇنىڭغا كىچىك ۋاقتىدا بىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلدۇق)، اتبع ملة ابراهيم حنيفا (ئىبراھىم مىللىتىگە بويسۇنغان ھالدا ئەگەشكىن)، أقبلَ المتعلمون متأدبين (ئوقۇغۇچىلار ئەدەبلىك ھالدا كەلدى)، «جلس التلميذ متفهّما» (ئوقۇغۇچى چۈشەنگەن ھالدا ئولتۇردى).

## پەرقلەندۈرگۈچى

1. س: التمييز (پەرقلەندۈرگۈچى) دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: التمييز دېگىنىمىز، شەيئىنىڭ ئۆزىنىڭ قايسى جىنستىن ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇ شەيئىگە چېتىلىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان ئىسىم. ئۇ كۆپىنچە كيل (مىقدار)، وزن (ئېغىرلىق)، ذرع (ئۇزۇنلۇق) ... قاتارلىقلارنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ، ئەگەر سىز «إشتريت رطلاً» (بىر كىلو سېتىۋالدىم) دېسىڭىز، ئۇ كىلونىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ئايرىلمايدۇ، ئەگەر سىز «سَمَنًا» (ماينى) ياكى «فضّةً» (كۈمۈشنى) دېسىڭىز ئايرىلىدۇ.

ئەگەر سىز «طاب زيدٌ» زيد ياخشىلاندى دېسىڭىز، زيدتىن قانداق نەرسە ياخشىلانغانلىقى ئايرىلدى، ئەگەر سىز «طاب زيدٌ نفسًا أوخُلقا أو معيشةً أو رائحة أو عرقا» (زيد كۆڭۈل جەھەتتە ياكى ئەخلاق جەھەتتە ياكى تۇرمۇش جەھەتتە ياكى پۇراق جەھەتتە ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ياكى تەر جەھەتتە ياخشىلاندى) دېسىڭىز، سىز ئۇنىڭغا نىسبەتەن بەرگەن نەرسە ئايرىلدى.

تمييز ھالەتكە ئوخشاش ئېنىقسىز بولىدۇ، ئۇنىڭ ھۆكۈمى نصب.

2. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: وواعدنا موسى ثلاثين ليلةً (بىز مۇسا بىلەن 30 كېچىنى ۋەدىلەشتۇق)، حفظتُ عشرين مسئلةً (يىگىرمە مەسىلىنى يادلىۋالدىم)، الفطرة صاع طعامًا (سەدىقە فىترە بىر سائ يېمەكلىك)، هذا خاتَمٌ فضّةً (بۇ بىر كۈمۈش ئۈزۈك)، أنا أكثر منك مالاً (مەن سەندىن مال جەھەتتە كۆپرەك)، كم مسئلةً حفظتَ (نەچچە مەسىلىنى يادلىدىڭ)، وكفى بالله شهيدًا (ئاللا يېتەرلىك گۇۋاھچىدۇر).

## ئايرىغۇچى

1. س: المستثنى (ئايرىغۇچى) ھەرپلەر نەچچە؟

ج: المستثنى ھەرپلەر سەككىز: «إلاّ»، ليس، «لايكون»، «خلا»، «عدا»، «حاشا»، «غير»، «سوى».

2. س: المستثنى (ئايرىلغۇچى) ۋە المستثنى منه (ئايرىۋېلىنغۇچى) دېگەن نېمە؟

ج: المستثنى دېگىنىمىز، المستثنى ھەرپلەردىن كېيىن كەلگەن سۆز، المستثنى منه بولسا ئۇنىڭدىن بۇرۇن كەلگىنى. مەسىلەن: قام القوم إلاّ زيدًا (زەيدتىن باشقا قەۋم تۇردى)، «زيدًا» المستثنى، «القومُ» المستثنى منه.

3. س: المستثنى نىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: ئەگەر «ليس»، «لايكون»، «ماخلا» ياكى «ماعدا» بىلەن

ئايرىلغان بولسا ئۇنىڭ ھۆكۈمى نصب. مەسىلەن: قام القوم ليس زيدًا (قەۋم تۇردى، زيد ئەمەس). قام القوم لايكون زيدًا، ماخلا زيدا. ماعدا زيدًا.

ئەگەر سۆز «إلاَّ» بىلەن ئايرىلغان بولسا، شۇ سۆز تامًّا موجبا (تولۇق، بولۇشلۇق) سۆز بولغان بولسا يەنىلا نصب ئوقۇلىدۇ، مەسىلەن: قام القوم إلاَّ زيدًا (زيدتىن باشقا قەۋم تۇردى)، فشربوا منه إلاَّقليلاً (ئازراقلىرىدىن باشقىلار ئۇنىڭدىن ئىچىشتى).

ئەگەر سۆز تولۇق بولۇپ، غير موجب (بولۇشسىز) بولسا المستثنى منه دىن بۇرۇن كېلىش شەرتى بىلەن نصب بولىدۇ، مەسىلەن: ماقام إلاَّ زيدًا القومُ (زيدتىن باشقا قەۋم تۇرمىدى)، مالي إلاَّ مذهب الحَقّ مذهبٌ (مېنىڭ ھەق يولدىن باشقا يولۇم يوق).

ياكى المستثنى (ئايرىلغۇچى) المستثنى منه نىڭ جىنسىدىن ئايرىۋېتىلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: ماقام القوم إلاَّ فرسًا (ئاتتىن باشقا قەۋم تۇرمىدى).

ئەگەر سۆز بولۇشسىز بولۇپ المستثنى بىلەن المستثنى منه بىر جىنىستىن سۆز بولسا ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى نەرسىگە بەدەل بولىدۇ، ئىئراب جەھەتتە ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، مەسىلەن: ما قام القوم إلاَّ زيدٌ (زيدتىن باشقا قەۋم تۇردى)، ما فعلوه إلاَّ قليل منهم (ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلىرىدىن باشقىسى ئۇنى قىلمىدى)، ئەگەر سۆز كەمتۈك بولسا ئامىللارغا ئاساسلىنىپ ھەرىكەت بېرىلىدۇ.

4. س: «التام» (تولۇق) «الموجب» (بولۇشلۇق)، «غيرالموجب» (بولۇشسىز)، «المنقطع» (ئايرىۋېتىلگەن)، «المتصل» (قوشۇلۇپ كەلگەن)، «الناقص» (كەمتۈك) دېگەنلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ج: «التام» دېگىنىمىز، المستثنى ۋە المستثنى منه تىلغا ئېلىنغان سۆز. «الموجب» دېگىنىمىز، ئۇنىڭغا ئىنكار ۋە شۈبهە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر كەلمىگەن سۆز. «غيرالموجب» دېگىنىمىز، بولۇشلۇقنىڭ ئەكسى، «المنقطع» دېگىنىمىز، المستثنى المستثنى منه دىن بىر جىنستا بولمىغان سۆزدۇر، «والمتصل» دېگىنىمىز ئۇنىڭ ئەكسىچە.

ناقص دېگىنىمىز، ئۇنىڭ بىلەن المستثنى منه تىلغا ئېلىنمىغان سۆز. مەسىلەن: ما قام إلاّ زيدٌ (زيدتىن باشقىسى تۇرمىدى).

5. س: «غير» «سوى» «خلا» «عدا» «حاشا»لار بىلەن المستثنى نىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: «غير»، «سوى» بىلەن المستثنى نىڭ ھۆكۈمى زېر، ئۇ ئىككىسىگە المستثنى نىڭ ھەرىكىتى بېرىلىدۇ، مەسىلەن: قام القوم غيرَ زيد، ما قام غيرَ زيدا القوم، ما قام القوم غيرَ فرس، ما قام القوم غيرَ زيدً، ما قام غيرُ زيدً، مارأيت غيرَ زيد (زيدتىن باشقىنى كۆرمىدىم)، ما مررت بغير زيد (زيدتىن باشقىنىً ئۆتكۈزمىدىم).

«سوى» يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

«خلا» «عدا» «حاشا» بىلەن بولغان المستثنى نىڭ ھۆكۈمى: نصب، جرّ. مەسىلەن: قام القوم خلا زيدًا وخلا زيد وعدا زيدًا وعدا زيد وحاشا زيدًا وحاشا زيد (زيدتىن باشقىسى تۇردى).

خلا، عدا، حاشا لار نُصب لىنىڭ ھالىتىدە پېئىلدۇر. حرف الجر ھالىتىدە ھەرپتۇر.

## چاقىرىلغۇچى

1. س: المنادى(چاقىرىلغۇچى) دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئۇ المنادى «يا»نىڭ كەينىدىن كەلگەن ئىسىم، ئۇنىڭ ھۆكۈمى مەيلى تەلەپپۇز جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئورۇن جەھەتتىن بولسۇن نصب.

2. س: قانداق ۋاقىتتا تەلەپپۇز جەھەتتە نصب بولىدۇ؟

ج: ئەگەر ئىزافەتلىك بىرىكمە بولسا مەسىلەن: يا رسول الله (ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى) يـا أكـرم الخلـق (ئى مەخلۇقاتنىڭ كاتتىسى). ئىزافەتلىك بىرىكمىگە ئوخشايدىغان بولسا مەسىلەن: يا لطيفًا بالعباد (ئى بەندىلەرگە كۆيۈمچان زات).

ياكى مەقسەت قىلىنمىغان ئېنىقسىز ئىسىم بولسا مەسىلەن: يا غافلاً والموت يطلـب (ئى ئۆلۈم چاقىرىۋاتسا غاپىل يۈرگەن كىشى).

3. س: قانداق ۋاقىتتا محلا(ئورۇن) جەھەتتە نصب بولىدۇ؟

ج: ئەگەر يەككە خاس ئىسىم بولسا ياكى مەقسەت قىلىنغان ئېنىقسىز ئىسىم بولسا، ئۇ رفع كە مبنى قىلىنىدۇ، ھالبۇكى ئۇ نصب نىڭ ئورنىدا. مەسىلەن: يا نوحُ قد جادلتنـا (ئى نوھ، بىز بىلەن بەك ئۇرۇشۇپ كەتتىڭ)، يا عليُّ يـا كـبيرُ (ئى ئۇلۇغ، ئى بۈيۈك زات)، يا أيها الإنْسَانُ (ئى ئىنسان)، يا أيها النفس المطمئنة (ئى ئارام ئالغۇچى جان)، يا رجل ياغلام (ئى ئادەم، ئى بالا).

# ظننت ۋە ئۇنىڭ تۈرىدىكىلەر

1. س: ظننت ۋە ئۇنىڭ تۈرىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ ھۆكۈمى: ئۇ ئەسلىسى مبتـداء، خەۋەر بولغان ئىككى مفعول نى نصب قىلىدۇ.

2. س: ئۇ نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ج: ئىككىسى قىسمىغا بۆلۈنىدۇ: قەلب پېئىللىرى، ئۆزگەرتىش پېئىللىرى.

3. س: قەلب پېئىللىرى دېگەن نېمە؟

ج: ئۇلار: «ظننت» (ئويلىدىم)، «وحسبت» (ھېساب قىلدىم)، «خلْتُ» (خىيال قىلدىم)، «ورأَيْتُ» (كۆردۈم، بىلدىم)، «علمتُ» (بىلدىم)، «زعمت» (دەپ قالدىم)، «جعلت» (قىلدىم)، «وجدت» (ھېس قىلدىم)، «ألفيت» (تاپتىم).

4. س: ئۆزگەرتىش پېئىللىرى دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ «صـيَّرَ» (ئۆزگەرتتى)، «جعـل» (قىلدى)، «رَدَّ» (قايتۇردى)، «إتَّخذ» (قىلدى)، «ترك» (تاشلىدى).

5. س: ئۇلارنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: ما أظنّ الساعة قائمةً (مەن قىيامەتنى قايىم بولىدۇ دەپ ئويلىمايمەن)، حسبته لجة (ئۇ ئۇنى دەريامىكىن دەپ سالدى)، خلت العالم بحرًا (مەن بۇ ئالەمنى دېڭىزمىكىن دەپ خىيال قىلدىم)، يرونه بعيدًا (ئۇلار ئۇنى يىراق دەپ قارىدى)، علمتموهن مؤمنات (ئۇلارنىڭ مۆمىن ئاياللار ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار)، زعمت التلميذ حافظا (مەن بۇ ئوقۇغۇچىنى يادقا ئالغۇچىمىكىن دەپ قالدىم)، الفوا أباءَ هُمْ ضالّين (ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىنى بىلدى)، صيَّرْتُ القجة قلامــا (مەن قومۇشنى قەلەمگە ئايلاندۇرىۋالدىم)، فجعلهم جُذاذاً (ئۇ ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى)، رددت القرطاس كرّاسًا (مەن قەغەزنى دەپتەرگە قايتۇردۇم)، إتخذتموهم سخريًا (سىلەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلدىڭلار)، تركه صلدا (ئۇنى يالىڭاچ قويۇپ قويدى).

6. س: «كان» ۋە ئۇنىڭ تورىدىكى كەلىمىلەرنىڭ خەۋىرى «انَّ» ۋە ئۇنىڭ تورىدىكى كەلىمىلەرنىڭ ئىسمى ۋە زەۋەر ئوقۇلغۇچىغا ئەگەشكۈچىنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: كان ۋە ئۇنىڭ تورىدىكى كەلىمىلەرنىڭ خەۋىرى، إنَّ ۋە ئۇنىڭ تورىدىكى كەلىمىلەرنىڭ ئىسمى ئىسىملارنىڭ رفع ئوقۇلۇشىنىڭ بابىدا ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما نصب ئوقۇلغۇچىغا ئەگەشكۈچى بولسا كېيىن كېلىدۇ.

### ئىسىملارنىڭ زىر ئوقۇلۇشى

1. س: ئىسىملارنىڭ مخفوض (زىر) ئوقۇلىدىغانلىرى نەچچە؟

ج: زىر ئوقۇلىدىغان ئىسىملار ئۈچ، ھەرپ بىلەن زىر ئوقۇلىدىغىنى، إضافة بىلەن زىر ئوقۇلىدىغىنى ۋە زىر ئوقۇلغۇچىغا بېقىنىپ زىر ئوقۇلىدىغىنى ئۇ تۆت نەرسىدۇر: «النعت» (سۈپەت)، «والعطف» (باغلاش)، «التوكيد» (تەكىت)، «والبدل» (بەدەل، ئۆتنە)

## ھەرپ بىلەن زىر قىلىنىدىغانلار

1. س: ھەرپ بىلەن زىر قىلىنىدىغانلار دېگەن نېمە؟

ج: زىر قىلغۇچى ھەرپلەرنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن زىر بولغان ھەرقانداق ئاشكارا ئىسىم ياكى ضميرلارنىڭ ھەممىسىنى زىر قىلىنغۇچى دەيمىز.

2. س: زىر قىلغۇچى ھەرپلەر قايسى؟

ج: ئۇلار: «منْ» «إلَى» «عن» «علـى» «فى» «رُبَّ» «البـاء» «الكاف» «اللام» «متى» «مُذْ» «منذ» ۋە قەسەم ھەرپلىرى: ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«الواو» «الباء» «التاء» قاتارلىقلار.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز يۇقىرىدىكى زىر قىلغۇچى ھەرپلەرنى شېئىر شەكلىدە يادقا ئېلىۋېلىڭ، بۇنداق قىلسىڭىز ئېسىڭىزدىن چىقمايدۇ.

«بَاءٌ تَاءٌ كَافٌ لاَمٌ وَاوٌ مُنْذُ مُذْ خَلاَ»

«رُبَّ حَاشَا فِي عَدَا مِنْ عَنْ عَلَى حَتَّى إِلَى»

3. س: زىر قىلىنغانلارنىڭ مىساللىرى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: أنزل من الماء ماءً (ئاللا ئاسماندىن سۇنى چۈشۈردى)، خَلَقَ منها زَوْجَها (ئاللا ئۇنىڭدىن (تۇپراقتىن) ئۇنىڭ ئايالىنى ياراتتى)، والأمر إليك (بۇ ئىش سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە)، رَضِيَ الله عنهم (ئاللا ئۇلاردىن رازى بولسۇن)، عليها وعلى الفلك تحملون (ئۇنىڭ ئۈستىگە (يەنى ھايۋانلارنىڭ) ۋە كېمە ئۈستىگە نەرسىلەرنى باسىسىلەر)، يدخلون في دين الله أفواجًاء» (ئۇلار ئاللانىڭ دىنىغا توپ – توپ بولۇپ كىرىدۇ)، رُبَّ إشارة ابلغ من عبارة (بەزى ئىشارەت سۆزدىن كۈچلۈك)، قليل طيّبٌ خيرٌ من كثير خبيثٌ (ئاز ياخشىلىق كۆپ يامانلىقتىن ياخشى)، آمنوا بالله (ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار)، آمنوا به (ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردى)، وحورٌ عينٌ كأمثال اللؤلؤ المكنون (سەدەپ ئىچىدىكى مەرۋايىتقا ئوخشاش ھۆرلەر بار)، سلام هي حتى مطلع الفجر (ئۇ كېچىسى تاڭ ئاتقىچە خاتىرجەملىك بار)، حفظتُ الإعرابَ مذ يوم أو منذ يومين (مەن بۇ ئىئرابنى بىر ئىككى كۈندىن بۇيان يادقا ئالدىم)، والله (ئاللا بىلەن قەسەم)، أقسموا بالله (ئۇلار ئاللا بىلەن قەسەم قىلدى)، تالله لقد آ ثَرَكَ الله علينا (ئاللا بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ئۇ سېنى بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئاللىدى).

4. س: يۇقىرىقىلاردىن باشقا مەخسۇس ضمير لارنىڭ

مىساللىرى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: ئون ئىككى مَرَّبِي (مەن بىلەن ئۆتتى)، مَرَّبِنَا (بىز بىلەن ئۆتتى)، مرَّبكَ، مَرَّبكِ، مَرَّبكما، مرّبكم، مــرّبكنَّ، مرّبه، مرّبها، مرّبهما، مرّبهم، مرّبهن.

## ئەلمۇزافۇ ئىلەيھى

1. س: إضافة بىلەن زىر قىلىنغانلار دېگەن نېمە؟

ج: بىر ئىسىمغا إضافة قىلىنغان ھەرقانداق ئىسىم إضــافة بىلەن زىر قىلىنغان دېيىلىدۇ، ئۇ ياكى «لام» مەنىسىدە كېلىدۇ، مەسىلەن: محفظـــةُ طالـــب العلــم (ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ سومكىسى)، قَلمُ المــتعلم (ئۆگەنگۈچىنىڭ قەلىمى) ياكى «مــنْ» (دىن، تىن) مەنىسىدە كېلىدۇ، مەسىلەن: ثِيابُ سُــنْدُوسٍ (نېپىز يىپەك كىيىم) لحم طيرٍ (قۇش گۆشى)، ئەسلى قۇشتىن بولغان گۆش.

2. س: ئۇنىڭ بىرىنچىسى نېمە دەپ ئاتىلىدۇ، ئىككىنچىسىچۇ؟

ج: بىرىنچىسى «مضـــاف» (ئىزافەت قىلغۇچى)، ئۇنىڭدىن تەنۋىن (جۈپ ھەرىكەت) تثنية ۋە جمـــع نىڭ نۇنى چوقۇم چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئاساسەن ھەرىكەت بېرىلىدۇ.

ئىككىنچىسى «مضاف إليه» (ئۇنىڭغا إضـــافة قىلىنغۇچى) دېيىلىدۇ، ئۇ پەقەت زىر بولىدۇ.

3. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: نَفَشَـــتْ فيـــه غـــنمُ القـــوم (ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ قويى ئوتلىدى)، يحكم به ذَوَا عـــدلٍ مـــنكمْ (ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى ھۆكۈم چىقىرىدۇ)، إنا رســـولا ربِّكَ (بىز سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسى)، أقم الصلات طرفي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



النهارِ (كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى نامازنى ئوقۇغىن)، واتلُ عليهِمْ نبأ ابني آدمَ (ئۇلارغا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئوقۇپ بەر)، إنّا لموفوهم (بىز ئۇلارنىڭ ئەجرىنى تولۇق بەرگۈچى).

4. س: رفع، نصب، جرّ ئوقۇلغۇچىلارغا ئەگەشكۈچى دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ تۆت نەرسە: النعت (سۈپەت)، العطف (باغلىغۇچى)، التوكيد (تەكىت)، البدل (بەدەل)، يۇقىرىدا ئۆتكەندەك.

## سۈپەت

1. س النعت(سۈپەت) دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: النعت دېگىنىمىز، ئۇ ئىلگىرىكى ئىسىمنىڭ سۈپىتى. ئۇ ئۇنى چۈشەندۈرىدۇ ياكى ماختاش، سۆكۈشكە خاس قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن باشقا .....

ئۇنىڭ ھۆكۈمى: سۈپەتلەنگۈچىگە رفع، نصب، جرّ ، معرفة، نكرة، مذكر، مؤنث، مفرد، جمع لارنىڭ ھەممىسىدە ئەگىشىدۇ.

2. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: وانه لكتابٌ عزيزٌ (ئۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك كىتاب)، إهدنا الصراط المستقيم (بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن)، فيهما عينان نضختان (ئۇنىڭدا ئوخچۇپ چىقىپ تۇرىدىغان ئىككى بۇلاق بار)، بل عباد مكرمونَ (بەلكى ئۇلار ھۆرمەتلىك بەندىلەردۇر).

## ئەتفە ھەرپلىرى

1. س: حروف العطف (جۈملە ئارىسىنى باغلاش ھەرپلىرى) نەچچە؟

ج: حروف العطف توققۇز، ئۇلار: «الواو»، «الفاء»، «ثُمَّ»، «حتى»، «أمْ»، «أو»، «بل»، «لا»، «لكن».

2. س: معطوف(باغلانغۇچى)نىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: معطوف (باغلانغۇچى)نىڭ ھۆكۈمى: ئەگەر ئىلگىرىكى ئالتە ھەرپ بىلەن باغلانغان بولسا مەنا جەھەتتە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئورتاق بولىدۇ، ئەگەردە كېيىنكى ئۈچ ھەرپ بىلەن باغلانغان بولسا مەنىسى بىردەك بولماستىن ھەرىكەت جەھەتتىلا ئەگىشىدۇ، مەيلى ئۇ ئىسىم بولسۇن ياكى پېئىل بولسۇن.

ئەگەر سىز ئۇنى رفع ئوقۇلغان نەرسىگە باغلىغان بولسىڭىز رفع ئوقۇيسىز. ئەگەر نصب گە باغلىغان بولسىڭىز نصب ئوقۇيسىز. ئەگەر جرّ گە باغلىغان بولسىڭىز جرّ ئوقۇيسىز. ئەگەر جزم غا باغلىغان بولسىڭىز ساكىن ئوقۇيسىز.

3. س: بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىلىرى نېمە؟

ج: «واو»نىڭ مەنىسى كۆپلۈك.

«فاء»نىڭ مەنىسى ئايدىڭلاشتۇرۇش، تەرتىپكە سېلىش، «ثُمَّ» مەنىسى ئېنىقلاش، مۆھلەت بېرىش.

«حتى»نىڭ مەنىسى گىچە، غىچە ...

«أمْ» ئايدىڭلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش.

«أوْ»نىڭ مەنىسى: تەلەپتىن كېيىن بولۇشلۇق قىلىش، خەۋەردىن كېيىن شەك ئېنىقسىز، تەپسىلاتلار .....

4. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: صدق الله ورسوله ( ئاللا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرى راست سۆزلىدى)، اطيعو الله ورسوله (ئاللا ۋە ئاللانىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىڭلار)، إنْ تومنوا وتتقوا يؤتكم أجوركُمْ (ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىمان كەلتۈرسەڭلار تەقۋادارلىق قىلساڭلار ئەجرىڭلار بېرىلىدۇ)، **لِنُحْيِيَ بِهِ بَلْدَةً مَيْتًا وَنُسْقِيَهُ** (بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈش ۋە ئۇنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن ...)، **أقبل السحابُ فالمَطَرُ** (بۇلۇت كەلدى يامغۇرمۇ ياغدى)، **قرأتُ الفقهَ فالنحوَ** (فىقھىنى ئوقۇدۇم گرامماتىكىنىمۇ ...)، **والصافات صفًا فالزاجرات زجرًا** (سەپ ــ سەپ بولۇپ تۇرغان، قارشى ئات سېلىپ تۇرغان قوشۇن بىلەن قەسەم)، **برَّ أمَّكَ ثُمَّ أباك ثُمَّ أدْناكَ فأدناك** (ئاناڭغا ياخشىلىق قىلغىن ئاندىن كېيىن ئاتاڭغا، ئاندىن كېيىن يېقىنلىرىڭغا ... يېقىنلىرىڭغا)، **يستغفرُ للعالم كلُّ شيئٍ حتى حيتانُ البحرِ** (ئالىمغا بارلىق نەرسىلەر مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ھەتتاكى دېڭىز ھايۋانلىرىغىچە)، **كلُّ شيئٍ بقضاء وقَدَرٍ حتى العجزُ والكيسُ** (ھەممە نەرسە تەقدىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ھەتتاكى ئاجىزلىق ۋە ھوشيارلىقمۇ)، **أأنتم أشدُّ خلقا أم السماء** (يارىتىشقا سىلەر قادىرمۇ ياكى ئاسماننى ياراتقان ئىگىسىمۇ؟)، **ولا تُطِعْ منهم آثمًا أوكفورًا** (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى گۇناھكارلارغا ۋە دىنسىزلارغا ئەگەشمىگىن)، **أمواتٌ بل أحياءٌ** (ئۆلۈكلەر بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر ...)، **الصدق ينفعك لا الكذبُ** (راستچىللىق ساڭا پايدا يەتكۈزىدۇ، يالغانچىلىق ئەمەس)، **ليس الكل حمودا لكن الإجتهادُ** (ھورۇنلۇق ماختالمايدۇ لېكىن تىرىشىش ماختىلىدۇ).

## تەكىت

1. س **تۆكىد** تەكىت ھەرپلىرى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئۇلار: **عين** (كۆزى)، **نفسٌ** (ئۆزى)، **كلٌّ** (ھەممىسى)، **جمع** ھەممىسى، **أجمع** (كۆپرەكى)، **أجمعون** (كۆپلىرى)، «**عامَّة**»

(ئاممىسى)، «كلا» (ئىككىسى)، «كلتا» (ئىككى (م)).

ئۇ تەكىتلەنگەن ضمير بىلەن ئۇلىنىپ كېلىشى لازىم. ئۇنىڭ ھۆكۈمى ھەرىكەت جەھەتتە تەكىتلەنگۈچىگە ئەگىشىدۇ.

2. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: أقبل الخليفةُ عينه أوْنفسهُ (خەلىپە كەلدى، ئۇنىڭ ئۆزى كەلدى ...)، رأيتُ الخليفةَ عينَهُ أوْ نفسَهُ (مەن خەلىپىنى كۆردۇم، ئۇنىڭ ئۆزىنى)، فسَجَدَ الملائكةُ كلّهمْ أجمعون (پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى سەجدە قىلدى)، وإنّ جهنمَ لموعدهم أجمعين (شەكسىزكى جەھەننەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنى)، جاء الرِجلان كلاهما (ئىككى ئەر كەلدى، ئىككىلىسى كەلدى)، أكرمتهما كليهما (مەن ئىككىلىسىنى ھۆرمەتلىدىم)، دافعْتُ عنهما كليما (ئۇ ئىككىلىسىنى قوغدىدىم) ۋاھاكازالار ...

## بەدەل

1. س: بەدەل دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئۇ ئۆزگە ئوخشاش نەرسىدىن بەدەل قىلىنغان ئىسىم ياكى پېئىلدۇر، ئۇنىڭ ھۆكۈمى: ھەرىكەت جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئالدىدىكىسىگە ئەگىشىدۇ.

2. س: بەدەلنىڭ قىسىملىرى نەچچە؟ ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: بەدەلنىڭ قىسىملىرى تۆت: كۆپلۈكتىن كۆپىنى بەدەل ئېلىش مەسىلەن: اهدنا الصراط المستقيم صراطَ الذينَ (بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن ... شۇنداق كىشىلەرنىڭ يولىغا)، قد أنزل الله لكم ذكراً رسولاً (شەكسىزكى ئاللا سىلەرگە زىكرنى يەنى ئەلچىنى چۈشۈردى).

كۆپلۈكتىن بەزىسىنى بەدەل ئېلىش، ئۇنىڭ مىسالى: ولولا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دفعُ الله الناسَ بعضَهم ببعض (ئەگەر ئاللا ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ــ بەزىسى بىلەن توسۇپ قويمىغان بولسا)،

ئۆز ئىچىگە ئېلىش بەدىلى، ئۇنىڭ مىسالى: يسئلونك عن الشهرالحرام قتال فيه (ئۇلار سەندىن هارام قىلىنغان ئايدىكى قتال توغرىسىدا سورايدۇ)،

تورلەندۇرۇش بەدىلى. ئۇنىڭ مىسالى: إنَّ الرجُلَ لَيصلي الصلاةَ ما يُكتَبُ له نصفَها ثُلُثَهارُبُعَها (هېلىقى ئادەم ئۆزنگە پەرز قىلىنغان نامازنى، يېرىمىنى، ئۈچتىن بىرىنى، تۆتتىن بىرىنى ئوقۇدى)،

پېئىلنىڭ مىسالى: ومنْ يفعلْ ذالك يَلْقَ أثامًا يظاعَفْ له العذابُ (كىمكى ئاشۇنى قىلىدىكەن گۇناھكار بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئازاب زىيادە قىلىنىدۇ).

# بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ھۆكۈملىرى

1. س: معرفة (تونۇش ئىسىم) دېگەن نېمە؟ نكرة (ناتونۇش ئىسىم) دېگەن نېمە؟

ج: نكرة ئىسىم دېگىنىمىز، ئۆز جىنسىلا بىلىنىدىغان ھەرقانداق ئىسىم، ئۇنىڭ ئالامىتى «رُبَّ» ياكى «كم» نى قوبۇل قىلىشتۇر.

معرفة ئىسىم دېگىنىمىز ئالتە: مضمر، العلم (خاس ئىسىم)، إسم الإشارة (كۆرسىتىش ئالماشلىرى)، إسم الموصول (نىسپىي ئالماش)، المعرف بأل «أل» بىلەن ئېنىقلانغان ئىسىم) ۋە يۇقىرىقىلاردىن بىرسىگە مضاف بولغان ئىسىم.

2. س: مضمر دېگەن نېمە؟

ج: مضمر دېگەن سۆزلىگۈچى ياكى ئاڭلىغۇچى ياكى ئۈچىنچى بىر جىنسنى كۆرسەتكەن نەرسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق.

3. س: العلم دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ مۇئەييەن بىر نەرسىنى كۆرسەتكەن ئىسىم، مەسىلەن: محمد، أحمد.

4. س: إسم الإشارة دېگەن نېمە؟

ج: إسم الإشارة دېگەن: «ذا، ذه، وتَا، وتـي» (بۇ، ۋە)، «ذَانِ تَانِ» (بۇ ئىككىسى)، بۇلار رفع لىك ھالەتتە كېلىدۇ، «ذَيْنِ وتَيْنِ» بۇ ئىككىسىنى، بۇلارنىڭ بېشىغا ئاگاھلاندۇرۇش «ھ»ى كېلىدۇ، ئاخىرىغا بولسا يىراقلاشتۇرۇش «ك» كېلىدۇ. مەسىلەن: «وأُوْلاَءِ» هؤلاء, هذا، هذه، ذانك.

5. س: الإسم الموصول دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ بىر الصلة(سىيلىگە) ۋە قايتقۇچىغا موھتاج بولغان نەرسە. مەسىلەن: الذى والتى واللـذان واللتـان (ھېلىقى كىشى، ھېلىقى ئىككىسى)، بۇلار رفع لىك ھالەتتە كېلىدۇ.

«اللذَيْنِ واللتَيْنِ (ئۇ ئىككىسىنى)، بۇلار نصب، جـرّ ھالەتتە كېلىدۇ.

«اللذينَ، اللائـي»، «مَـنْ» (كىم)، «مَـا» (نېمە)، «وأيٌّ» (قايسى)، ۋە «ما» دىن كېيىنكى «ذا» يەنى «مَاذَا» نېمە دېگەنلەر سوئال ئالماشلىرىدىن.

6. س: الصلة سىيلە دېگەن نېمە؟ قايتقۇچى دېگەنچۇ؟

ج: الصلة سىيلە دېگەن خەۋەر خاراكتېرلىك جۈملە بولۇپ ئۇنىڭدا موصـول قا قايتىدىغان بىر ضـمير بولىدۇ، ئۇ عائـد (قايتقۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ، مەسىلەن: جاء الذى قام أبوه (دادىسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆزە تورغان ھېلىقى كىشى كەلدى).

7. س: «ألْ» بىلەن ئېنىقلانغان ئىسىم دېگەن نېمە؟

ج: «ألْ» كىرگەن ھەرقانداق ئىسىم «ألْ» بىلەن ئېنىقلانغان ئىسىم دېيىلىدۇ، مەسىلەن: الرجل (ھېلىقى ئادەم)، الكتاب (ھېلىقى كىتاب)، التلميذ (ھېلىقى شاگىرت).

8. س: يۇقىرىقىلاردىن بىرەرسىگە مضاف بولغۇچىنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: كتابك (سېنىڭ كىتابىڭ)، قلم مُحمد (مۇھەممەدنىڭ قەلىمى)، دفتر هذا (بۇنىڭ دەپتىرى)، رِدَاءُ الذى خرج (چىققان كىشىنىڭ كۆينىكى)، جُبَّةُ الرجلِ (ئادەمنىڭ جۇۋۇنىسى).

9. س: المبنى من الأسماء(ئىسىملاردىن مەبنى قۇرۇلمىلىقلىرى) قايسى؟

ج: ئىسىملاردىن مەبنى قۇرۇلمىلىقلىرى: ئالماشلار، شەرت ئىسىملىرى، سوئال ئالماشلىرى، كۆرسىتىش ئالماشلىرى، ئىسىم پېئىللار، نىسپىي ئالماشلار، سانلاردىن مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىقلىرى ۋە ئەگەر يەككە بولسا جىنسىنى بولۇشسىز قىلغۇچى لامنىڭ ئىسمى ۋە ئەگەر يەككە خاس ئىسىم ياكى مەقسەتلىك ئېنىقسىز ئىسىم ياكى ئۇنىڭدىن باشقا چاقىرىلغۇچى بولسا.

10. س: ئالماشلار، كۆرسىتىش ئالماشلىرى، نىسپىي ئالماشلار، لا نىڭ ئىسمى ۋە چاقىرىلغۇچىلارنى بىز ئىلگىرى سۆزلەپ بولدۇق، ئەمدى قالغانلىرىنى بىزگە سۆزلەپ بېرىڭ؟

ج: شەرت ئالماشلىرى، ئۇ: مَهْمَا، حَيْثُمَا، مَنْ، ما، متى، أيَّانَ، أين (قەيەردە)، إلى (قەيەر)، أيٌّ (قايسى)، بۇ ئاخىرقى يەتتىسى ھەم

سوئال ئالماشلىرى، «كَمْ» (نەچچە)، «كَيفَ» (قانداق)، «مـاذا» (نىمە). ئىسىم پېئىللار: «صـه» (جىمتوڭ)، «مَـهْ» (توختا)، «هَيْهَاتَ» (مۇمكىن ئەمەس)، «شَتَّانَ» (ئايرىلدى)، «أُفّ» (ھىۋ)، «هَيتَ» (بېرى كەل) ۋاھاكازالار .....

ئۇنىڭ مىسالى: هيهــات هيهــات لمــا توعــدون(سىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش تولىمۇ يىراقتۇر)، قالَــت هيــت لَــكَ (ئۇ زۇلەيخا: بېرى كەل، دېدى) ۋاھاكازالار .....

سانلاردىن مۇرەككەپلىرى: أحَدَ عَشَرَ (ئون بىر)، «ثلاثةُ عشر» (ئون ئۈچ)، إلَى تسعة عشر (ئون توققۇزغىچە. ئۇ زەۋەرگە مەبنى قىلىنغان، ئۇنىڭ مىسالى: «عليها تسعة عَشَرَ» (ئۇنىڭ ئۈستىدە ئون توققۇز پەرىشتە بار). إنّى رأيتُ أحدَ عَشَرَ كوكبًا (مەن ئون بىر يۇلتۇزنى كۆردۈم).

# پېئىللار

1. س: پېئىللارنىڭ قىسىملىرى نەچچە؟

ج: پېئىلنىڭ قىسمى ئۈچ: ئۆتكەن زامان، كېلىدىغان زامان، بۇيرۇق.

2. س: ئۆتكەن زامان دېگەن نىمە؟ ئۇنىڭ ئالامىتىچۇ؟

ج: ئۆتكەن زاماندا يۈز بەرگەن بىر ئىش ـ ھەرىكەتنى كۆرسىتىدىغان نەرسە ئۆتكەن زامان پېئىلىدۇر، ئۇنىڭ بەلگىسى: بىرىنچى شەخس ياكى ئىككىنچى شەخس «تاء»سىنى قوبۇل قىلىش، مەسىلەن: «كتبتُ» (يازدىم)، «كتبتَ» (يازدىڭ) ۋە ساكىنلىق ئاياللىق جىنس تۇرىنىڭ «تاء» سىنى قوبۇل قىلىش. مەسىلەن: كَتَبَتْ (ئۇ يازدى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



3. س: كېلىدىغان زامان پېئىلى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ بەلگىسىچۇ؟

ج: ئۇ ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى كۆرسەتكەن نەرسە، ئۇنىڭ بەلگىسى «لم» «السين» «سوف» لەرنى قوبۇل قىلىش، مەسىلەن: لم يكتبْ (يازمىدى)، سَيَكْتُبُ (پات ئارىدا يازىدۇ)، سوف يكتبُ (يازىدۇ).

4. س: بۇيرۇق پېئىلى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ بەلگىسىچۇ؟

ج: ئۇ تەلەپ قىلىشنى كۆرسىتىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ بەلگىسى ئىككىنچى شەخس ئاياللىق جىنس تۈرىنىڭ «يائ»سىنى قوبۇل قىلىش، مەسىلەن: فكلي واشر بي وقرّي عينًا (بۇ شېرىن خورمىدىن) يېگىن، (بۇ تاتلىق سۇدىن) ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن.

5. س: پېئىللاردىن ئەسلى قۇرۇلمىلىق بولغانلىرى قايسى؟

ج: پېئىللاردىن ئەسلى قۇرۇلمىلىقلىرى: ئۆتكەن زامان پېئىلى، بۇيرۇق پېئىلى ۋە ئاياللىق جىنس تۈرىنىڭ نۇنى ياكى تەكىتنىڭ نۇنى ئۇلىنىپ كەلگەن كېلىدىغان زامان پېئىلى.

6. س: ئۆتكەن زامان پېئىلى نېمىگە ئەسلى قۇرۇلمىلىق؟

ج: ئۆتكەن زامان پېئىلى پەقەت زەۋەرگە ئەسلى قۇرۇلمىلىق، ئۇنىڭ مىسالى: قَرَأَ (ئوقۇدى)، أَكْرَمَ (ھۆرمەتلىدى).

ئەگەر ئۇنىڭغا رفع لىك ئالماش ئۇلىنىپ كەلسە ئۇنىڭ ئاخىرى تەقدىر قىلىنغان زەۋەرگە ئەسلى قۇرۇلمىلىق بولىدۇ، بىر سۆزگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسە، تۆت ھەرىكەتنىڭ بىرلا ۋاقىتتا كېلىشى توغرا بولمىغانلىقتىن ئوتتۇرىغا كەلگەن سۈكۈت بىلەن ھېلىقى ئورۇن ئىگىلەشكە ئۇنىڭ ئاشكارا بولۇشى

چەكلەنگەن، ئۇنىڭ مىسالى: قَـــرَأتُ (ئوقـۇدۇم)، أكْرَمْـــتُ (ھۆرمەتلىـدىم) ياكى ئۇنىڭغا كۆپلۈكنىڭ «واو»سى ئۇلىنىپ كەلسە ئۇنىڭ ئاخىرى تەقـدىر قىلىنغـان زەۋەرگـە ئەسلى قۇرۇلمىلىق بولىدۇ، چۈنكى مۇناسىپ بولۇش ئۈچۈن كەلگەن پەش بىلەن ھېلىقى ئورۇن ئىگىلەنگەچكە ئۇنىڭ ئاشكارا بولۇشى چەكلىنىدۇ، چۈنكى «واو» ئالدىدىكى ھەرپنىڭ پەش بولۇشىنى خالايدۇ، ئۇنىڭ مىسالى: «قَرَؤُا» (ئۇلار ئوقۇدى)، «أكْرَمُـوا» (ئۇلار ھۆرمەتلىدى).

7. س: بۇيرۇق پېئىل نېمىگە ئەسلى قۇرۇلمىلىق بولىدۇ؟

ج: بۇيرۇق پېئىل ئۆزىنىڭ كېلىدىغان زامان پېئىلى ساكىن بولغانغا ئاساسەن ئەسلى قۇرۇلمىلىق بولىدۇ، ئەگەر ئاخىرى ساغلام ھەرپ بولسا ساكىنغا ئەسلى قۇرۇلمىلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ مىسالى: أكْتُبْ (يازغىن)، إحفَظْ (يادقا ئال).

ئەگەر ئاخىرى كېسەل ھەرپ بولسا، كېسەل ھەرپنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا ئەسلى قۇرۇلمىلىق بولىدۇ، اخْـش (قورققىن)، ادْعُ (چاقىرغىن)، ارْمِ (ئاتقىن).

ئەگەر ئۇنىڭ ئاخىرى ئىككىلىك ئالماش، كۆپلۈك ئالماش ياكى ئىككىنچى شەخس ئاياللىق جىنس تۈر ئالمىشى بولسا، نۇننىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا ئەسلى قۇرۇلمىلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ مىسالى: «فْعَلاَ (ئۇ ئىككىسى قىلسۇن)، افْعَلُوا (ئۇلار قىلسۇن)، افعلـي (سىز قىلىڭ).

8. س: كېلىدىغان زامان پېئىلى ئەگەر ئاياللىق جىنس تۈرىنىڭ نۇنى ياكى تەكىتنىڭ نۇنى ئۇلىنىپ كەلسە نېمىگە ئەسلى قۇرۇلمىلىق بولىدۇ؟

ج: ئەگەر ئۇنىڭغا ئاياللىق جىنس تۈرىنىڭ نۇنى ئۇلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كەلسە ساكىنغا ئەسلى قۇرۇلمىلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ مىسالى: والوالدات يُرْضِعْنَ (ئانىلار ئېمىتىدۇ)، والمطلقات يتربَّصْنَ (تالاق قىلىنغانلار كۈتۈپ تۇرىدۇ)، ئەگەر تەكىتنىڭ نۇنى يېنىك ياكى ئېغىر هالدا ئەگىشىپ كەلسە زەۋەرگە ئەسلى قۇرۇلمىلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ مىسالى: لَيُسْجَنَنَّ (ئەلۋەتتە تۈرمىگە تاشلىنىدۇ)، لينبذَنَّ في الحطمة (ئەلۋەتتە دوزاخقا تاشلىنىدۇ)، لنسْفعًا بالناصيةَ (كۆكۈلىسىدىن تۇتىمىز).

# پېئىللاردىن إعراب بېرىلگەن كېلىدىغان زامان پېئىلى

1. س: پېئىللارنىڭ ئىچىدىكى ئېنىق پېئىل قايسى؟

ج: پېئىللارنىڭ ئىچىدىكى ئېنىق پېئىل كېلىدىغان زامان پېئىلى، ئەگەر ئۇ ئايالliq جىنس تۈرىنىڭ ۋە تەكىتنىڭ نۇنىدىن خالىي بولغان بولسا.

2. س: ئەگەر ئۇنىڭغا ئىئراب بېرىلسە ئۇنىڭ هۆكۈمى نېمە؟

2. ج: ئەگەر زەۋەر، ساكىندىن خالىي بولسا ئۇنىڭ هۆكۈمى رفع، ئۇنىڭ مىسالى: يَحْفَظُ (يادقا ئالىدۇ)، تدرسونَ (ئۆگىنىدۇ)، يَسْعي (ماڭىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا نصب ياكى ساكىن كىرسە ئۇنىڭ هۆكۈمى نصب، ساكىن.

# نصب قىلغۇچى ئامىللار

1. س: نواصب (زەۋەر قىلغۇچىلار) دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قىسىملىرىچۇ؟

ج: بىرىنچى قىسىم: ئۆزلۈكىدىن زەۋەر قىلىش، ئۇلار تۆت: «أَنْ». مىسالى: يريد اللهُ أنْ يُخَفِّفَ عنكم (ئاللاھ سىلەردىن يېنىكلىتىشنى خالايدۇ).

«وَلَنْ». مىسالى: لَنْ يَنَالَ اللهَ لُحُومُهَا ( ئاللاھقا ئۇنىڭ گۆشى ھەرگىزمۇ يەتمەيدۇ ).

«إِذَنْ». مىسالى: إِذَنْ أُكْرِمَكَ ( ئۇنداقتا سېنى ھۆرمەت قىلىمەن)، بۇ ئەتە سېنى زىيارەت قىلىمەن دېگەن كىشىگە جاۋابەن ئېيتىلىدۇ.

«كَيْ» بۇ مصدر خاراكتېرلىك «كى» بولۇپ، ئۇ زىر قىلغۇچى لامنى تەلەپپۇز جەھەتتىن بولسۇن ياكى تەقدىرەن بولسۇن ئۆزىنىڭ ئالدىدا قىلىدۇ، مىسالى: لكيلا يعلمَ (ئۇ بىلمىسۇن ئۈچۈن)، كيلا يَكونَ دولةً (قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن).

ئىككىنچى قىسىم: ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىش توغرا بولغان يوشۇرۇن «أَنْ» بىلەن زەۋەر قىلغۇچى. ئۇلار بەش: «لاَمُ كَيْ» (كەينىڭ لامى)، ئۇنىڭ مىسالى: لِتُبَيِّنَ للناس (ئىنسانلارغا بايان قىلىش ئۈچۈن).

«والواو، والفاء، وثُمَّ وأوْ» (ئەگەر كېلىدىغان زامان پېئىلى ئۇچۇق ئاشكارا ئىسىمغا باغلانغان بولسا). مەسىلەن: عدمُ اللعب وأحْفَظَ دروسي أحبُّ إليّ (ئويۇننى تاشلاپ دەرسلىرىنى يادقا ئېلىشىم مەن ئۈچۈن ياخشىدۇر)، حضورُ الدرس، فأفهمه ربع كبير (دەرسكە قاتنىشىش، ئۇنى چۈشىنىش چوڭ پايدا)، تَعَلُّم العلم ثُمَّ اعملَ به سعادة الدنيا والأخرة (ئىلىم ئۆگىنىش ئاندىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتى)، «أَوْيرسِلَ رسولا» ( ياكى ئەلچى ئەۋەتىلىدۇ).

ئۈچىنچى قىسىم: ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىش زۆرۈر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولىدىغان يوشۇرۇن «أنْ» بىلەن زەۋەر قىلغۇچىلار، ئۇلار ئالتە:
«كَيْ» ئۇنىڭ مىسالى: جئتُ كَيْ أتعلمَ ( ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلدىم)،
ئىنكارنىڭ «لام»ى، ئۇنىڭغا «ما» بىلەن نەفى بولغان ياكى
«لم» بىلەن نەفى بولغان نەرسە ئىلگىرى كېلىدۇ، ئۇنىڭ مىسالى:
ماكان الله لِيُعَذِّبَهُمْ (ئاللا ئۇلارنى ئازابلىمايدۇ)، لم يكن الله ليغفرَ لَهُمْ
(ئاللا ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ).

«حَتّى» «إلَى» مەنىسى بىلەن ياكى «اللام» مەنىسىدە
كېلىدۇ، ئۇنىڭ مىسالى: حتى يقولَ الرسولُ (ئەلچى دېگىچە ...)، ثابر
على الدرس حتى تدركَ العلم (ئىلىمنى ئۆگىنىش ئۈچۈن دەرسكە چىدا).

«أوْ» «الى» مەنىسىدە ياكى «إلاّ» مەنىسىدە كېلىدۇ،
مەسىلەن: لأستسهلنَّ الصعبَ أو أدركَ المُنى (ئارزۇيۇمغا يەتكۈچە
قىيىنچىلىقلارنى يېڭىمەن)، سأُترك الجاهلَ أو يتعلّمَ (ئەگەر
ئۆگەنمىسە جاھىلنى تاشلايمەن).

«فاءٌ» سەۋەب ئۈچۈن ياكى بىللە كېلىش «واوى» بىلەن كېلىدۇ،
ئەگەر ئۇنىڭ ئالدىغا نەفى ياكى ئىلتىماس ياكى ئۇ ئىككىسىگە
ئوخشاشلىرى كەلسە، ئۇنىڭ مىسالى: لا يقضي عليهم فيموتوا
(ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ قالماسلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ھۆكۈم
چىقىرىلمايدۇ، ويعلمَ الصابرين (ئۇ (ئاللا) سەۋر قىلغۇچىلارنى
بىلگۈچى).

# ساكىن قىلغۇچى ئامىللار

1. س: ساكىن قىلغۇچىلار دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ
قىسىملىرىچۇ؟

ج: ساكىن قىلغۇچىلار ئون يەتتە، ئۇ ئىككى قىسىم.

2. س: بىرىنچى قىسىم دېگەن نېمە؟

ج: بىرىنچىسى قىسىم پەقەت بىرلا پېئىلنى ساكىن قىلىدىغان نەرسە، ئۇلار بەش:

«لم». ئۇنىڭ مىسالى: لم يلد ولم يولَدْ (ئۇ ئاللا تۇغمىغان ۋە تۇغۇلمىغان).

«لَمَّا». مىسالى: لَمَّا يذوقوا عذاب (ئۇلار تېخى مېنىڭ ئازابىمنى تېتىغىنى يوق).

بۇيرۇق ۋە ئىلتىجانىڭ «لا»سى، ئۇنىڭ مىسالى: لِيُنْفِقْ ذو سَعَة (كەڭچىلىك ئىگىسى (بايلار) چىقىم قىلسۇن)، ليقضِ علَينا ربُّكَ (بىزگە سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھۆكۈم چىقارسۇن).

چەكلەش ۋە ئىلتىجانىڭ «لا»سى، ئۇنىڭ مىسالى: لا تشْرِكْ بالله (خۇداغا شېرىك كەلتۈرمە)، لا تواخذنا (بىزنى تۇتمىغىن).

ئىلتىماس ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ جاۋابىدا كېلىش، مىسالى: تعالَوا أتْلُ (كېلىڭلار ئوقۇپ بېرەي).

ئىككىنچى قىسىم: ئىككى پېئىلنى ساكىن قىلىدىغان نەرسە، بىرىنچىسى شەرت پېئىل، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ جاۋابى ۋە جازاسى، ئۇ ئون بىر، ئۇلار: «إنْ» «إذْمَا» «مَهْمَا» «حيثُمَا» «منْ» «ما» «متى» «أيَّان» «أين» «أنَّى» «أيُّ» ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىملاردۇر، پەقەت «إنْ» ۋە «إذمَا» دىن باشقا، ئۇ ئىككىسى ھەرپتۇر.

3. س: ئۇلارنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇلارنىڭ مىسالى: إنْ نَشَأْ نُنَزِّل (ئەگەر خالىساق چۈشۈرىمىز)، إذمَا تتعَلّمْ تربح (ئەگەر ئۆگەنسەڭ پايدا ئالىسەن)، مَهْمَا تعمل تُوجَر (نېمىلا ئىش قىلساڭ ئەجىر بېرىلسەن)، حيثماتكن يأتكَ رزقكَ (قەيەردىلا بولساڭ ساڭا رىزقىڭ يېتىدۇ)، مَنْ يتقِ الله يجعلْ له مخرجًا (كىمكى خۇدادىن قورقسا خۇدا ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ)، مَتَى تُخَلِّصْ عَمَلَكَ يَقْبَلْهُ اللهُ (ئەمەلىڭنى قاچان خالىس قىلساڭ خۇدا ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ)، أَيَّانَ يَجْلِسِ التلاميذة أَجْلِسْ (قىز ئوقۇغۇچىلار قەيەردە ئولتۇرسا ئولتۇرىمەن)، أينما يوَجِّهْهُ لاَ يَأْتِ بِخَيرٍ (ئۇنى قەيەرگىلا يۈزلەندۈرمەڭ ياخشىلىق ئەكەلمەيدۇ)، أنّى تَدعُ يُسْتَجبْ لَكَ (قاچان دۇئا قىلساڭ ساڭا ئىجابەت قىلىنىدۇ)، أيّامًا تدعوا فله الأسماء الحسنى (قايسىنى چاقىرماڭلار ئۇ خۇدانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار).

# پېئىلنىڭ ئەمىلىنى قىلىدىغان ئىسىملار

1. س: پېئىلنىڭ ئەمىلىنى قىلىدىغان ئىسىملار قايسىلار؟

ج: ئۇلار ئۇن: «المصدر» (سۆز تومۇرى) ، «إسم المصدر» (ئىسىم مەسدەر)، «إسم الفاعل» (ئىش قىلغۇچىنىڭ ئىسمى)، «إسم المفعول» (ئىش قىلىنغۇچىنىڭ ئىسمى)، «إسم المبالغة» (مۇبالىغە ئىسىم)، «والصفة المشبَّهَةُ» (ئوخشاتما سۈپەت)، «إسم الفعل» (ئىسىم پېئىل)، «والظرف» (رەۋىش)، «الجار والمجرور» (زىر قىلغۇچى، زىر قىلىنغۇچى)، «إسم التفضيل» (ئاشۇرما ئىسىم).

## سۆز تومۇرى

1. س: مصدر (سۆز تومۇرى) دېگەن نېمە؟

ج: مصدر دېگەن تەلەپپۇز جەھەتتىن بولسۇن ياكى تەقدىرەن (كۆڭۈلدە) بولسۇن پېئىلنىڭ ھەرپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھادىسىنىڭ ئىسمى.

2. س: مصدر نېمە ئىش قىلالايدۇ؟

ج: ئۇ پېئىلنىڭ ئەمەلىنى قىلالايدۇ، يەنى فاعل نى رفـع قىلىدۇ، «مفعول»نى نصب قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى مصدر خاراكتېرلىك «أنْ» ياكى مصدر خاراكتېرلىك «ما» بىلەن ئۇنىڭ پېئىلىغا چۇشۇش مۇمكىن بولۇش شەرتى بىلەن، مەيلى ئۇ مىملىق مصدر بولسۇن ياكى پېئىلنىڭ ياردەمچىسى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقىسى بولسۇن.

3. س: ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ قىسىملىرى نېمىلەر؟

ج: ئۈچ: ئۆزىنىڭ پائىلىغا ياكى مەفئۇلىغا مضاف بولسا ئۆزىنىڭ پېئىلىنىڭ ئەمەلىنى قىلالايدۇ ياكى تەنۋىنلىك بولسا پېئىلنىڭ ئەمەلىنى قىلالايدۇ، بۇ قىياسقا ناھايىتى مۇۋاپىق ياكى «أل»لىق بولسا پېئىلنىڭ ئەمەلىنى قىلالايدۇ، بۇ ئاز ئۇچرايدۇ.

4. س: ئۇلارنىڭ مىساللىرى نېمە؟

ج: ئۇلارنىڭ مىساللىرى: ولولا دفع الله الناس (ئەگەر ئاللا ئىنسانلارنى توسمىغان بولسا)، لايسأم الإنْسَانُ من دعاء الخير (ئىنسان ياخشىلىقنى تىلەشتىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ)، كذكْرِكُمْ أباءَكُمْ (سىلەرنىڭ داداڭلارنى ئەسلىگىنىڭلارغا ئوخشاش)، وأخذ هم الربَا وأكلهمْ أموال الناس بالباطل (ئۇلارنىڭ ئۆسۈمنى ئېلىشَ ۋە كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋېلىشى)، فضربَ الرقاب (گەدەنگە ئۇرۇش)، وحجُّ البيت مَنِ استطاع إليه سبيلاً (يولغا قادىر بولالىغان كىشىگە بەيتۇللانى ھەج قىلىش)، شائىر دەيدۇ:

أظلومٌ إنّ مصابكم رجلاً
اهدى السلام تحيةظلم

(ئەي زالىملار! سالام يوزىسىدىن سالامىنى سوۋغا قىلغان كىشىگە چېقىلىشىڭلار زۇلۇمدۇر).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



أو إطعامٌ في يوم ذي مسغبة، يتيمًا ذامقربة (ئاچارچىلىق كۈندە يىراق – يېقىندىكى يېتىملەرگە تاماق بېرىش)، إنك والضرب خالدًا لمسيءٌ» (سېنىڭ خالىدنى ئۇرۇشۇڭ چوقۇم خاتا)، يخال الفرار يراخي الأجل (قېچىش ئەجەلنى كېچىكتۈرىدۇ دەپ خىيال قىلىنىدۇ).

## مصدرنىڭ ئىسمى

1. س: مصدرنىڭ ئىسمى دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ پېئىللىنىڭ ھەرپلىرىنىڭ باشقىلىرىدا يۈز بەرگەن ھادىسىنىڭ نامى.

2. س: مصدرنىڭ ئىسىملىرى نېمىلەرنى قىلالايدۇ؟

ج: مصدر شەرتى بىلەن پېئىلنىڭ ئەمەلىنى قىلالايدۇ.

3. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: ألم نجعل الأرض كفاتًا أحياءً وأمواتًا (بىز زېمىننى تىرىكلەر ۋە ئۆلۈكلەرگە يېتەرلىك قىلمىدۇقمۇ)، أعجبني كلامك زيدًا وثوابك عمرًا (سېنىڭ زېيدكە قىلغان سۆزۈڭ، ئۆمەرگە بەرگەن مۇكاپاتىڭ مېنى ھەيران قالدۇردى).

## ئىش - ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ ئىسمى

1. س: إسم الفاعل دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ ئۆز ئەينى پېئىلنىڭ لەفزىدىن تۈرلەنگەن پېئىلنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىسمى.

2. س: ئۇنىڭ ۋەزنى نېمە؟ مىسالىچۇ؟

ج: ئۈچ ھەرپلىك ۋەزن فَاعِلٌ قالغانلىرى، «مُفْعِلٌ» «مُنْفَعِلٌ» «مُسْتَفْعِلٌ» ۋەزنىلىرى. ئۇلارنىڭ مىساللىرى: ضَارِبٌ (ئۇرغۇچى)، مُكْـرِمٌ (ھۆرمەتلىگۈچى)، مُنْطَلِقٌ (يولغا چىققۇچى)، مُسْتَخْرِجٌ (چىقارغۇچى).

3. س: إسم الفاعل نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

ج: ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ئەلىف لاملىق ۋە ئەلىف لامسىز.

4. س: ئەلىف لاملىق بولغىنىنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ ھۆكۈمى ئۆزىنىڭ پېئىلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، يەنى فاعل (ئىش ـ ھەرىكەت قىلغۇچىنى)نى رفع قىلىدۇ، مفعول» (ئىش ـ ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى)نى مۇتلەق ھالدا مەيلى ئۇ ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان ياكى كەلگۈسى زامان بولسۇن نصب قىلىدۇ.

5. س: ئەلىف لامسىز بولغانىنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ ھۆكۈمى: ئۇ پەقەت ئىككى شەرت بىلەنلا ئۆزىنىڭ پېئىلىنىڭ ئەمىلىنى قىلالايدۇ، بىرىنچىسى: ھازىرقى زامان ياكى كەلگۈسى زامان بولۇش.

ئىككىنچىسى: بولۇشسىز (نفي)غا، سوئال ئالماش (إستفهام)قا، مبتدأغا ياكى سۈپەتلەنگۈچىگە تايىنىش.

6. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: هذا الضاربُ زيدًا أمْس أو الأنَ أو غَدًا (بۇ ئاخشام ياكى ھازىر ياكى ئەتە زەيدنى ئۇرغان كىشى)، ما ضَارِبٌ زيدٌ عمرًا (زەيد ئەمرنى ئۇرمىدى)، أضاربٌ زيدٌ عمرًا (زەيد ئەمرنى ئۇرماقچىمۇ؟ ) زيدٌ ضاربٌ عمرًا (زەيد ئەمرنى ئۇرغۇچى)، جاءرجلٌ ضاربٌ عمـرًا (ئەمرنى ئۇرغان كىشى كەلدى)، (ئەلىف، لامسىز بولغاندا پەقەت «الأنَ»، «غَـدًا» كېلەلەيدۇ)، والمقـيمين الصـلاة

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



(نامازنى ئوقۇغۇچىلار)، خشعًا أبصارهُمْ (ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قورققان ھالەتتە)، إنّى جاعلٌ فى الأرض خليفَــةً (مەن زېمىندا ئورۇنباسارنى قىلغۇچى).

# ئىش ـ ھەرىكەت قىلىنغۇچىنىڭ ئىسمى

1.س: «إسم المفعول» دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ ئىش ـ ھەرىكەت ئۈستىدە يۈز بەرگەن نەرسە ئۈچۈن پېئىلدىن تۈرلەنگەن ئىسىمدۇر.

2. س: ئۇنىڭ ۋەزىنلىرى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ ۋەزىنلىرى: ئەگەر ئۈچ ھەرپلىك بولسا «مفعــول» بولىدۇ، مەسىلەن: مضـــروبٌ (ئۇرۇلغان)، مَقْصُـــود (مەقسەت قىلىنغان).

ئەگــەر ئۈچتــىن ئــارتۇق بولســا، ئــۇنىڭ ئاخىرىنىــڭ ئالدىدىكى نەرسە زەۋەر ئوقۇلۇش شەرتى بىلەن (إسم الفاعل) نىڭ ۋەزنىدە بولىدۇ. مەسىلەن: «مُسْتَخْرَجٌ» چىقىرىلغان، «مُجْتَــذَبٌ» تارتىلغان.

3. س: ئۇنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ ئىگىسى تىلغا ئېلىنمىغان پېئىلنىڭ ئەمىلىنى قىلىش.

4. س: ئۇنىڭ شەرتلىرى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ شەرتلىرى: «إسم الفاعــل»نىڭ شەرتلىرى، يەنى «أل» بىلەن مۇتلەق ئەمەل قىلىدۇ، ئەگەر «أل»دىن خالىي بولسا ھازىرقى زامان ۋە كېلىدىغان زامان شەرتى بىلەن ئەمەل قىلىدۇ.

5. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: جاء المضــروبُ عبــدهُ (قۇلى ئۇرۇلغان

كىشى كەلدى)، زيدٌ مضروبٌ عبدُهُ (قۇلى ئۇرۇلغان زەيد)، هذا مُعطِي أبوهُ درهمًا (بۇ دادىسىغا دەرھەم بېرىلگەن كىشى).

## مۇبالىغە ئىسىملار

1. س: أسماء المبالغة دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمى ۋە شەرتىچۇ؟

ج: ئۇ «فعّال» ياكى «فعول» ياكى «مفعال» ياكى «فعيل» ياكى «فعل» ۋەزنىدە كەلگەن نەرسە. ئۇنىڭ ھۆكۈمى «إسم الفاعل»نىڭ شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ پېئىلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ.

2. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: إنّ الله غفّارٌ ذنوبَ عباده (شەكسىزكى، ئاللا بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى كەچۈرۈم قىلغۇچى)، هذا العالم الخوّاضُ بحار العلوم الغوّاص لججها (بۇ ئالىم ئىلىمنىڭ دېڭىزلىرىغا كەچكەن ئۇنىڭ دولقۇنلىرىغا چۆككەن كىشى). «أنّه لمنحار سمائها (ھەقىقەتەن ئۇ سېمىز تۆگىنى بوغۇزلىغۇچى)، لايزال هذالتلميذُ حذرًا نسيانُ دروسَه (بۇ ئوقۇغۇچى دەرسلىرىنى كۆپرەك ئۇنتۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەپلا يۈرىدۇ)، جاء الضرّابُ زيدًا (زەيدنى بەك ئۇرغۇچى ھېلىقى كىشى كەلدى)، ما ضرّابُ زيد عمرًا (زەيد ئەمرىينى بەك ئۇرغۇچى ئەمەس).

## ئوخشاتما سۈپەت

1. س: الصفة المشبهة دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئۇ دائىم تۇرۇۋاتقان مۇقىم مەنا ئۈچۈن ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈرلەنگەن سۈپەت. ئۇنىڭ بەلگىسى: مەنا جەھەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزىنىڭ پائىلىغا اضاف (قوشۇلغان) بولۇشى ياخشى. مەسىلەن: حسنُ الوجه طاهرالقلب (يۈزى چىرايلىق، قەلبى پاك)، تقيٌّ العَرَضِ (ئابرۇيى — نەسەبى پاك)، زيدٌ ضاربٌ أبوهُ (زەيد دادىسىنى ئۇرغۇچى).

2. س: ئۇنىڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالىتى نەچچە؟

ج: ئۈچ: «فاعل» دەپ رفع ئوقۇش، ئەگەر تونۇش ئىسىم بولسا مفعول (تولدۇرغۇچى)غا ئوخشاتقان ئاساستا نصب ئوقۇش، ئەگەر ناتونۇش ئىسىم بولسا تمييزگە ئاساسەن نصب ئوقۇش ۋە إضافة ئاساسەن جرّ ئوقۇش.

3. س: ئۇنىڭ مىسالى نىمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: مررت برجل حسنٍ وجههُ فصيح لَفْظُهُ (يۈزى چىرايلىق، ئاۋازى پاساھەتلىك بىر ئەرنى ئۆتكۈزۈپ قويدۇم)، مررت برجل حسنٍ خلقًا طاهرعرضًا (مەن ئەخلاقى ياخشى، ئابرۇيى پاك بىر كىشى بىلەن ئۆتتۇم)، مررت بتلميذ حسنِ الحفظ وحسنِ الحفظ (مەن يادقا ئېلىشى ياخشى بولغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم).

# ئىسىم پېئىل

1. س: «إسم الفعل» دېگەن نىمە؟

ج: ئىسىم پېئىل دېگەن كۆپ. مەسىلەن: بَلْهَ زيدًا بمعنى دَعْهُ (ئۇنى قويۇۋەت دېگەن مەنىدە)، رُوَيْدَهُ، تيدَهُ دېگەن، أَمْهِلْهُ (ئۇنىڭغا مۆھلەت بەرگىن دېگەن مەنىدە)؛ هَيْهَاتَ دېگەن، بَعُدَ (مۇمكىن ئەمەس، بەك يىراق دېگەن مەنىدە)، شتَّانَ دېگەن، افْتَرَقَ (ئايرىلدى دېگەن مەنىدە)، وأوّه دېگەن، أتوَجَّعُ (ئاغرىق ھېس قىلمۇاتىمەن دېگەن مەنىدە)، أُفّ دېگەن، أتضَجَّرُ (ھۆ، توييدۇم دېگەن مەنىدە)،

هَلُمَّ دېگەن، أُحْضُرْهُ (ئۇنى كەلتۈرگىن دېگەن مەنىدە)، هَاتِ دېگەن، أعْطِنِي (ماڭا بەرگىن دېگەن مەنىدە)، صَهْ دېگەن، أسكتْ (جىم تۇر دېگەن مەنىدە)، مَهْ دېگەن، اكفف (توختا دېگەن مەنىدە)، هَيَّا دېگەن، اسرع (تېز بول دېگەن مەنىدە)، هَاهْ دېگەن، لبيك (مەن تەييار دېگەن مەنىدە).

ئۇنىڭ ئىچىدىن ئەسلى ظرف ياكى جارّ، مجرورمۇ بار، مەسىلەن: مَكَانَكْ دېگەن، أُثْبُتْ (ئورنۇڭدا تۇر)، عندك، لديك، دونك دېگەنلەر، حُذْر (تۇتقىن دېگەن مەنىدە)، بِهْ دېگەن، أَلْصِقْ (چاپلا دېگەن مەنىدە)، وَرَاءَكَ دېگەن، تَأَخَّرْ (چېكىنگىن دېگەن مەنىدە)، أَمَامَكَ دېگەن، تَقَدَّمْ (ئىلگىرلە، دېگەن مەنىدە)، إليك دېگەن، تَنَحَّ (نېرى بار دېگەن مەنىدە)، عليك دېگەن، اَلْزِمْ (لازىم تۇت دېگەن مەنىدە) ۋە باشقىلار.

2. س: ئۇنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ ھۆكۈمى: مەيلى لازىم (ئۆتۈمسىز) بولسۇن ياكى (ئۆتۈملۈك) بولسۇن ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگەن پېئىلنىڭ ئەمەلىنى قىلىش.

# رەۋىش، زىر قىلغۇچى ۋە زىر قىلىنغۇچى

1. س: پېئىلنىڭ ئەمەلىنى قىلىدىغان «ظرف» ۋە «الجار والمجرور» دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ نفي (بولۇشسىز)غا، سوئال ئالماشقا، سۆپەتلەنگۈچىگە، موصول (نىسپىي ئالماش)قا، ئىگىگە ياكى ھالەتكە تايانغان «ظرف» ياكى «جار ومجرور»لاردۇر.

2. س: ئۇنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ ھۆكۈمى پەقەت «فاعل»نى رفع قىلىش.

www.uyghurkitap.com



3. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: مافى الدّار أحَــدٌ (ھويلىدا بىرمۇ ئادەم يوق)، فى الدار زيدٌ (زەيد ھويلىدا)، مــررت برجــل مَعَــهُ صَــقرٌ (قارچۇغىسى بار بىر ئادەمنى ئۆتكۈزۈپ قويدۇم)، جاء الذى فى الدار أبوهُ (دادىسى ھويلىدىكى كىشى كەلدى)، زيدٌ عندك أخــوهُ (زەيد ئۇنىڭ قېرىندىشى سىنىڭ قېشىڭدا)، مررت بزيــد عليــه جبّــةٌ (ئۈستىدە جۇۋا بار زيدنى ئۆتكۈزۈپ قويدۇم).

# ئاشۇرما سۈپەت

1. س: «أفعل التفضيل» دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ سۈپەتلەنگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ تەگدىشىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، پېئىل ۋەزنىدىكى سۈپەتتۇر.

2. س: ئۇنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ ھۆكۈمى: ئۇ «اَلْكُحْلُ» مىسالىدىن باشقىسىدا ئاشكارا ئىسىمنى رفع قىلالمايدۇ.

3. س: ئۇنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى قانداق؟

ج: جۈملىدە بىر نفــي (بولۇشسىز) قوشۇمچە بولۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇرما سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن بىر ئىسىم بولۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىككىسىنى ئېتىبارغا ئېلىش بىلەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغان بىر ئىسىم بولۇش، ئۇ الفاعل (ئىگە) بولىدۇ.

4. س: ئۇنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى: مامن أيام أحب إِلَى الله تعالى فيها الصــومُ منــه في عشــر ذى

الحجة» (ئاللاغا زۇلھەججىنىڭ ئون كۈنىدىنمۇ بەكرەك سۆيۈملۈك كۈن يوق). ما رأيت رجلاً أحسنَ في عينه الكُحْلُ منه في عين زيد (كۆزىدە سۈرمە بار كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا زەيدنىڭ كۆزىدىكى سۈرمىدىنمۇ چىرايلىق سۈرمىنى كۆرمىدىم).

## ماختاش ۋە سۆكۈش پېئىللىرى

1. س: أفعال المدح والذم (مەدھىيلەش، سۆكۈش پېئىللىرى) دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ نعْمَ (نېمىدېگەن ياخشى)، بِئْسَ (نېمىدېگەن يامان)، حَبَّذَا ۋە وَلاحَبَّذَا ۋەزنىدە كەلگەنلەر. مەسىلەن: شَرُفَ (ھۆرمەتلەندى)، خَبُثَ (نجىس بولدى)، سَاءَ (يامان بولدى).

2. س: بۇ پېئىللارنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ ھۆكۈمى: پېئىلدىن كېيىن فاعل (ئىگە) كېلىدۇ، ئۇ فاعل ياكى «أل»لىق كېلىدۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئېنىقلانغان ئىسىمغا مضاف بولىدۇ ۋە ياكى نصب ئوقۇلغان ناتونۇش ئىسىم بىلەن ئايرىلغان يوشۇرۇن ضمير كېلىدۇ، بۇ جۈملە خبر مقدم (ئىلگىرى كەلگەن خەۋەر) بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن رفع ئوقۇلغان ئىسىم كېلىپ، ئۇ ئىسىم ماختاش ياكى سۆكۈشكە خاس قىلىنغان بولىدۇ ھەم مبتدء مؤخّر (كەينىدە كەلگەن ئىگە) بولىدۇ، بەزىدە خاس قىلىنغان ئىسىم ئېنىق بولۇپ قالسا ئۇ ئىسىم چۈشۈپ قالىدۇ.

3. س: مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: نعْمَ الصَاحب زَيْدٌ (زەيد نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھ)، بِئْسَ الغُلام غُلام زيد (زەيدنىڭ غۇلامى نېمىدېگەن ئەسكى بالا)، نِعْمَ رجلاً زيدٌ (زەيد نېمىدېگەن ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەر ـ ھە!)، ساءَتْ مرْتَفَقًا (نېمىدېگەن يامان جاي!)، وحَسُنَتْ مُرْتَفَقًا (نېمىدېگەن ياخشى جان!) نعْمَ العبدُ إنّهُ أوّابٌ (خۇدا تەرەپكە قايتقۇچى نېمىدېگەن ياخشى بەندە!)، فَهُمَ الرجل زيدٌ (زەيد چۈشەنچىسى ياخشى كىشى)، فَهُمَ رجلاً زيدٌ (زەيد بىر ئادەمنى چۈشەندى)، خَبُثَ الرجلُ عَمْرٌو (ئەمىر ناھايىتى ئەسكى كىشى)، خَبُثَ رجلاً عمرٌو (ئەمىر بىر كىشىنى ناچار قىلىپ قويدى)، حَبَّذَا العلم ولاحبَّذَا الجهلُ (بۇ ئىلىم نېمىدېگەن ياخشى، بۇ بىلىمسىزلىك نېمىدېگەن يامان!)

# ئۆتۈملۈك، ئۆتۈمسىز ۋە ۋاستە پېئىللار

1. س: الفعل المتعدى (ئۆتۈملۈك پېئىل) دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ بەلگىسىچۇ؟

ج: ئۇ حرف جرّ بولمىغان ئاساستا بىر مفعولغا كۆچىيەتكەن پېئىل، ئۇنىڭ ئىككى بەلگىسى بار: ① ئۇنىڭغا ضمير نىڭ «هاء»سى ئۇلىشىپ كېلىشى توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: زيدٌ ضربَهُ عمرو» (زەيدنى ئەمىر ئۇردى)، ② ئۇنىڭدىن تولۇق إسم مفعول ياسىغىلى بولىدۇ، مەسىلەن: مضروبٌ (ئۇرۇلغان)، مشروبٌ (ئىچىلگەن)، مكتوب (يېزىلغان).

2. س: ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟ ئۇنىڭ قىسىملىرىچۇ؟

ج: ئۇنىڭ ھۆكۈمى: «المفعول»نى نصب قىلىدۇ، مەسىلەن: حفظ التلميذُالدرسَ (ئوقۇغۇچى دەرسنى يادقا ئالدى).

ئۇنىڭ قىسمى ئۈچ: بىر مفعولغا، ئىككى مفعولغا، ئۈچ موفعولغا ئۆتۈملۈك بولىدۇ، مەسىلەن: ضَربتُ زيدًا (زەيدنى ئۇردۇم)، كَسَوْتُ زيدًا جُبَّةً (زەيدقا جۇۋا كەيدۈردۇم)، أعلمت زيدًا

عمرًا فاضلاً (زەيدقا ئەمىرنى ناھايىتى ياخشى دەپ بىلدۇردۇم).

3. س: الفعل اللازم (ئۆتۈمسىز پېئىل) دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ بەلگىسىچۇ؟

ج: ئۆتۈمسىز دېگىنىمىز، ئۆزىنىڭ «فاعل»ى بىلەنلا خاس قىلىنغان نەرسە، بۇ، مفعــــول غا ئۆتۈملۈك بولمىغان، پەقەت ئۆتۈملۈك قىلىش سەۋەبلىرىدىن بىرەر سەۋەب بىلەنلا ئۆتۈملۈك بولغان نەرسە، ئۇنىڭ بەلگىسى بولسا كۆپ، جۈملىدىن ئۇنىڭغا ضمير نىڭ «ھا»سى ئۇلىنىپ كېلەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق إسم مفعول نى ياسىغىلى بولمايدۇ، مەسىلەن: «خَـــرَجَ» دېسەك، ئۇنى زيدٌ خَرَجَهُ عَمْروٌ (زەيد چىقتى، ئۇ ئەمىر) دېيىشىڭىز توغرا بولمايدۇ، مخــــروجٌ (چىقىرىلغان) دېيىشىڭىزمۇ توغرا بولمايدۇ، پەقەت زيدٌ خرج به عمروٌ (زەيد ئەمىر بىلەن چىقتى) ياكى خَرَّجَهُ بالشَدید (ئۇنى چىقاردى)، مخروجٌ بـــه (ئۇنىڭ بىلەن چىقىرىلغان) دېيىشكە بولىدۇ.

4. س: ئـۆتۈملۈك قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمىچۇ؟

ج: ئۇ كۆپ، كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغانلىرى ئۈچ: الهمزةُ حرفُ الجرّ، تشـــديد عـــين الفعـــل (فَعَـــلَ نىڭ «ع» ئۇدۇلىدىكى ھەرپ تەشدىدلىك بولۇش). ئۇنىڭ ھۆكۈمى: ئۇ ئۆتۈمسىز پېئىلنى بىر مفعول غا ئۆتۈملۈك قىلىدۇ ياكى ئۆتۈملۈك پېئىلنى ئىككى ۋە ئۈچ مفعول غا ئۆتۈملۈك قىلىدۇ، مەسىلەن: أذهبت زيدًا وذهبتُ به (زەيدنى كەتكۈزدۈم ۋە ئۇنىڭ بىلەن باردىم)، فَرَّحْتُهُ (ئۇنى خۇشال قىلدىم)، أذهبـــتم طَيِّبَـــاتكم (سىلەر ياخشىلىقىڭلارنى ئېلىپ بولدۇڭلار)، أمَتَّنا اثنـــتينِ وأحْيَيْتَنَـــا اثنـــتين (بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈردۈڭ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ)، هو الذی يســـيِّركم (ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىلەرنى ماڭغۇزىدىغان خۇدا)، علمته القــرآن (ئۇنىڭغا قۇرئاننى ئۆگەتتىم)، أريتُ زيدًا خالــدًا منطلقــا (زەيدقا خالىدنى كەتكەن قىلىپ كۆرسەتتىم).

5. س: «الواسطة» دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز دەپ سۈپەتلەنمەيدىغان نەرسە، ئۇ «الأفعــال الناقصــة»، «كَــانَ» ۋە ئۇ تۈرىدىكىلەر، «كَــادَ» ۋە ئۇ تۈرىدىكىلەر.

# تۈرلىنىدىغان پېئىللار ۋە تۇرغۇن پېئىللار

1. س: تۈرلىنىدىغان (المتصــــرف) دېگەن نېمە؟ تۇرغۇن (الجامد) دېگەنچۇ؟

ج: «المتصــــرف» دەۋرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگەرگەن نەرسىدۇر. ئۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. «الجامــد» دېگەن ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ئاز ئۇچرايدۇ.

2. س: «المتصرف» نىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: ضــرب (ئۇردى)، كتــب (يازدى) دىن يضربُ، اضربْ، ضربًا، ضاربٌ، مضروبٌ، يكتــب، اُكْتُــبْ، كتابــةً، كاتبٌ، مكتوبٌ دېگەنلەر تۈرلىنىدۇ.

3. س «الجامد» پېئىللارنىڭ مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: ليس (ئەمەس)، عَسيَ (بەلكىم) ۋە أفعــال المقاربة (يېقىنلاشتۇرۇش) پېئىللىرىنىڭ كۆپلىرى ۋە ماختاش ۋە سۆكۈش پېئىللىرىنىڭ كۆپلىرى ۋە ئەجەپلىنىش پېئىلى ۋە «حَاشَا، خَلاَ، عَدَا» «هــات» (كەلگىن)، «تَعــالَ» (بۇياققا كەل)، «قَلَّ» (ئاز بولدى)، مەسىلەن: قلّ رجلٌ (ئاز بىر قىسىم كىشى)، قَلَّمَا تَصَدَّقَ عمروٌ (ئەمىر ئاز سەدىقە قىلىدۇ).

# جۈملە ۋە يېرىم جۈملە

1. س: جۈملە دېگەن نېمە؟ يېرىم جۈملە دېگەنچۇ؟

ج: «الجملة» دېگەن «فعل و فاعل» ياكى «مبتدء وخبرٌ»دۇر، «شبهُ الجملة» (يېرىم جۈملە دېگەن) «ظرف» ياكى «جارٌ ومجرورٌ»دۇر.

2. س: جۈملە نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

ج: جۈملە ئىسىملىق جۈملە، پېئىللىق جۈملە، كىچىك جۈملە، چوڭ جۈملە. ھەرىكەت (إعراب)تە ئورنى بار جۈملە ۋە ھەرىكەتتە ئورنى يوق جۈملىلەرگە بۆلۈنىدۇ.

3. س: ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى نېمە؟

ج: ئىسىملىق جۈملە دېگىنىمىز، ئىسىم بىلەن باشلانغان نەرسە، مەسىلەن: الصّدْقُ محمودٌ (راستچىللىق ماختالغۇچىدۇر).

پېئىللىق جۈملە دېگىنىمىز، پېئىل بىلەن باشلانغان نەرسە، مەسىلەن: فازالمتقون (تەقۋادارلار نىجات تاپتى).

چوڭ جۈملە دېگىنىمىز، ئۇنىڭ خەۋىرى جۈملە بولغان ئىسىم خاراكتېرىدىكى جۈملىدۇر، مەسىلەن: العالِمُ خليفة الله في الأرض (ئالىم خۇدانىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى).

كىچىك جۈملە دېگىنىمىز ئۇنىڭ ئەكسى.

4. س: ھەرىكەت (إعراب) جەھەتتە ئورنى بار جۈملە دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ كۆپىنچە ئەھۋالدا يەككىلىك ئورنىدا كېلىدىغان جۈملىدۇر، ئۇ يەتتە جۈملە: ① خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى مبتدأنىڭ ۋە «إنّ» ۋە ئۇ تورىدىكىلەرنىڭ بابىدا رفع بولىدۇ، «كان» ۋە ئۇ تورىدىكىلەرنىڭ بابىدا نصب بولىدۇ، مەسىلەن: زيدٌ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



قام أبوهُ (زەيدنىڭ دادىسى تۇردى)، إنّ زيدًا أبوه منطلق (ھەقىقەتەن زەيدنىڭ دادىسى كەتكۈچى)، كانوا يظلمون (ئۇلار زۇلۇم قىلاتتى). ② ھالەت بولۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى نصب، مەسىلەن: جاءوا أباهم عشاءً يبكونَ (ئۇلار دادىلىرىنىڭ قېشىغا يىغلىغان ھالەتتە كەلدى). ③ سۆزنىڭ دېيىلگۈچىسى (مفعول) بولۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى نصب، مەسىلەن: قال إنّي عبدالله (ئۇ: مەن ئاللانىڭ بەندىسى، دېدى). ④ ئۇنىڭغا المضاف إليه بولۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى جرّ، مەسىلەن: إذا جاء نصر الله (ئەگەر ئاللانىڭ ياردىمى كەلسە). ⑤ ئەگەر «فاء» بىلەن ياكى «إذاالفجائية» (تۇيۇقسىزلىق «إذا»سى) بىلەن بىللە كەلسە ساكىن ئوقۇلغان شەرتنىڭ جاۋابى بولۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى ساكىن، مەسىلەن: وما تفعلوا من خير فإنّ الله به عليم (سىلەر ياخشىلىقتىن نېمىنىلا قىلماڭلار ئاللا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ)، وإن تصبهم سيئةٌ بما قدّمَتْ أيديهم إذا هم يقْنطون (ئەگەر ئۇلارغا ئۆزلىرى قىلغان ئىشلار سەۋەبلىك بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىدۇ). ⑥ يەككە ئىسىمغا ئەگەشكۈچى، ئۇنىڭ ئورنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى نەرسىگە ئاساسەن بولىدۇ، مەسىلەن: من قبل أنْ يأتيَ يوم لابيعٌ فيه (سودا ـ سېتىق بولمايدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن ....). ⑦ ھەرىكەت جەھەتتە ئورنى جۈملىگە ئەگەشكۈچى بولۇپ كېلىدۇ، مەسىلەن: زيدٌ قام أبوه وقعد أخوه (زەيدنىڭ دادىسى تۇردى، ئاكىسى ئولتۇردى).

5. س: ھەرىكەت جەھەتتە ئورنى يوق جۈملە دېگەن نېمە؟

ج: ئۇ كۆپىنچە ئەھۋالدا يەككىلىك ئورنىدا كەلمەيدىغان جۈملە بولۇپ. ئۇ يەتتىدۇر: ① «الإبتدائية» (باشلاش خاراكتېرىدىكى جۈملە)، مەسىلەن: إنا انزلناه (بىز ئۇنى نازىل

قىلدۇق). ② «الصلة» (ئۇلىغۇچى)، مەسىلەن: الحمد لله الذى انزل علي عبده الكتــاب (ئۆزىنىڭ بەندىسىگە كىتابنى نازىل قىلغان ئاللاغا بۇيۇك مەدھىيىلەر بولسۇن). ③ «المعترضـــة» (قىستۇرما جۈملە)، مەسىلەن: فإن لم تفعلوا ــ ولن تفعلوا ــ فاتقوا النار (ئەگەر قىلالمىساڭلار ـ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر ـ دوزاختىن قورقۇڭلار). ④ «المفسرة» (ئىزاھلىغۇچى) مەسىلەن: كمثل ادم خلقه من تــراب (ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشاش ئاللا ئۇنى تۇپراقتىن ياراتتى). ⑤ «جواب القسم» (قەسەمنىڭ جاۋابى) بولۇپ كېلىدۇ: مەسىلەن: حٰمٓ والكتاب المبين إنّا أنزلناه (حٰمٓ ئوچۇق كىتاب بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنى نازىل قىلدۇق). ⑥ «إذْ، إذا، لو، لــولا»لارغا ئوخشاش ساكىن بولمىغان شەرتنىڭ جاۋابى بولۇپ كېلىدۇ ياكى «فـــاء» بىلەن ياكى «إذا الفجائيـــة» (تۇيۇقسىزلىق «إذا»سى) بىلەن كەلمىگەن ساكىننىڭ شـەرتىنىڭ جـاۋابى بولـۇپ كېلىدۇ، مەسىلەن: إذا جـــاء زيـــدٌ أكرمْتُـــهُ (ئەگەر زەيد كەلسە، ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن). ⑦ ھەرىكەت جەھەتتە ئورنى يوق نەرسىلەرگە ئەگەشكۈچى، مەسىلەن: قام زيدٌ وقعد عَمْـــروٌ (زەيد تۇردى، ئەمر ئولتۇردى).

6. س: معرفة ئىسىملاردىن ۋە نكـــرة ئىسىملاردىن كېيىن كەلگەن جۈملىلەر ۋە يېرىم جۈملىنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ ھۆكۈمى: تولۇق، ھەقىقىي معرفـــة ئىسىمدىن كېيىن كەلگەن بولسا ھالەت بولىدۇ، تولۇق، ھەقىقىي نكـــرة ئىسىمدىن كېيىن كەلگەن بولسا سۈپەت بولىدۇ، معرفةلىقى ياكى نكرةلىقى ئايرىلمىغان ئەھۋالدىن كېيىن كەلسە، سۈپەت ياكى ھالەت بولىدۇ، مەسىلەن: جاء زيدٌ والشمس طالعـــة (زەيد كەلدى، ھالبۇكى قۇياش چىقىۋاتاتتى)، ليوم لاريب فيـــه (شەك يوق كۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن ....)، «كمثل الحمار يحملُ أسفاراً (كىتابلارنى كۆتۈرۈۋالغان ئېشەككە ئوخشاش ....).

7. س: ظرف ياكى جارو مجرورٌ ئەگەر خەۋەر ياكى سۈپەت ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بولسا مىسالى نېمە؟

ج: ئۇنىڭ مىسالى: الحمد لله (ئاللاغا مەدھىيە بولسۇن)، زيدٌ عندك (زەيد سېنىڭ قېشىڭدا)، رَأيْتُ طائرا فوقَ غُصْنٍ أوعلى غُصْنٍ (شاخچىنىڭ ئۈستىدە قۇشنى كۆردۈم)، فخرج على قومه في زينته (ئۇ قەۋمىنىڭ قېشىغا زىننەت بىلەنلا چىقتى)، رَأيْــتُ الهــلال بَيــن السحاب (مەن بۇلۇتلار ئارىسىدىكى ئاينى كۆردۈم) رَأيْتُ ثمرةً يانعةً فوقَ غصنٍ أوعلى غصــنٍ (شاخنىڭ ئۈستىدە پىشقان بىر مېۋە كۆردۈم).

# ھەرپىنىڭ مەنىلىرى

## ئەلىف ھەرپىنىڭ 29 شەكلى

1) «الألف». ① سوئال ھەرپى، مەسىلەن: أزيدٌ قائم (زەيد ئۆرە تۇردىمۇ؟) ② چاقىرىش ھەرپى، مەسىلەن: أعُمَرُ (ھەي ئۆمەر).

2) «أجَلْ». ئۇ جاۋاب ۋە تەستىقلاش ھەرپى.

3) «إذْ». ئۇ ئۆتكەن زاماننىڭ رەۋىشى، مەسىلەن: واذكروا إذ كنتم قليلا (ئەسلەڭلار ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئاز ئىدىڭلار).

4) «إذْمَا». ئۇ ساكىن قىلغۇچى شەرت ھەرپى.

5) «إذَا». ئــۇ كېلىــدىغان زامــان رەۋىشــى، ئــۇ ئۆزىنىــڭ شــەرتىنى ســاكىن، جــاۋابىنى نصــب قىلىــدۇ. ئــۇ پېئىللىق جۈملىگە خاس ياكى تۇيۇقسىزلىقنىڭ «إذا»سى بولىدۇ، ئۇ پەقەت ئىسىملىق جۈملىگە خاس بولىدۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ مىسالى: ثُمَّ

إذا دعاكم دعوةً من الأرض إذا أنــتم تخرجــون (... ئاندىن ئاللاھ سىلەرنى يەر ئاستىدىن چاقىرسا، دەرھال چىقىسىلەر ...).

6) «أفّ». ئــۇ كېلىــدىغان زامــان پــېئىلىنىڭ ئىســمى، «أتضجَّرُ» (يەنى ھۆ تويدۇم، زېرىكتىم) دېگەن مەنىدە. مەسىلەن: ولاتقل لهما أُفٍّ (ئۇ ئىككىسىگە زېرىكتىم، تويدۇم دېمىگىن).

7) «ألاَ». ئــۇ باشــلاش ۋە ئاگــاھلاندۇرۇش ھەرپــى، ئــۇ ئىسىملىق ۋە پېئىللىق ئىككى جۈملىگە كىرىدۇ، مەسىلەن: ألاَ إنَّهُــمْ هــم السُّــفَهَاءُ (ئاگـاھ بولـۇڭلاركى، ئەنە شۇلار ئۆزلىرى نادانلاردۇر). ألاَ يومَ يأتيهم ليس مصروفًاعنهم (ئاگـاھ بولـۇڭلاركى، ئۇ كۈندە، ئۇلار قاچىدىغان يەر تاپالمايدۇ)

يــاكى تــەكلىپ ۋە ئۈنــدەش ھەرپــى بولــىدۇ، بــۇ پــەقەت پېئىللىق جۈملىگە خاس بولىدۇ، مەسىلەن: ألاَ تحبون أَنْ يغفراللهُ لكم (سىلەر ئاللانىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشىنى ياخشى كۆرمەمسىلەر).

8) «ألاّ». ئۇ ئۈندەش ۋە كايىش ھەرپى، ئۇ پەقەت پېئىللىق جۈملىگە خاس، ئەگەر كېلىدىغان زامانغا كىرسە، ئۇ ئۈندەش ھەرپى بولىدۇ، مەسىلەن: ألاَّ تُصَلي (ناماز ئوقۇمامسەن!)

ئەگەر ئۆتكەن زامانغا كىرسە، ئۇ كايىش ھەرپى بولىدۇ، مەسىلەن: ألاَّ صلَّيْتَ (ناماز ئوقۇمىدىڭما!)

9) «إلاّ». ئۇ باشلاش ۋە نصب قىلىش ھەرپى. مەسىلەن: فشربوا منه إلاَّ قليلا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى).

10) «أمْ». ئۇ باغلىغۇچى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى نەرسىدە سوئال ھەمزىسى بولىدۇ، مەسىلەن: سواء عليهم أأنــذرتهم أم لم تنــذرهم (مــەيلى ئــۇلارنى ئاگاھلاندۇرامســەن، ئاگاھلاندۇرمامســەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەربىر ...). آلذَّكَرَيْنِ حَرَّمَ أَمِ الأُنْثَيَيْنِ (ئاللا ئەركەكلىرىنى هارام قىلدىمۇ ياكى چىشىلىرىنىمۇ؟)

ياكى «بَلْ» مەنىسى بىلەن جۈملىنى ئۆزگۈچى بولۇپ كېلىدۇ، ئۇ ئۇنداق ئەمەس، دېگەن مەنىدە. مەسىلەن: أم يقولون افْتَرَاهُ (ياكى ئۇلار ئۇنى ئويدۇرۇپ چىقاردى دەمدۇ؟)

11) «أَمَا». ئۇ «أَلاَ»نىڭ ئورنىدا بولغان باشلاش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ھەرپى.

12) «أَمَّا». ئۇ شەرت، تەكىت ۋە تەپسىلاتنىڭ ھەرپى، مەسىلەن: **فأمَّا الذين شقوا ففي النار، وأمَّاالذين سعدو ففي الجنة** (ئازغان كىشىلەر بولسا دوزاختا، بەختلىك كىشىلەر بولسا جەننەتتەدۇر).

13) «إمَّا». ئۇ ئايرىش ھەرپىدۇر، مەسىلەن: **إنّا هديناه السبيلَ إمَّا شاكرًا وإمَّا كفورًا** (شەكسىزكى، ئۇنىڭغا بىز يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ ياكى شۈكۈر قىلغۇچى بولىدۇ ياكى ئىنكار قىلغۇچى بولىدۇ).

14) «أَمْسِ». زىرگە مەبنى قۇرۇلمىلىق بولغان ئۆتكەن كۈننىڭ رەۋىشى ئۇ نصب ئورنىدا.

15) «إنْ». ئۇ ① ساكىن قىلغۇچى شەرتنىڭ ھەرپى، مەسىلەن: **وإنْ تعودوا نعد** (ئەگەر سىلەر قايتساڭلار قايتىمىز) ② «إنَّ»نىڭ يېنىكلىتىلگەن شەكلى، مەسىلەن: **وإنْ كُلا لما ليو فِّيَنَّهُمْ رَبُّكَ** (مەيلى قانداقلا ئادەم بولسۇن، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ) ③ ھەرىكەت قويۇلمىغان بولىدۇ، مەسىلەن: **إنْ كلُّ نفْسٍ لما عليها حافظ** (شەكسىزكى ھەربىر ئادەم ئۈستىدە ئۇنى قوغدىغۇچى پەرىشتە بار)، ئەگەر ھەرىكەت قويۇلمىغان بولسا ئۇنىڭ خەۋرىگە «لام» لازىم بولىدۇ ياكى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ، مەسىلەن: **إن الكافرون إلاَّ في**

غرور (دىنسىزلار پەقەت مەغرۇرلىقتا يۈرىدۇ).

16) «أنْ». ئۇ ياكى ضمير مەسىلەن: «أن» بولسا سىزنىڭ «أنت» ياكى ئۇنىڭدىن باشقا سۆزنىڭىزدىكى «أنْ»، «التاء» بولسا خىتاب ھەرپى ياكى مصدر ھەرپى ياكى نصب قىلىش ھەرپى بولىدۇ، مەسىلەن: يريد الله أنْ يخفف عنكم (ئاللا سىلەردىن يېنىكلىتىشنى ئىرادە قىلىدۇ)، وأن تصوموا خيرلكم (روزا تۇتۇشۇڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر) ياكى «أنْ»نىڭ يېنىكلىتىلگەن شەكلى بولىدۇ، ئۇ ئىسمىنى نصب قىلىدۇ، خەۋىرىنى رفع قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى چۈشۈپ قالغان بىر ضمير بولىدۇ، ئۇنىڭ بەلگىسى جەزمىيەت پېئىلىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا چۈشكەن نەرسىنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ، مەسىلەن: علم أنْ سيكونُ منكم مرضى (ئاللا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا كېسەل بارلىقىنى بىلدى) ياكى تەپسىر ھەرپى بولىدۇ، مەسىلەن: فأوحينا إليه أن اصنع الفلكَ (بىز ئۇنىڭغا كېمە ياساشنى ۋەھيي قىلدۇق).

17) «إنَّ». ئۇ تەكىت ۋە نصب قىلىش ھەرپى، ئۇ ئىسمىنى نصب، خەۋىرىنى رفع قىلىدۇ.

18) «أنَّ». ئۇ مصدر ۋە نصب قىلىش ھەرپى، ئۇ ئىسمىنى نصب، خەۋىرىنى رفع قىلىدۇ.

19) «آنفًا». ئۇ يېقىن زاماننىڭ رەۋىشى، رەۋىش بولغانلىقىغا ئاساسەن نصب ئوقۇلغان، مەسىلەن: ماذا قال آنفًا (ئۇ ھېلىلا نېمە دېدى؟)

20) «أهلا وسهلاً». ئۇ چۈشۈپ قالغان پېئىلنىڭ نصب ئوقۇلغان مفعول، ئۇنىڭ ئەسلى صادفتَ أهلا وسهلا (خاتىرجەم، ئاسانلىق ئىچىدە كۆرۈشتۇق) دېگەن مەنىدە.

21) «أوْ». ئۇ باغلاش ھەرپى، ئۇنىڭ ئون ئىككى مەنىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بار، ئۇنى باشقا ماتېرىياللاردىن ئىزدەڭ.

22) «أوَّهْ». ئۇ كېلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ ئىسمى، «أتوجع» (بولالمىدىم)، دېگەن مەنىدە.

23) «أيْ». ئۇ ياكى چاقىرىش ھەرپى، مەسىلەن: أي ربّ (ئى پەرۋەردىگار) ياكى تەپسىر ھەرپى، مەسىلەن: عندي عسجد أي ذهب (مەندە ئالتۇن بار) ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن نەرسە، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى نەرسىگە بايانىنىڭ ئۇلىغۇچىسى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن بەدەل بولىدۇ.

24) «إِي». ئۇ «نعم»نىڭ ئورنىدىكى جاۋاب ھەرپى، ئۇ پەقەت قەسەمنىڭ ئالدىدىلا كېلىدۇ، مەسىلەن: قل إي وربي إنه لحق (دېگىن سەن: ھەئە، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە ھەقتۇر).

25) «أيٌّ». ئۇ ياكى ساكىن قىلغۇچى شەرتنىڭ ئىسمى بولىدۇ، مەسىلەن: أيًّا ما تدعوا فله الأسماء الحسنى (سىلەر قايسىنىلا دېمەڭلار، ئۇ ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى باردۇر) ياكى سوئال ئالمىشى بولىدۇ، مەسىلەن: أيُّكم زادتهُ هذه إيمانًا (بۇ ئايەت سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى زىيادە قىلدى؟) ياكى نىسپىي ئالماش ئورنىدا كېلىدۇ، مەسىلەن: لننزعنّ من كل شيعة أيُّهُمْ أشدُّ (ئاندىن ھەربىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئاسىي بولغانلىرىنى تارتىپ چىقىرىمىز) ياكى مۇكەممەللىككە دالالەت قىلىدىغان ئىسىم بولىدۇ، مەسىلەن: مررتُ برجلٍ أيِّ رجلٍ (مەن بىر ھەقىقىي ئەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم) ياكى «ألْ» بولغان نەرسىدە چاقىرىش ئۈچۈن ۋاسىتە بولۇپ كېلىدۇ، مەسىلەن: يا أيُّهَا الإِنْسَانُ (ئى ئىنسان).

26) «أيَا». ئۇ چاقىرىش ھەرپى.

27) «إِيَّا». ئۇ ئالماش، مەسىلەن: إِيَّاكَ (ساڭىلا) ۋاھاكازالار .....

28) «أيضًا». ئۇ نصب ئوقۇلغان مصدر.

29) «أيمُ الله». ئۇنىڭ مەنىسى كۆپ، ئۇ قەسەم ئۈچۈن قويۇلغان بىر ئىسىم شۇنداقلا مبتدأ. «لفظ الجلالة» يەنى ئاللاھنىڭ لەبزى مضاف إليه (ئۇنىڭغا قوشۇلغان) خەۋىرى چۈشۈپ قالغان، ئەسلى أيم الله قسمي (ئاللاھ بىلەن قەسەمكى).

## «ب» ھەرپىنىڭ ئون خىل شەكلى

1) «الباء». ئۇ ياكى زىر قىلغۇچى ھەرپ ياكى قەسەم ۋە زىر قىلىش ھەرپى، ئۇنىڭ مەنىسى كۆپ، ئۇلارنى ماتېرىياللاردىن ئىزدەڭ.

2) «بِئْسَ». ئۇ سۆكۈش پېئىللىرىدىكى ئۆتكەن زامان پېئىلى، مەسىلەن: بئسَ الشرابُ (بۇ شاراب نېمىدېگەن يامان).

3) «بَتَّةَ». ئۇ توغرىسىدا لا أفعله البتَّةَ أي أصلاً (ئۇنى ئەسلا قىلمايمەن) دېيىلىدۇ.

4) «بَجَلْ». ئۇ «نعم» مەنىسىدىكى جاۋاب ھەرپ.

5) «بَخْ». ئۇ ماختاش ۋە رازى بولغاندا دېيىلىدىغان بىر سۆز.

6) «بَلْ». ئۇ باغلاش ۋە تورلەندۇرۇش ھەرپى.

7) «بَلَهَ». ئۇ ئاخىرى ئاشكارا زەۋەرگە مەبنى قۇرۇلمىلىق بولغان «دَعْ» مەنىسىدىكى بۇيرۇق پېئىل ئىسمى.

8) «بلى». ئۇ مەخسۇس نفي (بولۇشسىز)غا جاۋاب بېرىشتە قوللىنىدىغان جاۋاب ھەرپى. مەسىلەن: ألست بربكم قالوا بلى (مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟ ئۇلار: ھەئە، شۇنداق، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز دېيىشتى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



9) «بَيْدَ». ئۇ «غير» مەنىسىدە كەلگەن ئىسىم، ئۇ پەقەت نصـــــبلا بولىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگەن جۈملە ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: إنهُ كثيرُ المالِ بَيْدَ أنه بخيل (ئۇ گەرچە بېخىل بولسىمۇ مېلى كۆپ ئادەم).

10) «بَيْنَ». ئۇ وسط (ئوتتۇرى) دېگەن مەنىسىدىكى رەۋىش.

## «ت» ھەرپىنىڭ ئىككى خىل شەكلى

1) «تــاء» ھەرپى. ئۇ ياكى «أنــتَ، أنــت» ۋە شۇلارغا ئوخشاشلىرى قاتارىدىكى خىتاب ھەرپى ياكى پېئىللارنىڭ ئاخىرىدا رفع ئوقۇلغان ضمير مەسىلەن: قُمْتُ (تۇردۇم).

ياكى ئاياللىق جىنس تۇرىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. مەسىلەن: قامتْ (ئۇ تۇردى).

ياكى قەسەمنىڭ ۋە زىر قىلغۇچىنىڭ ئىسمى مەسىلەن. تالله (ئاللا بىلەن قەسەمكى).

2) «تعــالَ». حــرف علّــةنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا مەبنى قۇرۇلمىلىق بولغان، ئەلىف ئۇنىڭ ئالدىدا كەلگەن زەۋەر ئۇنىڭغا دەلىل.

## «ث» ھەرپىنىڭ ئىككى خىل شەكلى

1) «ثُمَّ». ئۇ باغلاش، تەرتىپلەش ۋە مۆھلەت بېرىش ھەرپى.

2) «ثَمَّ». ئۇ يىراق بىر ئورۇننى كۆرسىتىدىغان ئىسىم. ئۇ رەۋىشلىكىگە ئاساسەن نصب ئوقۇلغان ئورۇن رەۋىشى.

## «ج» ھەرپىنىڭ ئىككى خىل شەكلى

1) «جَلَلْ». ئۇ «نعم» مەنىسىدىكى جاۋاب ھەرپى.

2) «جَيْرِ». ئۇمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش جاۋاب ھەرپى.

## «ح» ھەرپىنىڭ ئالتە خىل شەكلى

1) «حاشا». ئۇ پاكلاش پېئىلى، مەسىلەن: حاشا اللهِ (ئاللا پاكتۇر) ياكى ئايرىش ھەرپى، ئۇ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن.

2) «حَبَّذَا زيدٌ». ئۇنىڭ ھەرىكىتى «حَبَّ» ئۇ «نعْمَ» مەنىسىدىكى ماختاشنى تۇرغۇزىدىغان ئۆتكەن زامان پېئىلى؛ «ذا» ئىشارەت ئىسمى شۇنداقلا رفعنىڭ ئورنىدا ساكىنغا مەبنى قۇرۇلمىلىق بولغان «فاعل»، پېئىل ۋە پائىلنىڭ جۈملىسى رفعنىڭ ئورنىدا ئىلگىرى كەلگەن خەۋەر، «زيدٌ» رفع ئوقۇلغان، كېيىن كەلگەن مبتدأ.

3) «حَتَّى». ئۇ ياكى زىر قىلغۇچى ھەرپ مەسىلەن: سلام هي حتى مطلع الفجر (ئۇ كېچىدە تاڭ يورۇغىچە خاتىرجەملىك بار) ياكى «إلى» مەنىسىدىكى نىشان، غايە ۋە زىر قىلغۇچى ھەرپ، مەسىلەن: أكلت السمك حتى رأسها (مەن بېلىقنى بېشىغىچە يېدىم).

ياكى «اللام» مەنىسىدە سەۋەب ۋە زىر قىلغۇچى ھەرپ، ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىش توغرا بولغان يوشۇرۇن «أن» بىلەن نصب ئوقۇلغان كېلىدىغان زامان پېئىلى كېلىدۇ، ئۇ نصب قىلغۇچىلارنىڭ بابىدا سۆزلەنگەن.

ياكى باغلاش ھەرپى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدىكى نەرسىنىڭ بىر قىسمى بولۇشنى ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن كەمتۈكلۈك ۋە زىيادىلىكتە بىر نىشان بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ئۇنىڭ ئالدىدىكى نەرسىدىن ئۇنى ئايرىپ چىقىرىۋېلىش توغرا بولىدۇ.

مەسىلەن: قدم الحجاج حتى المشاةُ (ھاجىلار كەلدى ھەتتاكى پىيادە ماڭغانلىرىمۇ) مات الناس حتى الأنبياءُ (كىشىلەر ئۆلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com



ھەتتاكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆلدى).

ياكى باشلاش ھەرپى بولىدۇ. ئۇ ئىسىملىق جۈملىگە كىرىدۇ.

مەسىلەن:

فما زالت القتلى تمج دماءها

بدجلةَ حتى ماء دجلة اشكلُ

(ئۆلۈش بولىۋەردى. ئۇنىڭ قېنى دەجلە دەرياسىغا ئېقىۋەردى. ھەتتاكى دەجلە دەرياسىنىڭ سۈيى پەرقسىز بوپقالدى).

4) «حَيْثُ». ئۇ مەبنى قۇرۇلمىلىق ئورۇن رەۋىشى، ئۇ ئىسىملىق جۈملىگە ياكى پېئىللىق جۈملىگە ئىزاپ بولۇش لازىم.

مەسىلەن: أجلس حيث زيدٌ جالس (زەيد ئولتۇرغان جايدا ئولتۇرىمەن)، أجلس حيث جلس زيدٌ (زەيد ئولتۇرغان جايدا ئولتۇرىمەن).

5) «حيثما». ئۇ ساكىن قىلغۇچى شەرتنىڭ ئىسمى.

6) «حيَّ على، أو حيهلا». ئۇ أقبلْ (كەلگىن)، مەنىسىدىكى بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئىسمى.

## «خ» ھەرپىنىڭ بىر خىل شەكلى

1) «خلا». ئۇ ئايرىش ھەرپى بولۇپ، نصب ئوقۇتقۇچى پېئىل ياكى حرف جرّ. بۇلار إستثناء بابىدا بايان قىلىنغان.

## «د» ھەرپىنىڭ بىر خىل شەكلى

1) «دُونَ». ئۇ نصب ئوقۇلغان ئورۇن رەۋىشى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى نەرسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## «ذ» ھەرپىنىڭ ئىككى خىل شەكلى

1) «ذا، ذي» ۋە ئۇ ئىككىسىگە ئەگەشكەن نەرسىلەر ئىشارەت ئىسىملىرىدىندۇر، ئۇ يۇقىرىدا سۆزلەندى.

2) «ذو». ئۇ صاحب (ھەمراھ، ئىگە) مەنىسىدە كەلگەن، ئۇ بەش ئىسىمنىڭ قاتارىدىن، ئۇنىڭ ئاياللىق جىنس تۈرى «ذاتُ» (صاحبة -ئايال ھەمراھ) دېگەن مەنىدە، مەسىلەن: ذاتُ عقلٍ (ئەقىللىق ئايال). ذَوَاتــا أفنــان (ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار)، ذوابَي أكُلٍ خَمْط وأثْلٍ وشَيْئٍ من سدرٍ قليلٍ (... ئاچچىق مېۋىلىك، يۇلغۇنلۇق، ئاز- تولا سىدىرلىق... ).

## «ر» ھەرپىنىڭ ئىككى خىل شەكلى

1) «رُبَّ». ئۇ ئازلىتىش ۋە زىر قىلىش ھەرپى، ئۇ ئۆزىنىڭ زىر ئۇقۇلغۇچىسىنىڭ سۈپەتلەنگەن نكــــرة بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. مەسىلەن: رُبَّ رجلٍ صالحٌ لقيتهُ (ئاز ياخشى ئىش قىلىدىغان بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم).

2) «رَيْثَ». ئۇ ۋاقىت رەۋىشى، مەسىلەن: انتظرني ريثما أحفظُ درْسِي (دەرسنى يادقا ئېلىپ بولغىچە مېنى ساقلىغىن).

## «س» ھەرپىنىڭ بەش خىل شەكلى

1 –، 2-) «السين، سوف». بۇ ئىككىسى كەلگۈسى زامان ھەرپلىرى، ئۇ ئىككىسى كۆتۈرۈۋېتىش، ئېچىش ھەرپلىرى دېيىلىدۇ، ئۇ ئىككىسى كېلىدىغان زامان پېئىللىرىغا خاس.

3) «سيٌّ، لا سيَّمَا» ۋەزىن ۋە مەنا جەھەتتىن ئوخشاش، ئۇنىڭ ئىككىلىك ھالىتى «سيّان» ئۇ ئۆزىنىڭ «ياء» سىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەشدىدلىك بولۇشىنى شەرت قىلمىدۇ، ئۇنىڭغا «لا» كىرىدۇ، «واو» «لا»نىڭ ئۈستىگە كىرىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭدىن كېيىن معرفة كەلسە، ئۇ رفع، جرّ بولسا بولىدۇ، ھەمدە «لا» جنس تۈرىنى بولۇشسىز قىلغۇچى بولىدۇ.

«سيَّ» نىڭ ئىسمىسى نصب لىك، «ما» موصول ياكى رفع لىك ھالەتتىكى سۈپەتلەنگەن نكرة دۇر. مەسىلەن: لاسيما زيدٌ (زەيدتىن باشقىسى)، ئۇنىڭ ئەسلى: لاسيَّ الذى هو زيدٌ (ھېلىقى زەيدتىن باشقىسى) ياكى لاسيَّ شيءٌ هو زيدٌ (ئۇ زەيد بىر نەرسە ئەمەس).

جرّ لىك ھالەتتە «ما» ئارتۇق، «زيد» مضاف إليه. ئۇنىڭ ئەسلى: لاسيَّ زيد أي لامثل زيد (زەيدتەك ئەمەس). ئەگەر «ما»دىن كېيىن نكرة كەلسە رفع، نصب، جرّ ئوقۇش توغرا. رفع، جرّ نىڭ مىسالى ئىلگىرى بايان قىلىندى. بىراق نصبدە «ما» كافّة، «ما» دىن كېيىنكىسى تمييز بولىدۇ. مەسىلەن: لاسيّما رجلٌ في الدار ورجلاً ورجلٍ

4) «سُوَاء». ئۇنىڭ مەشھۇر مەنىلىرى تۆت: ① باراۋەر دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئەگەر سوزسىڭىز «السين»نى زەۋەر ئوقۇيسىز، ئەگەر قىسقا ئوقۇسىڭىز زىر ئوقۇيسىز، مەسىلەن: «مررت برجل سَواءٍ والعدمُ»، مكانا سوًى (مۆئەييەن جايىنى ...) ② ۋە ③ مەنىسى ئوتتۇرا، مۇكەممەل دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ۋە ئۇنى سوزۇش ۋە زەۋەر ئوقۇش لازىم، مەسىلەن: في سواء الجحيم (جەھەننەمنىڭ ئوتتۇرىدا)، هذا درهم سَوَاء أي تام (بۇ دەرھەملەر تولۇق). ④ باشقا ياكى ئۆزگە مەنىدە كېلىدۇ. زەۋەر بىلەن سوزۇپ ئوقۇلىدۇ، پەش بىلەن قىسقا ئوقۇلىدۇ. زىر بىلەن سوزۇپ ئوقۇلىدۇ ۋە قىسقا ئوقۇلىدۇ ۋە سۈپەت ياكى ئايرىغۇچى بولىدۇ، مەسىلەن: ماجاءنى

أحدٌ سواك (سېنىڭ يېنىمغا زەيدتىن باشقىسى كەلمىدى).

5) «سَاءَ». ئۇ سۆكۈش پېئىللىرىدىن بولغان بىر پېئىلدۇر، ئۇ يۇقىرىدا ئۆزىنىڭ بابىدا بايان قىلىندى.

## «ع» ھەرپىنىڭ سەككىز خىل شەكلى

1) «عَدَا». ئۇ إستثناء ھەرپلىرىدىن بىرى.

2) «على». ئۇ ئىسىمنى زىر قىلغۇچى ھەرپ، ئۇنىڭ توققۇز مەنىسى بار: يۇقىرى قىلىش، بىللە بولۇش، ئۆتكۈزۈش، سەۋەب، رەۋىش «با» گە مۇۋاپىق كېلىش، «مِن»غا مۇۋاپىق كېلىش، ئىدراك قىلىش ۋە زىيادە بولۇپ كېلىش قاتارلىقلار . . ئۇنىڭ مىساللىرى باشقا ماتېرىياللاردا.

بەزى ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى نەرسىگە شەرت بولۇپ كېلىش چۈشىنىلىدىغان تەرىقىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: على أنْ تأجرني ثماني حجج (ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشكە ...)، يبايعنك على أنْ لايشركنَ بالله (ئۇلار ساڭا ئاللاغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بەيئەت قىلىدۇ)،

ياكى «فوقَ» (ئۈستىدە) مەنىدە ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ.

3) «عنْ». ئۇ ① زىر قىلغۇچى ھەرپ، ئۇنىڭ ئون مەنىسى بار: ئۆتكۈزۈۋېتىش، بەدەل، يۇقىرى قىلىش، سەۋەب ئۈچۈن ۋە «بَعْدُ» (كېيىن) «في» (دا، تا) «مِنْ» (دىن، تىن)، «الباء» (بىلەن، بىللە) مەنىلىرىدە ۋە ياردەم، ئارتۇق مەنىلىرىدە كېلىدۇ. مىساللار باشقا ماتېرىياللاردا . . .

② بەنى تەمىمنىڭ لۇغىتىدە مەسدەرنىڭ ھەرپى بولىدۇ، «أنْ»گە ئوخشاش ياكى «جانب» (يېنىدا) دىگەن مەنىدە ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: مِنْ عن يميني تارةً وأمامي (مېنىڭ ئوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەرپىمەدىن بىر قىتىم ۋە ئالدىمەدىن . . .).

4) «عوض». ئۇ كەلگۈسى زامانىنى ئايرىيدىغان بىر رەۋىش، «أبدًا» (مەڭگۈ) دېگەنگە ئوخشاش، ئۇ ئەگەر ئىزافەت قىلىنسا بولۇشسىزغا خاس بولىدۇ. مەسىلەن: لا أفعله عوَض العائضين (ئۇنى ئەبەدىلئەبەد قىلمايمەن)، ئۇ زەۋەر ئوقۇلغان رەۋىش بىلەن ئىئراب بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇ بولۇشسىز بولسا ياكى پىچ ياكى زەۋەر ياكى زىر ئوقۇلۇش ھەممىسى توغرا.

5) «عسى». ئۇ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىشلاردا ئۈمىدنىڭ پېئىلى، يامان كۆرۈلىدىغان ئىشلاردا قورقۇش پېئىلى، ئۇ «كان»نىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، مەسىلەن: عسى زيد يقوم (زەيد ئۆرە تۇرۇشى مۇمكىن)، ئەگەر ئۇنىڭغا ضميردىن خالىي بولۇش تەقدىر قىلىنسا. تولۇق پېئىلمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: عسى أنْ يقوم زيدٌ (بەلكىم زەيد تۇرۇشى مۇمكىن).

6) «عَلُ». ئۇ يېنىك لام بىلەن «فوقَ» (ئۈستىدە)، مەنىسىدە كەلگەن ئىسىم، ئۇنىڭغا ئىككى ئىش لازىم بولىدۇ. «مِنْ» بىلەن زىر بولۇشى، ئىزافەتسىز ئىشلىتىلىشى.

7) «عَلَّ». ئۇ «لعَلّ» لۇغىتىدىكى بىر سۆز، ئۇ ئۈمىد قىلىش ۋە زەۋەر قىلىش ھەربى.

8) «عند». ھازىرقى ياكى يېقىنقىنىدا يۈز بەرگەن ئىشنى مەيلى سېزىم جەھەتتىن ياكى مەنا جەھەتتىن بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن رەۋىش. ئۇ بەزى ۋاقىتتا زامانىنى كۆرسىتىدۇ، «من» بىلەنلا زىر ئوقۇلىدۇ.

## «غ» ھەرپىنىڭ بىر خىل شەكلى

1) «غير». ئۇ ياكى نكرة ئۈچۈن سۈپەت بولىدۇ، مەسىلەن:

إرجعنا نعمل صالحًا غير الذى كنا نعمل (بىزنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن. بىز قىلغان ئەمەلنىڭ غەيرىي بولغان ياخشى ئەمەلنى قىلىمىز).

ياكى نكرةگە يېقىن بولغان معرفة ئۈچۈن سۈپەت بولىدۇ، مەسىلەن: غيرالمغضوب عليهم (غەزەب قىلىنغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس)

ياكى إستثناء ھەرپى بولىدۇ، ئۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان.

## «ف» ھەرپىنىڭ ئۈچ خىل شەكلى

**1)** الفاء المفرد (يەككە، خاس فاء). ئۇ ئىككى خىل. بىرىنچى خىلى، ئۇ باغلىغۇچى. ئۇ ئۈچ ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى: تەرتىپلىك، ئۇ ئىككى تۈرلۈك: بىرى، مەنىۋى جەھەتتىن بولىدۇ، مەسىلەن: قام زيد فَعَمْرٌو (زەيد تۇردى، ئۆمەرمۇ تۇردى). يەنە بىرى «ذكريّ» (ئەسكە ئېلىش) بولىدۇ، ئۇ تەپسىلىي ئىشنى مۇجمەل ئىشقا باغلايدۇ، مەسىلەن: فأزلّهُمَا الشيطانُ فأخرجَهُمَا (ئۇ ئىككىسىنى شەيتان ئازدۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسىنى (جەننەتتىن) چىقاردى)، فقد سألوا موسى أكبرَ من ذالك فقالوا (ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭدىن چوڭىراق سورىدى، ئۇلار دېدى ..). ئىككىنچىسى، «التعقيب» (ئەگىشىش)، مەسىلەن: جاء زيدٌ فعمرٌو أي فعقبه عمرو (زەيد كەلدى، ئەمرمۇ كەلدى، يەنى ئەگىشىپ كەلدى). ئۈچىنچىسى، «السببية» (سەۋەب ئۈچۈن)، ئۇ كۆپىنچە ھالدا جۈملىنى ياكى سۈپەتنى باغلاپ كېلىدۇ، مەسىلەن: فوكزه موسى فقضى عليه (مۇسا ئۇنى بىر قويۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى) فتلقّى أدم من ربّه كلمات فتاب عليه (ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىدىن بىر قانچە سۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆگىنىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇنىڭ تۆۋىسىنى قوبۇل قىلدى). لأكلون من شجر من زقوم، فمالئون منها البطون، فشاربون عليه من الحميم (ئۇلار زەققۇم دەرىخىدىن يېتكۈچىلەردۇر، ئۇنىڭدىن قوساقلار تولدۇرۇلىدۇ، قىزىق قايناق سۇ ئىچكۈچىلەردۇر).

ئىككىنچى خىلى: بۇ «الفاء» جاۋابقا باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۇ يەتتە ئورۇندا كېلىدۇ، ئۇنى بەزى ئالىملار تۆۋەندىكى سۆزگە جۇغلىغان: «إسمية» (ئىسىم خاراكتېرلىك بولسا)، «طلبية» (ئىلتىماس خاراكتېرلىك بولسا)، «جامد» (ماختاش مەنىسىدە كەلسە)، «ما، قد، لن»لەر بىلەن كەلسە، «التنفيس» (ئايرىش ئۈچۈن كەلسە)، مەسىلەن: إنْ يمسسك بخير فهو على كل شيئ قدير (ئەگەر ساڭا ياخشىلىق يەتسە، ئاللا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر). إنْ كنتم تحبون الله فاتبعوني يحببكم الله (ئەگەر سىلەر ئاللانى ياخشى كۆرسەڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، ئاللا سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ). إنْ ترني أنا أقلّ منك مالاًوولدًا فعسى ربي (سەن مېنى مال ۋە بالا جەھەتتە سەندىن ئاز دەپ قارىساڭمۇ ئۈمىدكى پەرۋەردىگارىم . . .)، إنْ يسرق فقد سرق أخ له (ئەگەر ئۇ ئوغرىلىق قىلغان بولسا ئۇنىڭ قېرىندىشىمۇ ئوغرىلىق قىلغان بولاتتى). وما تفعلوا من خير فلن تُكْفروه (ياخشىلىقتىن نېمىنىلا قىلساڭلار ھەرگىز بىكار كەتمەيدۇ). وانْ خفتم عَيْلَةً فسوف يغنيكم الله (ئەگەر سىلەر كەمبەغەللىكتىن قورقساڭلار ئاللا سىلەرنى باي قىلىدۇ).

شۇنداقلا شەرتنىڭ جاۋابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: الذى يأتيني فله درهم (مېنىڭ يېنىمغا كەلگەن كىشى، ئۇنىڭغا بىر دەرھەم بېرىمەن).

2) «فضلاً عن ذالك» (ئۇنىڭدىن باشقا). ئۇ ئەڭ تۆۋەن

دەرىجىدىكى ئىشمۇ يىراق سانىلىدىغان، ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق نەرسە مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىلىدىغان ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ چۇشۇپ قالغان پېئىلنىڭ مصدر شەكلى، يەنى «فَضَلَ فَضْلاً»

3) «فِي». ئۇ زىر قىلىش ھەرپى، ئۇنىڭ ئون مەنىسى بار: رەۋىش، ھەمراھ بولۇش، سەۋەب ئۈچۈن، يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە «الباء» ۋە «إلَى» ۋە «مِنْ» مەنىلىرىدە كەلگەنلىرى، «والمقايسة» (قىياس قىلىش)، «والزائدة للتعويض أو للتوكيد» (بەدەل ئۈچۈن ياكى تەكىت ئۈچۈن زىيادە بولۇپ كېلىش)، بۇلارنىڭ مىسالى باشقا ماتېرىياللاردا...

## «ق» ھەرپىنىڭ ئىككى خىل شەكلى

1) «قَد». ئۇ ياكى ھەرپ خاراكتېرلىك ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك بولىدۇ.

ھەرپ خاراكتېرلىك بولغىنى پەقەت پېئىلغىلا كېلىدۇ، ئۇنىڭ بەش مەنىسى بار: «التَّوَقُّعُ» (كۆزدە تۇتۇش)، «والتقريب» (مۆلچەر)، «والتعليل» (سەۋەب ئۈچۈن)، «والتكثير» (كۆپەيتىش)، «والتحقيق» (كۈچەيتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش).

ئىسىم خاراكتېرلىك بولغىنى «حَسْبُ» (يېتەرلىك دېگەن) مەنىدە كېلىدۇ، مەسىلەن: «قد زيدٌ درهمٌ» (زەيدكە بىر دەرھەم يېتەرلىك).

2) «قَطُّ» ئۇ ئۈچ خىل بولىدۇ، ① ئۆتكەن زاماندىكى نەرسە ئۈچۈن ۋاقىت رەۋىش بولۇپ كېلىدۇ، ئۇ پەقەت ئۆتكەن زاماندىكى بولۇشسىزغا خاس، مەسىلەن: ما فعلته قط (مەن ئۇنى قەتئىي قىلمىدىم). ② «حَسْبُ» مەنىسىدە كېلىدۇ، ئۇ ئۇلاردىن (ئەرەبلەردىن) پەقەت «فاء» بىلەنلا ئاڭلانغان، كېلىشى لازىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولغان ئارتۇق «فاء»دۇر، مەسىلەن: **أخذت درهما فقط** (مەن پەقەت دەرھەمنى ئالدىم). ③ پېئىلنىڭ ئىسمى بولۇپ «**يكفي**» (كۇپايە) مەنىسىدە كېلىدۇ، مەسىلەن: «**قَطْنِي**» (ماڭا يېتەرلىك كۇپايە)، يەنى «**يَكفيني**».

## «ك» ھەرپىنىڭ ئۇن ئىككى خىل شەكلى

**1**) «**الكاف**» ئۇ ئىسىمنى زىر قىلىدىغان، ئىسىمنى زىر قىلمايدىغان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئىسىمنى زىر قىلغۇچى بولسا ھەرپ ياكى ئىسىم بولىدۇ، ئىسىمنى زىر قىلغۇچى بولۇپ كەلگەن مەزكۇر ھەرپنىڭ بەش خىل مەنىسى بار: ① «**التشبيه**» (ئوخشىتىش)، ② «**التعليل**» (سەۋەب ئۇچۇن)، ③ «**على**» (ئۈستىدە)، ④ «**والمبادرة**» (ئالدىراش)، ⑤ «**والتوكيد**» (تەكىت).

ئىسىم خاراكتېرلىك ئىسىمنى زىر قىلغۇچى بولسا «**مِثْلَ**» مەنىسىدە كېلىدۇ، ئۇ «**فاعل**» بولىدۇ.

مەسىلەن: **ما عاتب الحر الكريم كنفسه** (ئەركەك مەرد كىشى ئۆزىنى تەنقىدلىگەندەك باشقىلارنى ئەيىبلىمەيدۇ).

تولدۇرغۇچى (**مفعول**) بولۇپمۇ كېلىدۇ، مەسىلەن:

«**لا يُبرمون إذا ما الأفق جُلِّلُهُ**

**بردُ الشتاء مِن الأمحال كالأرم**»

(ئۇپۇقتا سوغۇق قىشتىكى زېمىن يۈزىدىكى بەلگىدەك يوروق بولسىلا ئۇلار قارار چىقارمايدۇ).

ۋە ئۇ مبتدء بولىدۇ ۋە «كان»نىڭ ئىسمىسى بولىدۇ ۋە زىر قىلىنغۇچى ۋە ئىزافەت قىلىنغان بولىدۇ، مىساللار باشقا ماتېرىياللاردا...

ئەمما حرف الجرّ ئەمەس «**الكـاف**» بولسا ئىككى تۈرلۈك

بولىدۇ، منصوب ياكى مجرور، ضمير.

مەسىلەن: ما ودعك ربك وما قلى وللأخرة خيرلك من الأولى ,سېنى تاشلىۋەتمىدى ۋە غەزەبمۇ قىلمىدى). ئاخىرەت سەن ئۈچۈن دۇنيادىن ياخشى.

ئىئىرابتىن ئورنى بولمىغىنى خىتاب ھەرپى، ئىشارەت ئىسىملىرى ۋە بەزى ئىسىم پېئىلىلارغا قوشۇلىدۇ. مۇستەقىل ئوقۇلغان ضمير لار ئۈچۈن نصب لايىق، مەسىلەن: ذالك، تلك، رويدك، أرَأيْتَك، إياك، إياكما.

2) «كَأنَّ». ئۇ «إنَّ» تۈركىدىكىلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ تۆت مەنىسى بار: ① «التشبيه» (ئوخشىتىش)، ② «والظن» (گۇمان قىلىش)، ③ «والتقريب» (تەخمىنلەشتۈرۈش)، ④ «والتحقيق» (كۈچلەندۈرۈش).

3) «كافَّةً». بۇ نصب ئوقۇلغان «كُلُّهُمْ» (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) دېگەن مەنىدىكى ھالەت.

4) «كَمْ». ئۇ ياكى كۆپلۈك ئۈچۈن خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ ياكى سانى بويىچە دېگەن مەنىدە سوئال بولۇپ كېلىدۇ، ئۇ ئىككىسى بەش ئىشتا تەڭلىشىدۇ. ① «الإسمية» (ئىسىم خاراكتېرلىك بولۇش)، ② «والإبهام» (مەنا غۇۋالىق جەھەتتە)، ③ «تمييز» (پەرقلەندۈرۈشكە) موھتاج بولۇشتا. مەبنى بولۇشقا ۋە باشتا كېلىش قاتارلىقلار. بەش ئىشتا ئوخشىمايدىغان كېلىدۇ.

ئۇنىڭ بىرى خەۋەر بىلەن كەلگەن سۆز سوئال خاراكتېرلىك «كم»نىڭ ئەكسىچە راست ــ يالغانلىقى ئېھتىمال قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى: خەۋەر خاراكتېرلىك بولغىنى سوئال خاراكتېرلىكنىڭ ئەكسىچە جاۋابنى تەلەپ قىلمايدۇ.

ئۈچىنچى: خەۋەردىن ئېلىنغان ئىسىم سوئال خاراكتېرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەكسىچە ھەمزە بىلەن بىرگە كەلمەيدۇ. خەۋەر خاراكتېرلىك بولغاندا: **كَمْ عبيد لي خمسون بل ستون** (مېنىڭ ئەللىك ياكى ئاتمىش قۇللىرىم بار)، دېيىلىدۇ. سوئال خاراكتېرلىك بولغاندا: **كم مالك أعشرون أم ثلاثون** (سېنىڭ مېلىڭ قانچە؟ يىگىرمىمۇ ياكى ئوتتۇزمۇ؟) دېيىلىدۇ. ④ خەۋەر خاراكتېرلىكنىڭ **تمييزى** يەككە بولىدۇ، مەسىلەن: **كم عبد ملكت** (قانچە قۇلغا ئىگە بولدۇڭ؟ ياكى كۆپلۈك)، مەسىلەن: **كم عبيد ملكتُ** (قانچىلىغان قۇللارغا ئىگە بولدۇم). سوئال خاراكتېرلىك بولغىنىنىڭ **تمييز** ى پەقەت يەككە ھالەتتە بولىدۇ. ⑤ خەۋەر خاراكتېرلىك بولغىنىنىڭ **تمييز** نى زىر ئوقۇش كېرەك، سوئال خاراكتېرلىك بولغىنىنىڭ **تمييزى** بولسا مەڭگۈ **نصب** ئوقۇلىدۇ، **حرف الجرّ** بىلەن زىر قىلىنسا زىر ئوقۇلىدۇ. «**التمييز**» توغرىسىدا سۆزلىسەك، ئۇ كۆپ ھاللاردا زىر ياكى زەۋەر بولىدۇ، **مبتدء** ۋە ئۇنىڭ خەۋىرى، «**كان**»نىڭ ئىسمىسى ۋە ياكى «**مفعول**» ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار يۇقىرىقى جۈملىدە بولىدۇ. مەسىلەن: **كم رجلٍ قامَ** (نەچچە ئادەم تۇردى)، **كم غلامًا دخل ملكك** (مېلىڭغا قانچە غۇلام كىردى؟)، **كم دراهمك** (سېنىڭ نەچچە دەرھىمىڭ بار)، **كم غلامًا إشتريتَ** (نەچچە قۇل سېتىۋالدىڭ).

**5**) «**كَأَيِّنْ**». ئۇ ئىسىم خاراكتېرلىك خەۋەر «**كم**»گە ئوخشاش. ئۇ ئۇنىڭغا بەش ئىشتا مۇۋاپىقلىنىدۇ، مەنا غۇۋالىق جەھەتتە، **تمييز**گە موھتاج بولۇشتا، مەبنىگە، باشتا كېلىشكە ۋە كۆپلۈكنى ئىپادىلەپ بېرىش قاتارلىقلار. بەش ئىشتا قارىمۇقارشى كېلىدۇ: مۇرەككەپ تۈزۈلۈش، ئۇنىڭ «**تمييزى**»، «**من**» بىلەن زىر قىلىش، سوئال خاراكتېرلىك ۋە زىر قىلىنغان بولماسلىق ۋە ئۇنىڭ خەۋىرىنىڭ يەككە بولماسلىقى قاتارلىقلار. مىسالى: **فكأيِّنْ**

من قرية أهلكناها وهـــي ظالمـــة (نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ۋەيران قىلىۋەتتۇق.

6) «كذا». ئۇ ئۈچ تۈرلۈك: ① ئوخشىتىشنىڭ كاف ى دىن ۋە ئىشارەت ھەرپىدىن بولغان مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق. ② بىر سۆز بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سانىمايدىغان نەرسىلەر كىنايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا دېيىلىدۇ: مكان كذا وكـــذا (پالان – پالان ئورۇن). ③ ئۇنىڭ بىلەن سانىغىلى بولىدىغان نەرسىلەر كىنايە قىلىنىغان بولىدۇ، ئۇ تۆت ئىشتا «كأيِّنْ»گە مۇۋاپىق بولىدۇ. ① «التركيب» (تەركىب جەھەتتە)، ② «البنـــاء» (مەبنى بولۇش جەھەتتە)، ③ «والإبهام» (مەنا غۇۋالىق جەھەتتە)، ④ «والإفتقار إلَـى التمييـــز» (تەمىيزگە موھتاج بولۇش) قاتارلىقلار.

ئۈچ ئىشتا قارىمۇقارشى بولىدۇ: ① ئۇنىڭغا ئالدىدا كېلىش يوق. ② ئۇنىڭ تمييـــزى، نصـــب ئوقۇلۇشى لازىم. ③ ئۇنىڭغا كۆپىنچە ئەھۋاللادا ئۆزىگە ئوخشاش بىر نەرسە عطـــف قىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: قَبَضْتُ كذا وكذا درهمًا (مەن مۇنچىلىك، مۇنچىلىك پۇل ئالدىم).

7) «كـــلُّ». ئۇ نكـــرەدىن يەككىنى چىقىرىۋېلىش ۋە كۆپلۈكتىن معرفـــة بولغان ئىسىملارنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن قويۇلغان ئىسىم، معرفةلىك يەككىلىك تۈرلىرى. ئۇ كامالەتكە دالالەت قىلىش ئۈچۈن تەكىت ۋە سۈپەت بولۇپ كېلىدۇ، ئۇ ئىئرابنىڭ ئىشلىتىلىشى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: كـــل نفـــس ذائقـــة المـــوت (ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىدۇ)، كل زيد حسنٌ (زەيدنىڭ ھەممىسى ياخشى)، جاء القـــوم كلهم (قوۋمنىڭ ھەممىسى كەلدى)، هو الرجل كـــل الرجـــل (ئۇ ئەركەكلەرنىڭ ئەركىكى).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەگەر «كُلّ» بولۇشسىز (نفي)نىڭ دائىرىسىدە كەلسە، بولۇشسىزلىق ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىدۇ، بىرەر شەخسكە چۈشمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك نفي لىك ياكى ئومۇمنىڭ ئايرىلىشى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: لم أخذا كل الدراهم (ئۇ ئىككىسى دەرھەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئالمىدى). بۇشەكىل ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىشىنىڭ نفي بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرھەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىش ئومۇمىيۈزلۈك نفي بولۇپ كەتتى. ئەكسىچە بولغاندا ئۇنىڭ دائىرىسىگە نفي چۈشسە، ئۇ ھەربىر شەخسنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ ۋە ئۇ نفي نىڭ ئومۇمىي بولۇشى دەپ ئاتىلىدۇ ياكى ئايرىلىشنىڭ ئومۇمىي بولۇشى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: كلّ الدراهم لم أخذ (دەرھەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئالمىدىم). مانا بۇ «صيغة» ئېلىشنىڭ مۇمكىن بولىدىغان نفي بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەدىس شەرىفتە كەلگىنى بولسا: كل ذلك لم يكن (ئاشۇنىڭ ھەممىسى بولمىدى).

8) «كُلَّمَا». ئۇ نصب ئوقۇلغان رەۋىش، ئۇ تەكرار ئوقۇلىدۇ، «ما» مصدر ياكى بولۇشسىزنىڭ «ما»سى، ئۇنىڭ نصب ئوقۇلۇشى مەنەن جاۋاب بولۇپ كەلگەن پېئىل، ئۇنىڭ يېنىدىكى ۋە ئۇنىڭ جاۋابى پەقەت ئۆتكەن زاماندا كېلىدۇ. مەسىلەن: كلما رُزقوا منها من ثمرة رزقا قالوا... (ئۇلار ھەر قېتىم ئۇ مېۋىدىن رىسقلاندۇرۇلغان ۋاقىتتا، ئۇلار ئېيتىدۇ).

9) «كَلاَّ». ئۇنىڭ «كاف» نىڭ زەۋەر ئوقۇلۇپ «لام» نىڭ تەشدىدلىك كېلىشى، ئۇ بولسا رەددىيە بېرىش ۋە قايتۇرۇش سۆزى. ئەمما بەزى ۋاقىتتا «حقًا» مەنىسىدە ۋە «ألاَ»دىن ئىبارەت باشلاش مەنىسىدىمۇ كەپقالىدۇ.

10) «كلا وكلتا». بۇ ئىككىسى لەفزى جەھەتتە يەككە مەنا جەھەتتە ئىككىلىك. ئۇ ئىككىسى لەفزى ۋە مەنا جەھەتتىن ئىككىلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر سۆزىگە مەڭگۈ قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كلتا الجنتين (ئىككى جەننەتنىڭ ئىككىلىسى).

11) «كيفَ». ئۇ ① ساكىن قىلغۇچى ئىسىم شەرت. ئۇ لەفزى ۋە مەنا جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن ئىككى پېئىلنى ساكىن قىلىدۇ. مەسىلەن: كيف تجلس أجلس (قانداق ئولتۇرساڭ شۇنداق ئولتۇرىمەن)، بۇ كۇفىيىلىقلارنىڭ كۆز قارىشى. ② سوئال ئالماش مەسىلەن: كيف تكفرون بالله (سىلەر ئاللاغا قانداقمۇ تانىسىلەر؟) ۋە مبتدء ئۈچۈن ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئۈچۈن خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كيف أنت (سەن قانداق؟)، كيف كنت (قانداق ئىدىڭ؟) كيف ظننت زيد (زەيدنى قانداق ئويلايسەن).

ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كيف جاء زيدٌ (زەيد قانداق ھالەتتە كەلدى؟). ئۇ سىبۇەيھىنىڭ قارىشىدا داۋاملىق نصبنىڭ ئورنىدا كەلگەن رەۋىش دەپ قارىلىدۇ. سىيرافى ۋە ئەخفەشنىڭ قارىشىدا بولسا ئۇ ظرف ئىسىم ئەمەس. مبتدء بىلەن رفع ئوقۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىلىرى بىلەن نصب ئوقۇلىدۇ.

12) «كَيْ». ئۇ ① مصدر. ئەگەر لام ئۇنىڭ ئالدىغا تەقدىرەن ياكى ئاشكارا كەلسە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن يوشۇرۇن بىر «أن» بىلەن زەۋەر ئوقۇتىدۇ. ② سەۋەب ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدەك كېلىدىغان زامان پېئىلنى زەۋەر قىلغۇچىلارنىڭ بىرى.

## «ل» ھەرپىنىڭ ئون توققۇز خىل شەكلى

1. يەككە لام (اللام المفردة). ئۇ ئۈچ خىل. جرّ ئۈچۈن ئەمەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلغۇچى، ساكىن ئۇچۇن ئەمەل قىلغۇچى ۋە ئەمەل قىلمايدىغىنى، ئەمما جرّ ئۇچۇن ئەمەل قىلىدىغىنى بولسا ئۇ ئاشكارا ئىسمنى جرّ قىلىدۇ. مەسىلەن: للّه (ئاللا ئۈچۈن). ضميرلار بىلەن زەۋەر ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «لَكَ، لها». ئۇنىڭ يىگىرمە ئىككى مەنىسى بار: «الإستحقاق» (ھەقلىق بولۇش)، «والملك» (ئىگە بولۇش)، «والتمليك» (ئىگە قىلىش)، «والتعليل» (سەۋەب ئۈچۈن)، ئۇنىڭ قالغانلىرىنى مىساللىرى بىلەن باشقا ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋالغايسىز. ئەمما ساكىن ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغىنى بولسا ئۇ بۇيرۇقنىڭ ۋە دۇئانىڭ لامى. ئۇ يۇقىرىدا ساكىن قىلغۇچىلارنىڭ بابىدا ئۆتكەن. ئەمەل قىلمايدىغانلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇرلىرى بەش خىل: «لام الإبتداء» (باشلاشنىڭ لامى). مەسىلەن: لزيدٌ قائم (زەيد ئۆرە تۇرغۇچىدۇر).

«لَوْ»نىڭ جاۋابىدا كەلگەن ۋە «لَوْلاَ»نىڭ جاۋابىدا ۋە قەسەمنىڭ جاۋابىدا كەلگەن، مَحْذوف قەسەم ئۈچۈن كەلگەن، يىراقنى ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن أسماء الإشارة كە قوشۇلغان ۋە تەئەججۈپ ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن «لام» قاتارلىقلار.

2) «لا». ئۇ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ: «نافيه» (بولۇشسىز)، «ناهيه» (چەكلەش)، «زائده» (ئارتۇق). بولۇشسىز بولغىنى ئۇ بەش خىل بولىدۇ. ① دەلىل كەلتۈرۈش بىلەن ئۇز جىنسىنى بولۇشسىز قىلىش، ئۇ بولۇشسىز ئىسىملاردا مەخسۇس «أنَّ»نىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىسمى يەككە بولسا زەۋەرگە مەبنى بولىدۇ. ئەگەر مضاف بولسا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەرسى بولسا زەۋەر ئوقۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ مضاب مىساللىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان. ② «ليس» نىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ. ئۇ جىنسىنىڭ بولۇشسىز بولۇش ۋە شۇ نەرسىنىڭ بولۇشسىز بولۇش

ئېھتىمالى قىلىنىدۇ. ئۇ مەخسۇس نكرة ئىسىملاردىلا ئەمەل قىلالايدۇ. مەسىلەن: لارجلٌ فى الدّار ولا إمرأة (ھويلىدا ئەر كىشىمۇ ئايال كىشىمۇ يوق). ③ «العاطفة» باغلىغۇچى، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر بولۇشلۇق ياكى بۇيرۇق ياكى چاقىرىق قوشۇمچىسى كېلىشى كېرەك ۋە باغلىغۇچى بىلەن بىللە كەلمەسلىك، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى كېلىشى كېرەك. مەسىلەن: جاء زيدٌ لاعَمْروٌ (زەيد كەلدى ئەمرى ئەمەس). ④ «نعم» نىڭ قارىمۇقارشى جاۋابى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: أجَاكَ زيدٌ (زەيد يېنىڭغا كەلدىمۇ)؟ دېسەك، سىز لاَ (ياق) دەيسىز.⑤ يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. مەسىلەن: لاالشمس ينبغي لها أنْ تدرك القمر ولااللیل سابق النهار (كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى) كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس).

چەكلىگۈچى «لا» بولسا، ئۇ كېلىدىغان پېئىلغا خاس، ئۇ ئۇنىڭ ساكىن بولۇشىنى ۋە كەلگۈسىدە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: لاتقم (تۇرما)، لا يذهبْ زيدٌ (زەيد بارمىسۇن).

ئەمما ئارتۇق بولغىنى بولسا ئۇ پەقەت سۆزلەرگە ئۇنى كۈچەيتىش ۋە تەكىتلەش ئۈچۈنلا كىرىدۇ. مەسىلەن: ما منعك اذ رأيتهم ضلوا ألاَّ تتــبعني (ئۇلارنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقتىڭدا نېمىشقا ماڭا ئەگەشمەيسەن). مــا منعــك ألاَّ تســجدَ (سەجدە قىلىشتىن سېنى نېمە توستى؟) ۋە باشقىلار ...

3) «لاتَ». ئۇ «لــيس»نىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ ۋە پەقەت ئۇنىڭ ئىككى ئەمەل قىلىنغۇچىنىڭ بىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. كۆپىنچە ئۇ ئىككىسىنىڭ رفــع ئوقۇلغىنى چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پەقەت ۋاقىت ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار نەرسىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: لاتَ حين مناص (قاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس)، لاتَ ساعةَ مَنْدَمٍ (پۇشايمان قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس).

4) «لَوْ». ئۇ بەش خىل: ① چەكلەش، ② كەلگۈسى شەرت ھەرپى، ③ مصدر خاراكتېرلىك ھەرپ، ④ ئارزۇ قىلىش ھەرپى، ⑤ توغرا قىلىش ھەرپى.

① مىسالى: لو جاءني زيدٌ لأ كرمته (ئەگەر زەيد مېنىڭ قېشىمغا كەلسە، ئۇنى ھۆرمەتلەيتتىم). سىز دەيسىز «لَوْ» شەرت ھەرپى، ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى نەرسىنى چەكلەشكە ۋە تۆۋەندىكى نەرسىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۆتكەن زاماندا كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر شەرت بولۇشى ۋە «لَمْ» بىلەن بولۇشسىز بولۇپ كېلىدىغان زامانىنىڭ جاۋابى ياكى «ما» بىلەن بولۇشسىز بولغان ئۆتكەن زامانىنىڭ جاۋابى ياكى كۆپىنچە «لام» بىلەن بىللە كەلگەن ئېنىق بىر سۆز.

② مەسىلەن: وما أنت بمؤمن لنا ولو كناصادقين (بىز راستچىل بولساقمۇ، سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن)، سىز دەيسىز «لـــو» «إنْ»نىڭ ئورنىدىكى كەلگۈسى شەرت ھەرپى. ئۇنىڭ مىسالى: ولو كره المشركون (ئەگەر دىنسىزلار يامان كۆرسىمۇ)، ولو أعجبك كثرة الخبيث (نىجىسلىكنىڭ كۆپلۈكى سېنى ھەيران قالدۇرسىمۇ).

③ «أنْ»نىڭ ئورنىدا مصدر خاراكتېرلىك ھەرپ بولىدۇ، ئۇ كۆپىنچە ئەھۋاللاردا «وَدَّ، يَوَدُّ»دىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن: وَدّوا لو تُدْهِنُ فيدهنون (ئۇلار ئەگەر سەن ياخشى مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇلارمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ)، يَوَدُّ أحدهم لو يُعمَّرُ ألفَ سنة (ئۇلارنىڭ بىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ).

④ ئارزۇ ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: **لو تأتيني فتحدّثني** (قېشىمغا كەلسەڭ، ماڭا سۆزلەپ بەر)، **فلو أنّ لنا كرّةً** (ئەگەر بىزگە يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بولسا).

⑤ تەكلىپ ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: **لو تنزل عندنا فتُصيبَ خيرًا** (بىزنىڭ قېشىمىزغا چۈشسەڭ ياخشىلىققا ئېرىشسەن).

5) «**لَوْلاَ**». ئۇ ئۈچ خىل. ① بار نەرسىنى چەكلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: **لولا زيد لأ كرمتك** (زەيد بولمىغان بولسا سېنى هۆرمەتلەيتتىم). ئۇنىڭ يېنىغا پەقەت ئىسىم ياكى ئېغىر ياكى يېنىك «إنّ» كېلىدۇ. ئۇنىڭ جاۋابى: «ما» بىلەن بولۇشسىز بولغان ئۆتكەن زامان پېئىلى ياكى «لام» بىلەن بىللە كەلگەن ئېنىق ئىسىم بولىدۇ. دەلىل ئۈچۈن ئۇنىڭ جاۋابى چۈشۈپ قېلىشى توغرا.

② ئۇندەش ۋە توغرىلاش ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇ كېلىدىغان زامان پېئىلىغا خاس. مەسىلەن: **لولا تستغفرون الله** (سىلەر ئاللاتىن نېمىشقا مەغپىرەت تەلەپ قىلمايسىلەر؟)، **لولا أخرتني إلَى أجل قريب** (پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (يەنى ئۆلۈممىنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ؟)

③ كايىش ئۈچۈن ۋە پۇشايمان يېگۈزۈش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇ ئۆتكەن زامانغا خاس بولىدۇ. مەسىلەن: **لولا جاءُوا عليه بأربعة شهداء** (ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟)

6) «**لو ما**». ئۇ «**لو لا**»غا ئوخشاش.

7) «**لم**». ئۇ بولۇشسىز هەرپى، كېلىدىغان زامان پېئىلىنى بولۇشسىز قىلىدۇ ۋە ساكىن قىلىش هەرپى كېلىدىغان زامان پېئىلىنى ساكىن قىلىدۇ. ئۇرۇش هەرپى ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆتكەن زامانغا ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ سىزنىڭ «**قد فعل**» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۆزنىڭمىزنى بولۇشسىز قىلىدۇ.

